دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر خەزىنىسى

# مەن مۇشۇك

(ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نۇسخىسى)

ئەسلى ئاپتورى: **ناتسۇمى سوسېكى (ياپونىيە)**
ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: **شۆ تاڭ**
تەرجىمە قىلغۇچى: **دىلنۇر ئېلى**



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

本书根据上海人民美术出版社2016年6月第4版第5次印刷版本翻译出版。

مۇھەررىرى: **ئابدۇرەھىم رۇستەم**
مەسئۇل مۇھەررىرى: **پازىلجان مۇسا**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر خەزىنىسى
**مەن مۈشۈك** (ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نۇسخىسى)

ئەسلى ئاپتورى: ناتسۇمى سوسېكى (ياپونىيە)
ئۆزگەرتىپ يازغۇچى: شۆ تاڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: دىلنۇر ئېلى
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 ـ 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 11.375
نەشرى: 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
باھاسى: 29.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«مەن مۈشۈك» ياپونىيە يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئەدىب ناتسۇمى سوسېكىنىڭ تۇنجى ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر 1905- يىلى ئېلان قىلىنغان، شۇنداقلا ياپونىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆچمەس كىلاسسىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. قولىڭىزدىكى ئەسەر ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئەسلى ئەسەر ئاساسىدا قىسقارتىلىپ تەييارلاندى.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى نامرات ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكى بىر مۈشۈك، ئەسەردە «جانلاندۇرۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق، مۈشۈكنىڭ كۆزى بىلەن ئىنسان پىسخىكىسىدىكى بەزى ئاجىزلىقلار يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى — تەپەككۇر قىلالايدىغان، كۆپنى كۆرگەن، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر مۈشۈك، ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە چاشقان تۇتۇشنى ئۆگىنەلمىگەن.

ئەسەردە بايان قىلغۇچى، باھالىغۇچى ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن مۈشۈك ئاپتور ناتسۇمى سوسېكى ياشىغان 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى «زامانىۋى مەدەنىيەت»نى كۆزىتىپ، ئۇنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل ئارقىلىق، كەمسىتكەن، مەسخىرە قىلغان. شۇ دەۋردىكى زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىۋى قىم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ مۈشۈكنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان. ئەسەردىكى مەسخىرىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئەينى دەۋردىكى ياپونىيە زىيالىيلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرى يوشۇرۇنغان. ناتسۇمى سوسېكى «مەن مۈشۈك» ناملىق بۇ ئەسەردە بەزى تەپ- سىلاتلارنى بىرئاز مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەينى دەۋر رېئال تۇرمۇشىدىكى مىشچانلىقنى قامچىلاشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان.

بەزى ئوبزورچىلار «مەن مۈشۈك»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ: «غەربنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزىنى بىلىش، يامان ئادەتلەردىن نەپرەتلىنىش ئە- دىبەسى ناتسۇمى سوسېكىنىڭ قەلىمىدە يۇغۇرۇلۇپ، مانا مۇ- شۇنداق كىلاسسىك ئەسەر مەيدانغا كەلگەن.»

«مەن مۈشۈك» تە، سىيۇژىتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئەمەس، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكىسىنى مۇقىم- لاشتۇرۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ ھەرگىز ۋەقەلىك ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئەسەر ئەمەس، ئۇنىڭ مۇ- ۋەپپەقىيىتى دەل مارجاندەك تىزىلغان دىيالوگلار توپىنى ئەپ- چىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدا. ئەسەردە مۈشۈكنىڭ خا- راكتېرى بىلەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى سۈرەت- لەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئەسەرنى ئوقۇغان كى- شى خۇددى ھەجۋىي رەسىم كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. نە- پىس، يۇمۇرلۇق تىل ئوقۇرمەننى ئۆزىگە ئالاھىدە مەھلىيا قىلى- دۇ، ئەسەرنىڭ ھەربىر بابىدىن ھەسرەت - نادامەتنىڭ كۆلكە سا- داسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ......

# 1

مەن بىر مۈشۈك. ھازىرغىچە ئىسمىم يوق.

نەدە تۇغۇلغان دەمسىز؟ بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، قاراڭغۇ، زەي بىر يەردە تۇغۇلغانلىقىم غۇۋا يادىمدا. شۇ جايدا تۇنجى قېتىم ئادەمنى كۆرگەن، كېيىن بۇرادەرلىرىمدىن ئاڭلىسام ئۇ بىر بالا خىزمەتكار ئىكەن، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ رەھىمسىزلەردىن بولۇپ، ئۇ بىزدەكلەرنى تۇتۇۋالسا پىشۇرۇپ يېۋېتىدىكەن، شۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايدىغان بولغاچقا، ماڭا ئۇ ئىشلار ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق بىلىنمىگەن. ئۇ مېنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، غاچچىدە كۆتۈرۈۋېدى، مىياڭلاپ كەتتىم، بوشلۇقتا ھودۇقۇپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم.

بالا خىزمەتكارنىڭ ئالىقىنىدا ئۆزۈمنى ئازراق رۇسلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئادەم دېگەن غەلىتىلا بىر مەخلۇق ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە گەپ كەتمەيتتى، يۈزلىرىدە تۈكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مەن نۇرغۇن مۈشۈكلەرنى ئۇچراتقان، لېكىن مۇنداق سەت چىرايىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

بالا خىزمەتكارنىڭ ئالىقىنىدا بىردەم راھەت يېتىۋالدىم، لېكىن ھايال ئۆتمەي، تويۇقسىزلا پىرقىراپ كەتتىم، ئۇ مىدىرلىدىمۇ ياكى ئۆزۈممۇ پەقەتلا بىلەلمىدىم، ئۈچەي - باغرىم ئالمىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى، ئەمدى تۈگەشتىم، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، «پوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆزلىرىم چەكچىيىپ، پىرقىراشتىن توختىدىم، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدىم، خۇدۇمنى
بىلمەي يەردە يېتىپ قالدىم......

ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، بالا خىزمەتكار يوق، مۇشۇك-
لەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇنى ئاز دەپ ئاناممۇ ئىز - دېرەكسىز غا-
يىب بولغانىدى. ۋايجانلىغىنىمچە سىرتقا قاراپ ئۆمىلىدىم، پۈ-
تۈن بەدىنىم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى، ئەسلىدە پاخال دۆۋىسى ئۈس-
تىدىن بامبۇكلۇققا يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن.

مىڭ تەستە بامبۇكلۇقتىن ئۆمىلەپ چىققىنىمدا چوڭ
بىر كۆلچەك كۆزۈمگە چېلىقتى. ئېگىنىشىپ ئازراق سۇ ئىچىۋ-
ۋالدىم، مىياڭلاپ ئۈستىبېشىمدىكى يارىلارنى يالاپ قويدۇم. بەدى-
نىم موي بىلەن قاپلانغاچ كىشىلەر بەدىنىمدىكى جاراھەتلەرنى
كۆرەلمەيتتى، بۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى - دە، ئىختى-
يارسىز مىياڭلاپ كەتتىم. سوغۇق شامال بىلەن تەڭ غازاڭلار
تۆكۈلۈشكە باشلىدى. جېنىم ئاز قالغاندەكلا بىلىنىدى، قورسى-
قىمنىڭ ئاچقىنىدىن يىغلىغۇدەك ھالىممۇ قالمىدى. ئاخىر
يەيدىغان نەرسە تېپىش قارارىغا كەلدىم.

ئاغرىققا قارىماي كۆلچەكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاۋايلاپ ئۆت-
تۈم. ھەقىقەتەن بەك قىينالدىم، لېۋىمنى چىشلەپ ئۈستىگە قا-
راپ ياماشتىم. مېنى خۇش قىلغىنى بىلىپ - بىلمەي ئادەم بار
يەرگە چىقىپ قاپتىمەن. ئۈستىگە چىقىپ باقسام بىرەر ئامال
چىقىپ قالار دېگەن مەقسەتتە رېشاتكىنىڭ قىسىلچىقىدىن ئۆ-
تۈپ ھويلىغا كىردىم. تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، ئەگەر
مۇشۇ قىسىلچاق بولمىغان بولسا، مەن كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ
قالغان بولاتتىم، بۇ قىسىلچاق ھازىرغىچە قوشنا ئۆيدىكى مۇ-
شۇكگۇل بىلەن دىدارلىشىشتىكى يولۇم بولۇپ قالدى.

ھويلىغىغۇ كىردىم، ئەمما نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم، نېمىلا دېگەنبىلەن مەن تېخى كىچىك - تە، ھازىرغىچە ئۆزۈم مۇستەقىل ئوزۇق ئىزدەپ باقمىغان تۇرسام. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، توڭلىغاننى ئاز دەپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئامال يوق ئاخىر يورۇق چۈشكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

مەن ئاخىر بالا خىزمەتكاردىن باشقا ئادەملەرنىمۇ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ ھويلىدا تۇنجى بولۇپ ئۇچراتقىنىم خىزمەتكار ئايال بولدى. ئۇ بالا خىزمەتكاردىنمۇ قەبىھ ئىدى، مېنى كۆرۈپلا بويتۇمدىن تۇتقان پېتى دەرۋازا سىرتىغا ئاتتى. «مىياۋ - مىياۋ!» ئەمدى تۇگەشتىم، دەپ ئويلىدىم.

جېنىم راستلا چىققەن، تەستە مىدىرلاپ، خىزمەتكار ئايال دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە غىپپىدە ئاشخانىغا كىرىۋالدىم، لېكىن ھايال ئۆتمەي ئۇ مېنى بايقاپ قېلىپ، يەنە كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتى، ئارقا - ئارقىدىن تۆت - بەش قېتىم شۇنداق قىلغىنى يادىمدا. بۇ ئايالغا چىش - تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولدۇم. نەچچە كۈن ئالدىدا ئۇنىڭ بىلىقىنى ئوغرىلىۋالدىم، ئۆزۈمچە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى.

ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ تاشلاي دېگەندە بۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنى ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ؟

خىزمەتكار ئايال مېنى كۆتۈرگىنىچە غوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ماۋۇ ياۋا مۇشۇكنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتسەممۇ يەنە ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ، مېنى جىلە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غوجايىن بۆرۈتىنى سىلاپ قويۇپ، ماڭا سەپسېلىپ قارى-
ۋەتكەندىن كېيىن:
— ئۇنداق بولسا ئۇنى بېقىۋالايلى، — دېدى - دە، ئۆيگە
كىرىپ كەتتى.
ئادەملەر ئەسلىدە ئۇنچە ئەسكىمۇ ئەمەسكەن! شۇنداق قى-
لىپ مېنىڭ يېڭى ئۆيۈم بار بولدى.
غوجايىن ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ-
لا كىتابخانىسىغا كىرىپ كەتسە، بوسۇغا ئاتلاپ سىرتقا چىقىپ-
مۇ قويمايتتى. ئۆيدىكىلەرى ئۇنى ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا دەخلى قىلمايتتى. پەقەت
مەنلا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدىم، پات - پات ئۇنىڭ قېشىغا
كىرىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇغا ئامراقلىقىنى پەقەت
مەنلا بىلەتتىم، ئۇ بەزىدە كىتاب ۋاراقلىرىغا شۆلگەيلىرىنى ئې-
قىتىپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى بار ئىدى،
شۇڭا تېرىسى بىرئاز سارغۇچ كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇ قورساققا
ئامراق ئىدى، تاماقنى سىڭدۈرەلمىسە ھەزىم قىلىش دورىسى
ئىچىپ ئارقىدىنلا يەنە كىتاب ئوقۇشقا باشلايتتى، 2 — 3 بەت
ئوقۇ - ئوقۇمايلا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ خورەككە چۈشەتتى.
ئۇ مانا مۇشۇنداق كېچە - كۈندۈز دەرس تەكرارلىغان قىياپەتكە
كىرىۋالاتتى.
ئوقۇتقۇچىلىق نېمىدېگەن راھەت كەسىپ. ناۋادا قايتا يا-
رىلىشىمدا ئادەم بولۇپ قالسام ئوقۇتقۇچى بولماي قويمايمەن.
ئۇخلاش خىزمەت قىلغانلىق بولسا، بۇ ئىشنى مۈشۈكلەر ئالا-
مەت قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ - دە. لېكىن غوجايىن ئوقۇتقۇچىلىقنى
جاپالىق كەسىپ دەپ ۋايسايتتى. دوستلىرى يوقلاپ كەلسە، جا-
ھانىنىڭ ئىشلىرىدىن نارازى بولۇپ قاقشاپ كېتەتتى.

مەن بۇ ئائىلىگە يېڭى كەلگەندە، غوجايىنىدىن باشقا ھەممە ئادەم ماڭا ئۆچ ئىدى. ئۇلار ئۇياق - بۇياقتا ئۆتكۈچە مېنى تېپىۋېتىپ، قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالاتتى. ئويلاپ باقسام، ئۇلار ھازىرغىچە ماڭا ئىسىم قويماپتۇ، بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولماي نېمە؟ شۇڭا مەن ئامالسىز خوجايىنغا ھەمراھ بولاتتىم. ئۇ گېزىت ئوقۇسا ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم، ئۇ ئارام ئالسا كەينىدە تۈگۈلۈپ ياتاتتىم. غوجايىنغا ئامراقلىقىمدىن ئەمەس، باشقىلارنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىغاچقا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم.

كېيىنچە خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم، پائالىيەت دائىرەممۇ چوڭىيىشقا باشلىدى. ئەتىگەندە تۈۋاقنىڭ ئۈستىدە، كېچىسى مەشنىڭ تۈۋىدە، چۈشتە لەمپە ئاستىدا ئۇخلايدىغان بولدۇم. ھەممىدىن خۇش بولغىنىم، كېچىسى بالىلار بىلەن بىر يوتقاندا ئۇخلاش بولدى. بۇ ئۆيدىكى ئىككى قىزچاقنىڭ بىرى بەش ياش، يەنە بىرى ئۈچ ياش بولۇپ، قارىماققا مەندىن 2 — 3 ھەسسە چوڭ كۆرۈنەتتى. كېچىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزۈم سىغقۇدەك جاي تېپىپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ قىسىلىپ كىرىۋالاتتىم. بۇ چاغدا ناھايىتى ئېھتىيات قىلمىسام بولمايتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە تېگىپ كېتىپ، ئۇلارنى ئويغىتىۋېتىدىغان بولسام، بېشىمغا بالا تېپىۋالاتتىم. بۇ ئىككى قىزچاق قورقۇنچاق ئىدى، بولۇپمۇ كىچىكى بەكلا توخۇ يۈرەك ئىدى، يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كەتسە چىرقىراق ئاۋازى بىلەن:

— مۇشۇك باركەن، مۇشۇك كەلدى! — دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

مەن يا يولۋاس بولمىسام ئۇنچىۋالا قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەمەلىيەتتە ئادەم ھەممىدىن قورقۇنچلۇق! ئۇلارنىڭ ۋار-

www.uyghurkitap.com

قىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسەل-
لىكى بار غوجايىن ئويغىنىپ، ياندىكى ئۆيدىن قويۇندەك يۈگۈرۈپ
كىرەتتى. ھە راست! ئۇ بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال مۇشۇ ئىش سەۋەب-
لىك سىزغۇچ بىلەن كاسامغا راسا سالدى.

ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىكەن.

مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغان ئىككى قىزچاق تېخىمۇ
شۇنداق ئىدى. ئۇلار خۇشال بولۇپ كەتسە قويرۇقۇمدىن تۇتۇپ
بېشىمنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئوينايتتى ياكى خالتىنى بې-
شىمغا كىيدۈرۈپ، ئۇياقتىن - بۇياققا تاشلايتتى، بەزىدە تېخى
مېنى ئوچاقنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتەتتى، مېنىڭ قانداق بولۇشۇم
بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايتتى. مەن قارشىلىق كۆرسىتىپلا
قويسام، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، مېنى سۈر-
توقاي قىلىپ، مەندىن ئۆچ ئالماي قويمايتتى.

مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى ئۆيدە تۇرىدى-
غان ئاق مۈشۈك يەڭگىنى بەك ھۆرمەت قىلىمەن. ھەر قېتىم
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ ماڭا:

— غەرەز ئۇقماسلىقتا ھېچكىم ئىنسانلارغا يەتمەيدۇ! —
دەيتتى.

ئاق مۈشۈك يەڭگەم يېقىندا ئاق قاشتېشىدەك ئاسلاندىن
تۆتنى ئاسلانلىغانىدى، ئاڭلىسام ئۈچىنچى كۈنى شۇ ئائىلىدىكى
بالا خىزمەتكار ئۇ تۆت ئاسلانچاقنىڭ ھەممىسىنى ئۆينىڭ كەي-
نىدىكى كۆلچەككە تاشلىۋېتىپتۇ. ئاق مۈشۈك يەڭگەم كۆز
ياشلىرىنى ئېقىتىپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بىز مۈشۈكلەر ئىنسانلارغا جەڭ ئېلان قىلمىساق بول-
مىدى، ئۇلارنى چوقۇم يوقىتايلى، — دېدى.

مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇ گېپى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق.
— ئىنسانلار ئىگىدارلىق ھوقۇقى دېگەننى بىلمەيدۇ، بىز مۇشۇكلەردە، مەيلى بېلىق بېشى ياكى بېلىق قورسىقى بولسۇن كىم باشتا بايقىغان بولسا شۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. لېكىن ئىنسانلاردا بۇنداق ئۇقۇم يوق. بىز بايقىغان مەززىلىك يېمەكلىكلەرگە ئۇلار ئىگە بولۇۋالىدۇ، ئۇلارنى كۈچلۈك ساناپ بىزگە تەئەللۇق ئوزۇقلۇقلارنى بۇلاپ كېتىدۇ، ئىنسانلار ھەقىقەتەن بەكلا ياۋايى، —دېدى. قوشنا ئۆيدىكى مۇشۇك مىكېكونىمۇ:
ئاق مۇشۇك يەڭگەم بىر ھەربىينىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، مىكېكونىڭ غوجايىنى بىر ئادۋوكات. ھەي!
— ئىنسانلار نوچىلىق قىلىۋەرمەس، مۇشۇك دەۋر سۈردىغان جاھانمۇ كېلەر بىر كۈنى!
مەن شۇنداق دەپ ئۇلارغا تەسەللى بەردىم، ئېھتىمال بۇنداق دەپ ئۆزۈمنى بەزلىگەندىمەن.
ئۆز بېشىمچىلىق توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى، غوجايىنىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ تارتقان ئازابلىرىنى سۆزلەپ بېرەي: غوجايىنىمنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغۇدەك ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىمۇ يوق، لېكىن ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ قۇرۇق گەپنى جىق قىلىدۇ. مەسىلەن، «كاككۇك» ژۇرنىلىغا ماقالە ئەۋەتتىم، يېڭى شېئىرىمنى «چولپانلار» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم، ئىنگلىزچە ماقالىلەردە گىراماتىكىلىق خاتالىق كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ دېگەندەك...... ئۇ بەزىدە ئالىتاغىل ناخشا توۋلىسا، يەنە بەزىدە ئىسكىرىپكىنى ئېگىز - پەس چېلىپ، بىز مۇشۇكلەرنىمۇ بىزار قىلىدۇ. ھەر قېتىم يېقىمسىز ئىسكىرىپكا ئاۋازىنى ئاڭلىسام بەدەر قاچىمەن - دە، ئۆگزىگە چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىۋالىمەن.

مائاش تارقاتقان كۈنى ئۇ يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ كەلدى. ئۇ سۇ بوياق رەسىم سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان پەي قەلەم، رەسىم قەغىزى دېگەندەك بىر پاتمان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ ناخشا ئېيتىشنى، تەنە گەپ قىلىشنى، ئادەملەرنى، ھەتتا بىزنىمۇ بىزار قىلغان ئىسكىرىپ-كا چېلىشنى تاشلاپ، رەسىم سىزىشقا ئىشتىياق باغلىغاندەك قىلاتتى، دەرۋەقە، ئۇ ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ كىتابخانىسى-دىن چىقماي رەسىم سىزىشقا چۈشتى. ئۇ سىزغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ مىياڭلاپ كەتتىم، زادى نېمە سىزغىنىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ سىزغىنى بېلىق ئەمەس ئىدى، سىزغانلىرى ئۆزىگىمۇ يارىغاندەك ئەمەس. بىر كۈنى غوجايىن-نىڭ بىر دوستى بۇ ئۆيگە كەلدى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىم-غا كىرىپ قالدى.

— رەسىم سىزىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەسكەن! باشقىلار-نىڭ سىزغىنىغا قارىسا ئوڭاي بىلىنگىنى بىلەن ئۆزى سىزغان-دا ئۇنىڭ ئوڭاي ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدىكەن، — دېدى غوجايىنىم ئۇھ تارتىپ.

غوجايىنىنىڭ دوستى ئالتۇن قىرلىق كۆزئەينىكىنى تۈ-رۈپ - تۈرۈپ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

— شۇنداق، دەسلىپىدىلا ياخشى سىزىپ كەتكىلى بولماي-دۇ. ئۆيدە قۇرۇق خىيالنى قىلىپ ئولتۇرۇپ رەسىم سىزىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئىتالىيەلىك رەسسام ئاندورىيا مۇنداق دېگەن: «رەسسام تەبىئەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن گۈزەل، زېمىنمۇ رەڭدار؛ قۇشلار، جانلىقلارمۇ تەبىئەتكە ھۆسن قوشىدۇ؛ كۆلچەكتىكى بېلىقلارمۇ ھەم شۇن-

داق.» تەبىئەتنىڭ ئۆزى بىر گۈزەل مەنزىرە، قانداق دېدىم؟ ئەگەر تۈزۈكرەك بىر پارچە رەسىم سىزىش خىيالىڭىز بولسا، ئالدى بىلەن جانلىقلارنى سىزىشتىن باشلاڭ! — دېدى.

غوجايىنىغا ئۇنىڭ سۆزى ياراپ كەتتى، ئەمما رەسسامنىڭ ئالتۇن قىرلىق كۆزئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مەسخىرە كۈلكىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مىياۋ، ئىنسانلار بەزىدە ھەقىقەتەن......

ئىككىنچى كۈنى ئادىتىم بويىچە لەمپە ئاستىدا چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدىم. ئويغىنىپ قارىسام، غوجايىن دوستىنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئېلىپ، مېنى سىزغىلى تۇرۇپتۇ. مىياۋ! ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، ئۆزۈمنى باسالماي كۈلۈپ تاشلىدىم. ئۇ دوستىنىڭ گېپى بويىچە ئىشنى مەندىن باشلىغاندەك قىلاتتى.

ئەسلىدە ئۇيقۇمغا قانغانىدىم، شۇنچە ئەسنىگىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن غوجايىن دىدارىمنى سىزىۋاتقاچقا مىدىرلاشقا پېتىنالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن قاپىقىمنى لىپىلدىتىپ قويۇپ، چۈشلۈك ئۇيقۇنى داۋام ئەتتىم. كۆڭلۈمدە، ئۇ مېنىڭ كۆرۈنۈشۈمنى سىزىۋاتامدىغاندۇ ياكى يۈزۈمگە رەڭ بېرىۋاتقانمىدۇ؟ زادى قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن سىزىپ بولار؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم، غوجايىنىم سەت سىزىپ قويمىسۇن دەپ مىدىرلىماسلىقتا تىرىشتىم.

راست گەپنى قىلسام، مۈشۈكلەرنىڭ ئىچىدە بەك چىرايلىقمۇ سانالمايمەن، مەيلى بەدەن قۇرۇلۇشۇم، رەڭگىم ياكى يۈز شەكلىم بولسۇن مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىمەن دېيەلمەيمەن. ئەمما غوجايىن سىزغان رەسىمدىكى قىياپىتىمگە قاراپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم، سەت بولسامۇ غوجايىن سىزغاندەك ئۇنچىۋالا سەت ئەمەس ئىدىم. باشقا گەپنى قويۇپ

تۇراي، رەڭگىمۇ توغرا ئىشلەتمەپتۇ، قىياپىتىم پارس مۇشۇكىـ.
نىڭكىگە ئوخشاش سۇس كۇل رەڭ، مويلىرىم ئازراق چىپار ئىـ.
دى، بۇلاردىن مۇشۇكلەر ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ئىكەنلىـ.
كىمنى بىلىنىپلا تۇراتتى، بۇ گەپ كەتمەس ھەقىقەت ـ تە! ئەمما
غوجايىن ئىشلەتكەن رەڭ سېرىقمۇ، قارىمۇ ئەمەس؛ كۇل رەڭمۇ،
خورما رەڭمۇ ئەمەس. ئارىلاشما رەڭمىكىن دېسەم ئۇنداقتەكمۇ
تۇرمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنى رەڭ دېگىلى بولمايتتى. رەسىمدە
كۆزۈمنىڭ يوقلۇقى قاتتىق غەزىپىمنى كەلتۈردى. ئۇخلاۋاتقان
ھالىتىمنى سىزغان تەقدىردىمۇ كۆزۈمنىڭ ئورنى بولسىمۇ
سىزىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ باشقىلار مېنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىمنى
بىلمىسە، ئېنىقلا كۆزى يوقكەن دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ بۇ مېنى
ھاقارەت قىلغانلىق بولماي نېمە؟!

ئاندورىيانى دورايمەن دېگىنىڭ بىلەن ھالىڭ شۇنچىلىك!
دېدىم ئىچىمدە. ئۆزۈمنىڭ غوجايىن قەلىمى ئاستىدىكى ئوبرا ـ
زىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مودېل بولۇشتىن يالتايدىم، ئۇنىڭ ئۇسـ.
تىگە كىچىك تەرىتىم قىستاپ چىدىيالماي قالدىم، ئىككى پۇـ.
تۇمنى ئالدىغا سوزۇپ، بوينۇمنى مىدىرلىتىپ، مىياڭلاپ، ئەسـ.
نەپ، جىمجىتلىقنى بۇزدۇم، غوجايىن دىققەت قىلمىغان پۇرـ.
سەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆينىڭ كەينىگە ھاجەتكە قاچتىم. بۇ
چاغدا غوجايىن ئۈمىدسىزلىكتىن غەزەپلىنىپ:

— ئەبلەخ! — دەپ تىللاپ كەتتى.

غوجايىنىنىڭ بىر ئادىتى، ئادەم تىللىغاندا «ئەبلەخ» دەپ
تىللايتتى، چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن باشقا ئادەم تىللايدىغان سەت
گەپلەرنى بىلمەيتتى. بۇنىڭغا نېمە ئامال! لېكىن ئۇ باشقىلار ـ
نىڭ قانداق ھېس قىلىشى بىلەن پەقەتلا ھېسابلاشمايتتى. ئاغـ.
زىمغا كەلدى دەپ «ئەبلەخ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ ئادەم تىلـ.

لايىتتى، بۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقانلىق - تە. كىچىك تەرىتى
قىستاپ، سىرتقا ماڭغان مۈشۈكنىمۇ «ئەبلەخ» دەپ تىللامدۇ؟
ئاغزى نېمە دېگەن يامان! ئادەملەر ئۆزىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئە-
گەر ئىنسانلاردىن كۈچلۈكرەك بىرەر جانلىق پەيدا بولۇپ ئۇلار-
نى تۈزىمەيدىغان بولسا، بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خورىكى ئۆ-
سۈپ نەگىچە بارىدىكىنتاڭ!

ئىنسانلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم! ئۇ-
لارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ئەخلاقسىزلىقى ئالدىدا ھېچ گەپ ئە-
مەس! مەن تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئارقىسىدا چاسا شەكىللىك بىر
چايزارلىق بار، ئۇ مەن ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان جىمجىت، كۆڭۈل-
دىكىدەك جاي. بۇ ئۆيدىكى بالىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ، چۈش-
لۈك ئۇيقۇمنى ھارام قىلسا ياكى ئىچىم پۇشۇپ قالسا ۋەياكى
كۆڭلۈم ئازار يەپ قالسا چايزارلىققا بېرىپ كەيپىياتىمنى تەڭ-
شەيتتىم، مۈشۈنداق قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدىم.

كەچ كۈزنىڭ ئىللىق بىر كۈنى ئىدى، چۈشلۈك تاماقتىن
كېيىن، بىر ئۇخلىۋېلىپ، ئاستا چايزارلىققا چىقىپ، يوپۇرماق-
لارنى پۇرىغاچ، چىتلاق تامنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، يوغان بىر
قارا مۈشۈك كۆزۈمگە چېلىقتى، ئۇ قۇرۇپ قالغان جوخار گۈل
شاخلىرىنى مىجىپ يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ مې-
نىڭ يېقىنلاشقىنىمنى سەزمىگەندەك قىلاتتى ياكى سەزگەن
بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بە-
خىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ نەسىللىك قارا مۈشۈك ئىدى. ئۇنىڭ
مويلىرىغان چۈشكەن چۈشتىكى قۇياش نۇرى كۆزنى قاماشتۇ-
رۇپ، ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بەستى
قاۋۇل، مويلىرى پارقىراق بولغاندىن باشقا، بېشى مېنىڭكىدىن
بىر ھەسسە چوڭ ئىدى، ئۇنى مۈشۈ قاۋۇل بەستى بىلەن مۈشۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھى ياكى مۇشۇكلەر ئىچىدىكى يولۋاس دىسەك تامامەن بو-لاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋىقىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ قورۇغا ئۇسۇپ كىرىپ، شۇنچە خاتىرجەم ئۇخلىغىنىغا قاراپ ئۇنىڭ با-تۇرلۇقىغا ھەيران قالدىم.

كۆز شامىلى بىلەن تەڭ چىنار شاخلىرى ئۇسسۇلغا چۈش-تى، قۇرۇپ قالغان ئىككى - ئۈچ تال يوپۇرماق جۇخار گۈللىرى ئۈستىگە چۈشتى. ھېلىقى قارا مۇشۇك كۆزلىرىنى يولۋاستەك يوغان ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزى كىشىلەر ياقتۇرىدىغان كەھرىۋادىن-مۇ پارقىراق، چىرايلىق ئىدى. ئۇ مىدىر قىلماي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، پۈتۈن دىققىتىنى مەندەك بىر ئاجىزغا قارىتىپ:

— سەن ئۆلگۈر نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟— دىدى.

ئۇنىڭ مۇشۇك پادىشاھىدەك سالاپىتى بولغان بىلەن، ئاغ-زى بىزەپ ئىكەن! ئۇنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئىتتىنىمۇ قورقىتىد-غاندەك قىلاتتى. مەن ھودۇقۇپ كىتىۋاتقان بولساممۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— مەن بىر ئاسلان، ھازىرغىچە ئىسمىم يوق.

ئەمما شۇ ئەسنادا يۇرىكىم قىپپىدىن چىقىپ كىتىدىغاند-دەك تېز سوقۇپ كەتتى. مۇشۇك پادىشاھ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ:

— سەن مۇشۇكما تېخى؟ زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، سەن نەدە تۇرىسەن؟ — دىدى ئۇ ئەتراپىدا ئادەم يوقتەكلا ۋارقىراپ.

ئۇ ئىنىقلا مېنى ھاقارەتلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ گېپى غوجاي-نىمنىڭ مېنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ سىزغىنىدىنمۇ ئېغىر كەل-دى، لېكىن مەن يەنىلا ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. نېمىلا دىگەنبىلەن مەن ساپالىق ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقان، تەربىيە كۆرگەن مۇشۇك - تە.

— مەن مۇشۇ يەردىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن.

— ھالىڭغا قاراپ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان!

مۈشۈك شاھى گەپنى ھەيۋە بىلەن قىلاتتى، مېنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمىغاندەك ئىدى، ئۇنىڭ سېمىز تۇرقى، يەنە تېخى پارقىراق مويلىرىدىن، ئېسىل يېمەكلەرنى يەپ، باياشات ياشايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سىز نەدە تۇرىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مەن ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكى بولىمەن! — دېدى ئۇ ئاغزىنى سۈرتكەچ.

ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكىنىڭ ياۋايىلىقىنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىشەتتى، گەپ - سۆزلىرىدىن تەربىيە كۆرمىگەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى، ئەتراپتىكى مۈشۈكلەر ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلاتتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مۈشۈك شاھى ماڭا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ نادانلىقىنى تۆۋەندىكى دىيالوگلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

— ھارۋىكەش بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قايسىسى نوچى؟

— ئەلۋەتتە ھارۋىكەش نوچى - دە! سېنى غوجايىنىڭ تۇزۇك باقمىغاچ، سۆڭىكىڭ كۆرۈنۈپ قالايلا دەپتۇ.

— ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ مۇشۇنداق قاۋۇللىشىپ كېتىپسىزدە. قارىغاندا ھارۋىكەش ئائىلىسى سىزنى ئوبدان بېقىۋېتىپتۇ.

— نېمە؟ پېقىر نەگىلا بارماي يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايمەن. سەنمۇ چايزارلىقتا چۆرگۈلەپ يۈرمەي ماڭا ئەگەش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەك بىر ئايغا قالماي باشقىلار تونۇيالمىغۇدەك سەمرىپ كېتىسەن.

— بۇندىن كېيىن كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلارسىز! ئەمدى ئۆيىنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيى هارۋىكەشنىڭكىدىن ئازادىرەك!

— ئەبلەخ! ئۆي يوغان بولسا قورساق تويامدىكەن؟

ئۇ غەزەپلىنىپ قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، قۇيرۇقلىرىنى پولاڭلىتىپ، كۆرەڭلىگەن هالدا كېتىپ قالدى.

قارا مۇشۇكنىڭ تەربىيە كۆرمىگىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا كۆڭلى تۈز ئىدى، ئىنسانلاردەك هىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى.

هارۋىكەشنىڭ مۇشۇكى بىلەن شۇ ئىشتىن كېيىن سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن، قارا مۇشۇك بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئىلگىرى هە دېسىلا ئىنسانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرىدىغان قارا مۇشۇك هەر قېتىم كۆرۈشكەندە هارۋىكەشنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋېتەتتى.

بىر كۈنى قارا مۇشۇك بىلەن چايزارلىقتا مۇڭدىشىپ ياتقۇق، ئۇ «چىشى چۈشۈپ كېتىش»تەك شەرەپلىك تارىخىنى ماختىنىپ سۆلەپ بەردى. ئارقىدىن مەندىن سورىدى.

— شاكىچىك، هازىرغىچە قانچە چاشقان تۇتتۇڭ؟

پو ئاتقىنىم ئەمەس، بىلىم جەھەتتە مۇشۇ ئەتراپتىكى مۇشۇكلەر ئىچىدە خېلى سەۋىيەلىك هېسابلىنىمەن. كىچىكلۈكلۈك، يۇرەكلىكلىكتە ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىم ئېنىق. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى. يالغان ئېيتسام بولمايدۇ - دە، ئۇنىڭ سوئالىغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەردىم.

— راستىمنى ئېيتسام، ھازىرغىچە بىرمۇ چاشقان تۇتۇپ باقمىدىم، لېكىن تۇتۇپ باققۇم بار، ئەمما تېخى ھەرىكەتكە كەلمىدىم.

مىياۋ - مىياۋ! قارا مۈشۈك بۇرۇتلىرىنى تىترىتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

قارا مۈشۈك ياۋايى بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەخمەق قىلىش بەك ئاسان، ھەيۋە قىلغاندا يېڭىلگەن قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىزلا ئۇ ئالدىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى، ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى تېزلا بايقىۋالدىم. ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي شەرەپلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ بەرسىڭىزلا كۇپايە. شۇنداق قىلىپ مەن گەپنى يۇمشاق باشلىدىم:

— بۇرادەر، سىز ناھايىتى ئىززەت - ئابرۇيلۇق مۈشۈك، ھازىرغىچە چوقۇم نۇرغۇن چاشقان تۇتقانسىز؟

— كۆپ دېگىلى بولمايدۇ، ھازىرغىچە 40 — 50 نى تۇتقاندىمەن، — دېدى ئۇ گىدىيىپ تۇرۇپ.

ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— مەن دېگەن 1 — 2 يۈز چاشقان دېگەننى يالغۇز ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيمەن! ئەمما، سېرىق ئاغمىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس! ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ باققان، ئەمما مېنى پالاكەت باسقان.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم سۆز قىستۇرۇپ.

— ئۆتكەن يىلى مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكىلەر ئۆينى ئومۇميۈزلۈك تازىلىدى. غوجايىن يوغان بىر خالتا ھاكىنى كارىدورنىڭ ئاستىدىكى ئىسكىلاتقا ئەكىرىشىگە يوغان بىر سېرىق ئاغمىخان ئېتىلىپ چىقتى، — دېدى قارا مۈشۈك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋايجان! شۇنداقمۇ؟— دېدىم قورقۇپ كەتكەن قىياپەتتە.
— سېرىق ئاغمىخان ئەمەلىيەتتە چاشقاندىن ئازراقلا چوڭ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نەگە قاچىسەن! دەپ قوغلىغىنىمچە ئۇنى مەينەت سۇ ئازگىلىغا تىقىۋەتتىم.
— ئەجەب ئوبدان جايلاپسىز! — دېدىمەن خۇش بولۇپ.
— يامان يېرى ئۇ ئەبلەخ ئوسۇرۇۋەتتى! كۆڭلۈم ئېلىشىپ شۇنداق بىئارام بولدۇم، سېسىقلىقىغا گەپ كەتمەيتتى...... شۇ ئىشتىن كېيىن تاماق يەۋاتقىنىمدا سېرىق ئاغمىخاننى كۆرۈپلا قالسام قۇسىدىغان بولۇپ قالدىم، — قارا مۇشۇك سۆزلەۋېتىپ خۇددى ئەتراپ سېسىق پۇراپ كەتكەندەك بۇرنىنى بىرقانچە قېتىم سۇرتۇپ قويدى.
مەنمۇ كۆڭلۈمنىڭ ئېلىشقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ بەردىم.
— لېكىننزە، سىز چاشقانغا قاراپ بىرنى ئالىيىپ قويسىڭىزلا ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتەر؟ سىز دېگەن چاشقان تۇتىدىغان داڭلىق مۇشۇك تۇرسىڭىز، سىز چاشقان تۇتۇپ يې - گەچكە هازىرقىدەك پارقىراپ سەمرىپ كەتكەنسىز؟
قارا مۇشۇككە قىلغان بۇ خۇشامەتنىڭ ئۇنۇمى ئالامەت ياخ - شى بولدى. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ:
— هەي...... بىر ئويلىساڭ پەقەتلا مەززىسىز. جاپا تارتىپ چاشقان تۇتقان بىلەن ئىنسانلار هامان ئاچ كۆز، غەرەز ئۇقمايدۇ، بىز ئاران تۇتقان چاشقانلارنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بې - رىپ، ئادەمنى تېرىكتۈرىدۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر چاشقان تۇتسا بەش پۇڭ بېرەرمىش، ساقچىلار چاشقاننى كىمنىڭ تۇتقانلىقى - نى سوراپ يۈرەمتى؟ مېنىڭ دۆلىتىمدە غوجايىن بىر يېرىم كويدەك پۇل تاپتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق تاماقلىرىمنى بىرئاز ياخ -

شىلايمۇ دېمەيدۇ. ھەي...... ئادەم دېگەن سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بىلەن ئوغرىكەن ئەمەسمۇ!

قارا مۇشۈك جىنىدا بۇ پەلسەپىۋى قائىدىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن چاشقان تۇتماسلىق قارارىغا كەلدىم، ياخشى يېگەندىن كۆرە ئوبدان ئۇخلىغان ئەۋزەلكەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان مۇشۇكمۇ ئۇيقۇغا ئامراق بولۇپ قالدىغان چېغى.

ھە راست، غوجايىنىم يېقىندا ئۆزىنىڭ سۇ بوياق رەسىم سىزىش جەھەتتە تالانتىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يېزىپتۇ:

*ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئۆزۈمنىڭ سۇ بوياق رەسىم سىزىشتا تالانتىمنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، رەسىمنى بىر ياققا تاشلىۋېتىپتىمەن. لېكىن كىمدۇر بىرى ئۇ رەسىمنى جازىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇپتىكەن، ئۇ ماڭا داڭلىق رەسىمدەك بىلىنىپ، شۇنداق خۇش بولۇپ كېتىپتىمەن. رەسىمدىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام ئۇ سەت رەسىم بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ.*

غوجايىن سۇ بوياق رەسىمنى چۈشەپ قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆينىڭ ئالتۇن قىرلىق كۆز ئەينەك تاقايدىغان سەنئەتكار ئاغىنىسى ئۆيگە يەنە كەلدى، ئۇ غوجايىن بىلەن سالاملىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— رەسىمنى قانداقراق سىزىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىزنىڭ تەلىمىڭىزدە جانلىقلارنى ياخشى سىزىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىرىشىۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام، جانلىقلارنى سىزغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇرۇن دىققەت قىلمىغان جىسىمنىڭ شەكلى، رەڭلەر، ئىنچىكە ئۆزگىرىشلىرى دېگەندەكلەرنى ئېنىق ئايرىدىغان بولۇپ كېتىدىكەنسىز، رەسىم سىزىش جەريانىدا شۇ خۇلاسىگە كەلدىمكى، غەربتە ئەزەلدىن جانلىقلارنى سىزىش تەكىتلەنگەچكە، بۇگۈنكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئاندورىيادەك قالتىس رەسساملار يېتىشىپ چىقىپتىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى غوجايىن بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ.

رەسسامنىڭ كۆلكىسى قىستاپ، ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە بېشىنى قاشلاپ سۆز باشلىدى:

—راستىنى ئېيتسام، مەن ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ قويغانىدىم.

— نېمە؟ — دېدى غوجايىن ئۆزىنىڭ ئەخمەق بولغىنىنى ھېس قىلىپ بولالماي.

— سىزگە ياراپ كەتكەن ئاندورىيانىڭ سۆزلىرى مەن دەماللىققا توقۇغان گەپلەر ئىدى، ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كېتىشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. ھا ـ ھا ـ ھا!

رەسسام ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى، مەن تۇگۈلۈپ يېتىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغاچ، غوجايىن كۆڭلىدىن خاتىرىسىگە بۇگۈن نېمىلەرنى يازار دېگەننى ئويلىدىم.

بۇ رەسسام ئاغزىغا كەلگەننى دەپ باشقىلارنى ئەخمەق قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىكەن. مىياۋ! ئىنسان نېمىدېگەن رەزىل! ئۆزىنىڭ رەسسام ئاندورىيا ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ غوجايىنغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، يەنە بىر ھېكايىنى توقۇشقا باشلىدى:

— باشقىلارغا بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويسام، ئا-

دەمىنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرۈپ، غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىدۇ. يېقىندا بىر ئوقۇغۇچىغا «نىكىلاس نېكېربى ‹فىرانسىيە ئىنقىلابى›، دېگەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئەسىرىنى فىرانسۇس تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغا چۈشۈرمەيلا تاماملاپ، ئىنگلىزچە نەشر قىلدۇرغان» دەپ قويسام، ئۇ ياپونىيە ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بۇ مەزمۇنلارنى سۆزلەپتۇ، نېمىدېگەن كۈلكىلىك! دەرۋەقە، نەق مەيداندا ئاڭلاپ ئولتۇرغان 100 دىن ئارتۇق ئادەممۇ قىلچە گۇمانلانماي، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ. ماۋۇ گەپ تېخىمۇ قىزىق، يېقىندا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر قاتناشقان يىغىندا خاررىسوننىڭ تارىخىي رومانى «سوفالو» ھەققىدە گەپ بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرگە باھا بېرىپ، «بۇ تارىخىي روماندىكى ئايال باش قەھرىماننىڭ ئۆلۈش ئالدىدا دېگەن سۆزلىرى ناھايىتى جانلىق يېزىلغان» دېدىم، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بىلەرمەن ئەپەندىم «شۇنداق! ئۇ جايلىرى بەك ئېسىل چىقىپتۇ» دەپ كەتتى، بىلەرمەن كىشىنىڭ ئۇ ئەسەرنى ئوقۇمىغانلىقى شۇ سۆزىدىنلا بىلىنىپ قالدى.

نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلى بار غوجايىنىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— بۇنداق قالايمىقان جۆيلۈسىڭىز قانداق بولىدۇ؛ ئەگەر قارشى تەرەپ راستتىنلا ئوقۇغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟— دېدى.

— ھە، ۋاقتى كەلسە باشقا كىتاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋاپتىمەن دەيمەن ياكى ئاغزىمغا كەلگەننى سۆزلىسەم ئۇمۇ پەسكويغا چۈشىدۇ، — دېدى چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ رەسسام ئالتۇن قىرلىق كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىلەن تېتىقسىزلىقتا ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكىدىن قېلىشمايدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غوجايىن «كۇنچىقىش» ماركىلىق تاماكىنى چەككەچ، «مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى ھەقاچان.

— چاقچاقنىمۇ قىلدۇق. ئەمدى گېپىمىزگە كەلسەك، رەسىم سىزىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، داۋىنچى شاگىرتىغا بۇتخانا تېمىدىكى داغ ئىزلىرىنى سىزدۇرغان. ھاجەتخانا تاملىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك يامغۇر ئۆتۈپ شەكىللەنگەن ئىزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنى سىزسىمۇ ناھايىتى ئوبدان چىقىدۇ! سىزمۇ دىققەت قىلىپ بېقىڭ، چوقۇم ياخشى رەسىمدىن بىرسى پۈتىدۇ.

— يەنە ئادەم ئالداۋاتامسىز؟

— نەدىكىنى، بۇ دېگەن مۇتلەق توغرا گەپ! داۋىنچىنىڭ مۇشۇنداق نادىر سۆزلىرىدىنمۇ گۇمانلىنىۋاتامسىز؟

— بولىدىكەن، ئالامەت گەپكەن.

غوجايىن يېڭىلگىنىگە تەن بەردى، لېكىن ئۇ ھاجەتخانىدا رەسىم سىزىدىغاندەك قىلمايتتى.

ھارۋىكەشنىڭ مۇشۇكى كېيىنچە ئاقساپ قالدى. ئۇنىڭ پارقىراق مويلىرىمۇ رەڭگىدىن كەتتى. مەن ئىلگىرى ماختىغان كەھرىۋا ۋە بىرىلىيانتتەك چىرايلىق كۆزلىرىنى ئەمدىلىكتە چاپاق بېسىپ كەتكەنىدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يېرى، ئۇنىڭ ھەيۋىسى پەسلەپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم چايزارلىقتا كۆرۈشكەندە، ئۇ «ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟» دەپ سورىغان سوئالىمغا:

— سېرىق ئاغمىخاننىڭ ئوسۇرقى بىلەن بېلىقچىنىڭ جاننى ئالىدىغان يوغان ئەپكىشىنىڭ دەستىدىن يامان كۈنگە قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىلگىرى ئېرەن غازىڭى قارىغايزارلىقتا ئازدۇر - كۆپتۇر

شەپەق رەڭگى قوشقان بولسا، يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ، بۇ جايمۇ غېرىبسىنىپ قالغانىدى.

غوجايىن كۇندە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا كىتابخانى-سىغا كىرىۋېلىپ، سىرتقا چىقمايتتى. ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلسىلا «ئوقۇتقۇچىلىقتىن جاق تويدۇم......» دەپ كاسىلداپ كېتەتتى. ئۇ ھازىر سۇ بوياق رەسىمنىمۇ سىزماس بولدى. ئاش-قازان دورىسى ئۇنىڭغا پايدا قىلمىغاندىن كېيىن بۇ دورىنىمۇ ئىچىشتىن توختىدى. لېكىن ئۇنىڭ چۈشتە ئۇخلايدىغان ئادىتى ئۆزگەرمىدى، ئاۋۋالقىدەكلا شۆلگىيىنى كىتاب ۋاراقلىرىغا ئې-قىتىپ ئۇخلايتتى...... ھېلىمۇ ياخشى باللار كۇندە يەسلىگە باراتتى، قايتىپ كېلىپلا ناخشا توۋلايتتى. بەزىدە قۇيرۇقىمدىن تۇتۇۋېلىپ، مېنى پۇلاڭلىتىپ ئوينايتتى.

ئېسىل تائاملار بىلەن ئوزۇقلىنالمىغاچ، سەمرىيەلمىدىم. ئەمما خېلى سالامەت تۇردۇم، ھەرھالدا ئاقساق مۇشۇكنىمۇ ئاي-لىنىپ قالمىدىم، مانا مۇشۇنداق ئۆمرۇمنى زايە قىلىپ ياشاۋا-تىمەن.

چاشقان تۇتۇشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم، ئايال خىزمەتكارنىڭ ئۇساللىقىنى سۆزلىمەيلا قوياي. ھازىرغىچە ما-ڭا ئىسىممۇ قويۇلمىدى، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە نامى يوق مۇشۇك بولۇپ، ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسەم مەيلى ئىدىغۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

لەپىلدەپ ياغقان قار نورۇزگۈل دەرىخىگە باشقىچە ھۆسن قوشتى.

يېڭى يىل كۈنى غوجايىن رەسسام دوستىدىن كەلگەن ئاتكرىتكىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئاتكرىتكا ئۈستىگە توق قىزىل رەڭ، ئاستىغا قارامتۇل يېشىل رەڭ بېرىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا موم قەلەمدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر ھايۋاننىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. غوجايىن كىتابخانىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، قولىدىكى ئاتكرىتكىنى بىردەم يانتۇ، بىردەم تىك قىلىپ، يەنە بىردەم يىراق، بىردەم يېقىن تۇتۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «رەڭنى ئالامەت ياخشى ماسلاشتۇرۇپتۇ» دەپ ماختاپ كەتتى. مىياۋ! مەن بىر ياقتا غوجايىنىنىڭ ھەجۋىي ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ياتتىم، ئۇ رەسىمگە ئوڭدا - دۈمدە قىلىپ قاراپمۇ تويمايۋاتاتتى؛ بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، خۇددى يۈز ياشلىق بوۋاي كىتاب ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتتە رەسىمگە يىراقتىن تىكىلىپ قارىسا، يەنە بىردىنلا دېرىزە يېنىغا كېلىپ، رەسىمنى بۇرنىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قارايتتى. ھەممىدىن قىزىق يېرى غوجايىن شۇنچە كۆرۈپمۇ يەنە بوش ئاۋازدا:

— زادى نېمىنى سىزغاندۇ؟! — دەپ پىچىرلايتتى.

«سىزغىنى زادى نېمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، كۆزلىرىنى خۇشياقمىغاندەك يېرىم ئېچىپ، رەسىمگە قارىدىم. لاپ گەپ ئەمەس، مېنى سىزىپتۇ ئەمەسمۇ؟ مېنى سىزغان رەسسام

ئاندورىيانى دورايمەن دەپ ئاۋارە بولماپتۇ، شەكىل ۋە رەڭگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ھەقىقىي بىر سەنئەتكاردەك سىزىپتۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ مۇشۇكلىكىدىن گۇمان قىلمايتتى، رەسىمنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ئادەم مېنى سىزغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالالايتتى. مۇشۇنىمۇ ئاڭقىرالمىغان ئادەم ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ كۆرۈپ نېمىمۇ قىلار؟ تۇيۇقسىزلا ئادەملەرنى شۇنداق بىچارە ھېس قىلىپ قالدىم. مۇمكىن بولسىدى، ئۇنىڭغا «مېنى سىزىپتۇ» دېگەن بولاتتىم. مەن ئىكەنلىكىمنى ئاڭقىرالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا مۇشۇك ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ!

مۇنداقلا بىر قاراشقا ھەممە مۇشۇك ئوخشاشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، مۇشۇكلەر دۇنياسىغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرسىڭىز، خۇددى ئىنسانلار «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا» دېگەندەك، مۇشۇكلەرمۇ ھەم شۇنداق. كۆزى، بۇرنى، مويلىرىنىڭ رەڭگى، قەدەم ئېلىشلىرى بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، ھەتتا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشلىرىدىن تارتىپ، قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ مېڭىشلىرىغىچە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. گۈزەللىك بىلەن كۆرۈمسىزلىك، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، دانالىق بىلەن دۆتلۈك جەھەتتىمۇ بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئەرۋايىمنى ئۇچۇرۇپ رەسىمىم كۆز ئالدىدا تۇرسىمۇ تونۇمىغىنى ئاز كەلگەندەك، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ: «بۇ يىل ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىغا ئىككى يىل بولدى، بەلكىم شۇنىڭغا ئاتاپ بىر ئېيىق سىزغاندۇ» دېمەسمۇ!

توۋا، مىياۋ!

غوجايىنىنىڭ قۇچىقىدا كۆزۈمنى يۇمۇپ خاپا ھالدا ياتسام، ئايال خىزمەتكار يەنە بىر ئاتكىرىتكىنى كۆتۈرۈپ كىردى. قارد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سام باسما نۇسخىدىكى ئاتكرىتكا ئىكەن. ئۈستىدە تۆت ـ بەش ئەجنەبىي مۇشۇكنىڭ رەسىمى بولۇپ، بىرى قەلەم تۇتسا، يەنە بىرى كىتابقا قاراپ ناھايىتى تىرىشچان قىياپەتتە كىتاب ئوقۇ ـ ۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىرى غەربنىڭ ئۇسسۇلىغا چۈش ـ كەنىدى. ئاتكرىتكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «مەن مۇشۇك» دېگەن خەت، ئوڭ تەرىپىگە «كىتاب ساڭا، ئۇسسۇل ماڭا، مۇشۇكلەرگە بايرام مانا»دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئۇنى غوجايىنىمنىڭ كونا ئو ـ قۇغۇچىسى ئەۋەتكەنىدى. ئاتكرىتكا مەزمۇنىنى نورمال ئادەم بىر قاراپلا چۈشىنەلەيتتى. مەن جېنىمدا ئۇنى كۆرۈپ يايراپ كەت ـ تىم، لېكىن غوجايىن ھېچ چۈشەنگەندەك قىلمايتتى، ئۇ بېشى ـ نى لىڭشىتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ: «بۇ يىل مۇشۇك يىلى ئوخشايدۇ» دېدى.

بۇ چاغدا ئايال خىزمەتكار ئۈچىنچى پارچە ئاتكرىتكىنى ئې ـ لىپ كىردى. ئۇنىڭدا رەسىم بولمىغىنى بىلەن، ئاددىي ھەم كۆركەم ئىدى. ئۈستىگە «يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك» يان تەرىپى ـ گە «مەندىن ئۆيىڭىزدىكى ئېسىلزادە مۇشۇككە سالام» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. غوجايىن «ھىم» دېدى ـ دە، ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق بولۇپ، بىر خىل ھۆرمەت ـ ئېكرام ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مياۋ!

بۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى، مېھمان كەلگەن چېغى. ھەر قېتىم مېھمان كەلگەندە ئايال خىزمەتكار مېھمان ـ نىڭ ئالدىغا چىقاتتى. ئادەتتە بېلىقنى كۆرۈپ قالمىساملا ئى ـ شىككە قاراپ يۈگۈرمەيتتىم، شۇڭا غوجايىنىمنىڭ قۇچىقىدا بە ـ خىرامان يېتىۋەردىم.

بىرئازدىن كېيىن ئايال خىزمەتكار كانىيېزى ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، ئېھتىمال ئۇمۇ غوجايىنىمنىڭ بۇرۇنقى

ئۇقۇغۇچىسى بولسا كېرەك، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ هال -
كۇنى غوجايىنىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن. ئۇ بۇرۇن پات - پات غو -
جايىنىنى ئىزدەپ كېلىپ، غوجايىن بىلەن مۇڭدىشىپ كېتەتتى.

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرى -
دىن باشلاپ ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىدىم. كېلىشنى ئويلىدىم -
يۇ، ۋاقىت چىقىرالماي قالدىم.

— نېمە ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىسىز؟

— هەي، ها...... ها......

كانىبېزى ئەپەندى كۇلۇپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى.

غوجايىن سۆزلىگەچ بېشىمنى سىلاپ قويۇۋىدى، كانىبېزى
ئەپەندىنىڭ دىققىتى ماڭا ئاغدى.

— ۋاي، بۇ يەنە هېلىقى مۇشۇككەنغۇ؟ خېلىلا سەمرىپ
قاپتۇ! هارۋىكەشنىڭ قارا مۇشۇكىگە قارىغاندا رەڭگىدىن كەت -
مەپتۇ! ئاجايىپ ئىشتە بۇ! — دېدى ئۇ.

— يېقىندىن بېرى خېلى يوغىناپ قالدى، — دېدى غوجا -
يىن بېشىمغا پاققىدە بىرنى قويۇپ.

مىياۋ! ماختاپ قويۇۋىدى، خېلى خۇش بولدۇم، لېكىنزە،
بېشىم ئاغرىپ كەتتى.

— چىشىڭىزغا نېمە بولدى؟ — دېدى غوجايىن.

— ئۆتكەندە پۇراقلىق گۇمبىمەدەك يەۋېتىپ، ئوتتۇرا چى -
شىمدا چىشلىگىنىمنى بىلىمەن، قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن
تەڭ چىشىم چۇشۇپ كەتتى.

— پۇراقلىق گۇمبىمەدەك يېگەنگە چىش چۇشۇپ
كېتەمدىكەن؟

كانىبېزى ئەپەندى تەخسىدىكى بېلىق ئۇيۇتمىسىنى چوكا
بىلەن قىسىپ ئىككىگە بۆلۈپ يېدى. مەن چىشى چۇشۇپ كې -

تەرمۇ؟ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى.
مەن بۇ ئىككىسىنىڭ قورۇق گېپىدىن زېرىكىپ، ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئاشخانىغا كىردىم. قايتىپ كىرگىنىمدە غوجايىن بىلەن كانىيزى ئەپەندى يوق تۇراتتى.
مەن قىلچە تارتىنماي كانىيزى ئەپەندى ئاشۇرۇپ قويغان بېلىق ئۇيۇتمىسىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتتىم.
شۇ ھامان باشقىچە ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم، ئۆزۈمنى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ كىتابلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئالتۇنبېلىق يېيىش شەرىپىگە ئېرىشكەن مۈشۈكتەك ھېس قىلدىم، ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكىنى كۆزگە ئىلغىمۇ كەلمىدى! تەخسىدىكى نەرسىلەرنى يەپ تۈگەتسەممۇ ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايتتى. كىم بىز مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىقچە بىر نەرسىلەرنى يەيدۇ دەيدۇ؟ بۇ ئۆيدىكى خىزمەتكار ئايال غوجايىن يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ يەيتتى، يەپ بولۇپ يەنە ئوغرىلايتتى! خىزمەتكار ئايال نېمىدېگەن رەزىلھە! مانا، ھازىر ئايال غوجايىن ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان باللارمۇ بۇ ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى.
تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا بۇ ئۆيدىكى ئىككى قىزچاق ئاتا - ئانىسى ئويغانماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق ئۈستىلىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار كۈندە ئەتىگەندە غوجايىن بەرگەن بولكىنى بىرقانچىگە بۆلۈپ ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىشەتتى. بۈگۈن شېكەر قۇتىسى تاماق ئۈستىلىدە ئىچىگە قوشۇق سېلىقلىق ھالەتتە تۇراتتى. شېكەرنى سېلىپ بېرىدىغان چوڭلار بولمىغاچ، چوڭى بىر قوشۇق ئېلىپ تەخسىگە سالدى، كىچىكىمۇ بۇنى كۆرۈپ دەرھال چوڭىنى دورىدى. ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن بىر - بىرىگە ھومىيىپ قويۇشتى. ئاچىسى

يەنە لىق بىر قوشۇق ئالدى، سىڭلىسىمۇ ئاچىسىغا ئوخشاش لىق بىر قوشۇق ئېلىپ تەخسىگە سالدى. بۇ چاغدا ئاچىسى يەنە ئالدى، بۇنى كۆرگەن سىڭلىسى ئاچىسى بىلەن بەسلىشىپ يەنە ئالدى، ئىككىيلەن توختىماي قوشۇقلاپ ئالغىلى تۇردى. شېكەر ئىككىيلەننىڭ تەخسىسىدە تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، شېكەر قۇتىسىدا بىر قوشۇقمۇ شېكەر قالمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئايال غوجايىن ئاشخانىدىن خۇشياقمىغاندەك چىقىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەخسىدىكى شېكەرنى ئاستا جايىغا تۆكۈپ قو-يۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ، ئىنسانلارنىڭ «ئادىللىقى» شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى بەلكىم مۇشۇكلەردىن ئىلغاردۇ، لېكىن زېرەكلىكتە ئۇلار بىز مۇشۇكلەرنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەل-مەيدۇ. تەخسىگە تاغدەك دۆۋىلىۋالغۇچە ئاغزىغىلا سالسا بولمام-دۇ؟ لېكىنزە...... مىياۋ! گېپىمنى ئۇلار چۈشەنمىگەچ مەنمۇ ئامالسىز خۇپسەن بولۇۋېلىپ، ئاش چېلىكىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈ-لۈپ ئولتۇردۇم.

غوجايىنىنىڭ كانىيىزى ئەپەندى بىلەن نەگە كەتكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. شۇ كۈنى غوجايىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 9 دا ناشتا قىلدى، مەن ئادىتىم بويىچە ئاش چېلىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئولتۇردۇم، غوجايىن گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ چاغانلىق پىروژنا يەۋاتاتتى. گەرچە پې-روژنا كىچىك بولسىمۇ غوجايىن ئارقا-ئارقىدىن ئالتە-يەتتى-نى سوقۇۋەتتى. قاچىسىدا ئاخىرقى بىر تال قالغاندا «ئەمدى يې-مەيمەن» دەپ چوكىنى قويدى. ئەگەر باشقىلار شۇنداق قىلغان بولسا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى.

ئايال غوجايىن تارتمىدىن دورىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— پايدا قىلمايدىغان بۇنداق دورىنى ئەمدى ھەرگىز ئىچ-مەيمەن، — دېدى غوجايىن.

— ئەمما بۇگۈنكى پىروژىنىنىڭ تەركىبىدە كىراخمال كۆپ، ئەڭ ياخشىسى دورىنى ئىچىۋېلىڭ! — دېدى ئايال غوجا-يىن نەسىھەت قىلىپ.

— بۇ دورا ماڭا قەتئىي پايدا قىلمىدى، — دېدى غوجايىن تېرىكىپ.

— نېمانچە ئىرادىسىز سىز؟— دېدى ئايال غوجايىن غۇدۇراپ.

— مەن ئىرادىسىز ئەمەس، بۇ دورا پايدا قىلمىدى.

— ئۇنداقتا نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئوبدان پايدا قىلدى، كۈن-دە يەيمەن دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— ئۇ كۈنلەردە پايدا قىلغان بىلەن، ھازىر پايدا قىلمىدى.

— بىر مەزگىل ئىچىپ، يەنە بىر مەزگىل ئىچمىسە ھەر-قانداق ياخشى دورىنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئاشقازان كېسىلى ئا-سان ساقىيىدىغان كېسەل ئەمەس، سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلى-دۇ، —دېدى ئايال غوجايىن پەتنۇسنى خىزمەتكار ئايالغا سۇنغاچ.

— دېگىنىڭىز توغرا، دورىنى ئىزچىل ئىچىپ بېرىش كې-رەك، بولمىسا ئۈنۈم بەرگەن- بەرمىگەنلىكىنى پەرق ئېتىش قىيىن، — دېدى ئايال خىزمەتكار گۈپپاڭچىلىق قىلىپ.

— بولدى بەس، ئىچمەيمەن دېدىم ئىچمەيمەن. ئايال كىشى نېمىنى بىلىدۇ؟ ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار! — دېدى- دە، گەپمۇ قىلماي كىتابخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئايال غوجايىن بىلەن خىزمەتكار بىر- بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ قويۇشتى. بۇنداق شارائىتتا غوجايىنغا ئەگىشىپ كى-رىپ ئەركىلەپ قۇچىقىدا ياتسام، مېنى ئىنىقلا نەس باساتتى. شۇڭا ھېچكىم سەزمەستە كىتابخانىنىڭ لەمپىسىگە چىقىۋال-

دىم. ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدىم. غوجايىن ئېپىكتېتۇسنىڭ كىتابىنى ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ كىتابنى بۇرۇنقىدەك چۈشىنىپ ئوقۇغان بولسىغۇ مەيلىتى، لېكىن بەش-ئالتە مىنۇت ئوقۇ-ئوقۇمايلا كىتابنى زەردە بىلەن ئۈستەلگە ئاتتى. غوجايىنىنىڭ بۇ تۇرقىدىن قورقۇپ مىياڭلاپ بىر بۇلۇڭغا مۆكۈنۈۋالدىم.

غوجايىن بىر دەم جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىدى.

دۇنيادا ئادەمنى چۈشىنىشتىنمۇ تەس ئىش بولمىسا كېرەك، بىز مۈشۈكلەر ئەزەلدىن كۈندىلىك خاتىرە دېگەندەك ئاقماس نەرسىلەرنى يېزىپ ئاۋارە بولمايمىز، چۈنكى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. غوجايىنىمدەك ئىچى بىلەن تېشى ئوخشىمايدىغان ئادەملەر باشقىلارغا بىلدۈرگۈسى يوق ھەقىقىي ھېسسىياتلىرىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسا كېرەك. بىز مۈشۈكلەرنىڭ مېڭىش، يېتىش، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشلىرىمىزنىڭ ئۆزى كۈندىلىك خاتىرە بولماي نېمە؟! ياسالمىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىنى يوشۇرغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ئاۋارە بولغۇچە لەمپە ئاستىدا پۇخادىن چىققۇچە ئۇخلىۋالغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ!

*ئاخشام مەلۇم بىر ئاشخانىدا غىزالانغاچ ئېسىل ھاراقتىن ئىككى-ئۈچ رومكا ئىچىپ قويدۇم. شۇڭا بۈگۈن ئىشتىھايىم بۆلەكچە ياخشى. ئاشقازىنىمنىڭ دەردى بار ئادەم كەچتە ئانچە-مۇنچە ھاراق ئىچىپ تۇرسا پايدىسى بار ئىكەن، كىراخمال تەركىبلىك نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەككەن، باشقىلارنىڭ دېگىنىنى قىلغانىنىڭمۇ پايدىسى يوق چېغى!*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غوجايىن خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى سوقۇشۇۋاتقاندەك توختىماي كىراخماللىق يېمەكلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتىگەنكى ئاچچىقى تېخى يانمىغان بولسا كېرەك، ئۇ بۈگۈنكى كۈندىلىك خاتىرىگىمۇ مۇشۇ مەزمۇنلارنى يازىدىغان ئوخشايدۇ.

يېقىندا ناشتا قىلمىسا ئاشقازانغا پايدىلىق دەپ ئاڭلاپ، سىناپ باقسام قورسىقىم كورۇكىراپ كەتتى، قىلچىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. يەنە بىرەيلەن چىلىغان سەينى قەتئىي يېمەسلىكنى ئېيتتى. ئۇ چىلىغان سەينى كۆپ يېسە ئادەمنى ئاشقازان كېسىلى قىلىپ قويىدۇ، گالنى يىغسىلا، ئاشقازان كېسىلىنى يىلتىزىدىن داۋالىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر ھەپتىگىچە چىلىغان سەيگە يېقىن يولىمىدىم. لېكىن ئاشقازىنىم ئاۋۋالقىدەكلا ئاغرىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن چىلىغان سەينى يەۋېرىدىغان بولدۇم. يەنە بىرەيلەن ئاشقازاننى ئۇۋۇلاپ بەرسە بەك پايدا قىلىدۇ، ئادەتتىكىدەك ئۇۋۇلىغاننىڭ پايدىسى يوق، چوقۇم قەدىمكى ئۇسۇل بويىچە بىر-ئىككى قېتىم ئۇۋۇلاش كېرەك، شۇنداق قىلسا ئاشقازان كېسىلىنى يىلتىزىدىن ساقايتقىلى بولىدۇ، دېدى. ئاڭلىسام، سوكىچى ئەپەندىمۇ بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، ھەتتا ساكورۇ ھەزرەتلىرىدەك داڭلىق ئەربابلارمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن نىكوۋا ساھىلىغا بېرىپ، بۇنىمۇ سىناپ باقتىم. كېيىن ئاڭلىسام سۆڭەكنى ئۇۋۇلىسا پايدىسى بولارمىش، ئىچ ئەزالارنى مىجىپ ئۇۋۇلىمىسا، بۇ كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالىغىلى بولمايدىكەن. ئەجەبمۇ ۋەھشىي ئۇسۇلكەن بۇ! ئۇۋۇلىتىپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىم پاختىدەك بوشاپ، ئۇيقۇچى بولۇپ قالدىم. شۇڭا بىرلا قېتىملا سىناپ بېقىپ ئۇۋۇلاتماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئا جانابلىرى: «قويۇق تاماقلارنى

يېپىشكە قەتئىي بولمايدۇ» دېدى، شۇ گەپتىن كېيىن كۈندە سۈت ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم، ئۇ كۈنلەردە قورسىقىم دەرياغا سۇ كەلگەندەك كولدۇرلايتتى. ب جانابلىرى: «نەپەسنى بوش ئېلىپ، ئىچكى ئەزالىرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرگەندە، ئاشقازاننىڭ ھەرىكىتى جانلىنىپ كېتىدۇ، بىر سىناپ كۆرۈڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئۇسۇلنىمۇ سىناپ كۆردۈم، ئاشقازىنىم شۇنداق بىئارام بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يادىمغا يەتكەندە زېھنىمنى يىغىپ قىلالىغان بىلەن، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنتۇلۇپلا قالىدىكەنمەن. شۇڭا يەڭگىل نەپەس ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ، بۇ ئىشنى كاللامغا كىرگۈزۈۋېلىپ، كىتابنىمۇ خاتىرجەم ئوقۇيالمىدىم، ماقالىمۇ يازالمىدىم، ئىشقىلىپ بەك چارچىدىم. سەنئەتكار مېنى بۇ تۈرقۇمنى كۆرسە جەزمەن «سەن يا ئەمدى تۇغۇلغان بوۋاق بولمىساڭ، ئاۋارە بولماي بولدى قىل» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېقىندىن بېرى بۇ خىل ھەرىكەت بىلەنمۇ خوشلاشتىم. س جانابلىرى: ئۆگرە ئىچىپ بەرسە، ئاشقازان كېسىلى ياخشى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆگرىنى بىر كۈندە نەچچە قاچا ئىچتىم، لېكىن ئىچىمنى سۈرۈپ ئارام بەرمىدى. ئۇنىڭمۇ پەقەتلا ئۈنۈمى بولمىدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئاشقازان كېسىلىمگە داۋا بولارمىكىن دەپ ئاڭلىغاننى قىلىپ باقتىم. لېكىن قۇرۇق ئاۋارە بولدۇم، خالاس. پەقەت ئاخشام كانىيىزى ئەپەندى بىلەن ئۇزاق ساقلانغان ئېسىل ھاراقتىن ئۈچ رومكا ئىچسەم ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، بۇندىن كېيىن كۈندە كەچتە ئىككى-ئۈچ رومكا ئىچىپ قويسام بولغۇدەك!

ئۇ ھاراق ئىچىشنىمۇ ئۇزاق داۋاملاشتۇرماسلىقى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غوجايىنىنىڭ كۆڭلى خۇددى مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدەك ئۆزگىرىشچان، ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزىپ، پوقتەك سوۋۇيدۇ. كۆندىلىك خاتىرىسىگە ئاشقازان كېسىلىدىن ئەنسىرەيدىغىنىنى يازغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ساغلام كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ، قىلىقلىرى بىر - بىرىگە زىت، ئاجايىپ كۈلكىلىك ئادەم بۇ! نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىر بىلەرمەن ئاغىنىسى مۇنداق دېدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق كېسەللىك ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ مەلۇم سەۋەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.» بۇ ھەقتە ئۇ خېلى ئىزدەنگەندەك قىلاتتى، يەنە تېخى لوگىكىغا چۈشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ كەتتى. ئەمما غوجايىنىمدا ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگۈدەك كاللا ۋە سەۋىيە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى، يۈزىنىڭ تۈكلۈك كەتمەسلىكىنى ئويلاپ بولسىمۇ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسا بولماتتى.

— قىزىق گەپ بولدى. لېكىن ھېلىقى كارلېسنىڭمۇ ئاشقازان كېسىلى باركەن!

بۇ سۆزدىن كارلېسنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىغان يەردە مېنىڭ ئاغرىشى نورمالغۇ؟ دېگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

كارلېسنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولغان بىلەن، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى كارلېستەك بولمايدۇ - دە. بۇنداق ئاددىي مەنتىقىنى بىز مۈشۈكلەر جېنىمىزدا بىلىمىز. غوجايىن ھەقىقەتەن ئابرۇيپەرەس ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە غوجايىنىنىڭ ئاشقازىنىنىم ئاغرىمىسىكەن دەپ تۇرۇپ، «بۈگۈن كېچىدىن باشلاپ ھاراق ئىچەي» دېگىنى كۈلكىلىك گەپ بولدى. بۈگۈن ئەتىگەن بىرمۇنچە چاغانلىق پېروژنا يېدى، قارىغاندا ئالدىنقى كۈنى كاننېزى ئەپەندى بىلەن

ئىچكەن ھاراق ئىشتىھايىنى ئېچىۋەتكەن چېغى! چاغانلىق پې-
روژنىنىڭ گېپى چىقسا مېنىڭمۇ يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، مىياۋ!

مۈشۈك بولغىنىم بىلەن ماڭا ھېچ نېمىنىڭ ئۆگىيى
يوق. بىرىنچىدىن، ھارۋىكەشنىڭ مۈشۈكىدەك پورتلارغا بېرىپ
بېلىقچىلاردىن بېلىق ئوغرىلاپ يېگۈدەك كۈچلۈك ئەمەسمەن.
ئىككىنچىدىن، ئاتاراشكى كوچىسىدىكى مۆزىكانتنىڭ ئۆيىدى-
كى مۈشۈكگۈل خېنىمغا ئوخشاش يوغانچىلىق قىلغۇدەك سالا-
ھىيىتىم يوق. شۇڭا كەمتەرلىكنى ئۆزۈمگە دوست قىلغانمەن.
بالىلاردىن ئاشقان بولكىنىڭ ئۇۋاقلىرى بولامدۇ، تاتلىق قورۇ-
مىلار بولامدۇ، تاماق تاللىمايمەن. چىلىغان سەينى يۇتماق تەس
بولسىمۇ، تېتىپ بېقىش ئۈچۈن تۇرۇپتىن ئىككى تال يەپ باق-
قان. تۇرۇپنى يەپ بولغاندىن كېيىن چىلىغان سەينىڭ تەملىك-
لىكىنى ھېس قىلدىم. ئىشقىلىپ، يېگۈدەك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى يەپ كۆردۈم. ئەمما ئاشقازىنىمغا دەرد كەلمىدى.
ئۇنى يېمەيمەن، بۇنى يېمەيمەن، دەپ جاھىللىق قىلىش ئوقۇت-
قۇچى ئائىلىسىدە ياشايدىغان مەندەك مۈشۈككە ياراشمايدۇ - دە!

غوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە، فىرانسىيەدە بالزاك ئىسىم-
لىك بىر يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى شۆھرەتپەرەس ئادەم ئى-
كەن. ئەلۋەتتە ئۇ يېمەك - ئىچمەككە كەلگەندە چوڭچىلىق قىل-
مايدىكەن. لېكىن يېزىقچىلىققا كەلگەندە بەك ئاشۇرۇۋېتىدى-
كەن. بىر كۈنى ئۇ رومانىدىكى بىر پېرسوناژغا ئىسىم قويماقچى
بولۇپ، نۇرغۇن ئىسىملارنى تېپىپتۇ، لېكىن بىرسىمۇ كۆڭ-
لىگە ياقماپتۇ. دەل شۇ چاغدا دوستى كېلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بى-
لەن ئىككىسى سىرتنى ئايلىنىشقا چىقىپتۇ، بالزاك ئىسىم
ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ. يول بويى دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا
قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئىسىم ئۇچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غوجايىنىنىڭ كۆڭلى خۇددى مېنىڭ كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدەك ئۆزگىرىشچان، ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزىپ، پوقتەك سوۋۇيدۇ. كۇندىلىك خاتىرىسىگە ئاشقازان كېسىلىدىن ئەنسىرەيدىغىنىنى يازغىنىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ساغلام كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمايدۇ، قىلىقلىرى بىر - بىرىگە زىت، ئاجايىپ كۇلكىلىك ئادەم بۇ! نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىر بىلەرمەن ئاغىنىسى مۇنداق دېدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق كېسەللىك ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ مەلۇم سەۋەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.» بۇ ھەقتە ئۇ خېلى ئىزدەنگەندەك قىلاتتى، يەنە تېخى لوگىكىغا چۇشۇرۇپ تەھلىل قىلىپ كەتتى. ئەمما غوجايىنىمدا ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگۇدەك كاللا ۋە سەۋىيە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى، يۇزىنىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكىنى ئويلاپ بولسىمۇ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىسا بولماتتى.

— قىزىق گەپ بولدى. لېكىن ھېلىقى كارلېسنىڭمۇ ئاشقازان كېسىلى باركەن!

بۇ سۆزدىن كارلېسنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىغان يەردە مېنىڭ ئاغرىشى نورمالغۇ؟ دېگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

كارلېسنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولغان بىلەن، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى كارلېستەك بولمايدۇ - دە. بۇنداق ئاددىي مەنتىقىنى بىز مۇشۇكلەر جېنىمىزدا بىلىمىز. غوجايىن ھەقىقەتەن ئابرۇيپەرەس ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە غوجايىنىنىڭ ئاشقازىنىنىم ئاغرىمىسىكەن دەپ تۇرۇپ، «بۇگۇن كېچىدىن باشلاپ ھاراق ئىچەي» دېگىنى كۇلكىلىك گەپ بولدى. بۇگۇن ئەتىگەن بىرمۇنچە چاغانلىق پىروژنا يېدى، قارىغاندا ئالدىنقى كۈنى كاننىيزى ئەپەندى بىلەن

ئىچكەن ھاراق ئىشتىھايىنى ئېچىۋەتكەن چېغى! چاغانلىق پې-
روژنىنىڭ گېپى چىقسا مېنىڭمۇ يېگۇم كېلىۋاتىدۇ، مىياۋ!
مۇشۇك بولغىنىم بىلەن ماڭا ھېچ نېمىنىڭ ئۆگىيى
يوق. بىرىنچىدىن، ھارۋىكەشنىڭ مۇشۇكىدەك پورتلارغا بېرىپ
بېلىقچىلاردىن بېلىق ئوغرىلاپ يېگۇدەك كۈچلۈك ئەمەسمەن.
ئىككىنچىدىن، ئاتاراشكى كوچىسىدىكى مۇزىكانتنىڭ ئۆيىدى-
كى مۇشۇكگۈل خېنىمغا ئوخشاش يوغانچىلىق قىلغۇدەك سالا-
ھىيىتىم يوق. شۇڭا كەمتەرلىكنى ئۆزۈمگە دوست قىلغانمەن.
بالىلاردىن ئاشقان بولكىنىڭ ئۇۋاقلىرى بولامدۇ، تاتلىق قورۇ-
مىلار بولامدۇ، تاماق تاللىمايمەن. چىلىغان سەينى يۇتماق تەس
بولسىمۇ، تېتىپ بېقىش ئۈچۈن تۇرۇپتىن ئىككى تال يەپ باق-
قان. تۇرۇپنى يەپ بولغاندىن كېيىن چىلىغان سەينىڭ تەملىك-
لىكىنى ھېس قىلدىم. ئىشقىلىپ، يېگۇدەك نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىنى يەپ كۆردۈم. ئەمما ئاشقازىنىمغا دەرد كەلمىدى.
ئۇنى يېمەيمەن، بۇنى يېمەيمەن، دەپ جاھىللىق قىلىش ئوقۇت-
قۇچى ئائىلىسىدە ياشايدىغان مەندەك مۇشۇككە ياراشمايدۇ - دە!
غوجايىنىنىڭ ئېيتىشىچە، فىرانسىيەدە بالزاك ئىسىم-
لىك بىر يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى شۆھرەتپەرەس ئادەم ئى-
كەن. ئەلۋەتتە ئۇ يېمەك - ئىچمەككە كەلگەندە چوڭچىلىق قىل-
مايدىكەن. لېكىن يېزىقچىلىقتا كەلگەندە بەك ئاشۇرۇۋېتىدى-
كەن. بىر كۈنى ئۇ رومانىدىكى بىر پېرسوناژغا ئىسىم قويماقچى
بولۇپ، نۇرغۇن ئىسىملارنى تېپىپتۇ، لېكىن بىرسىمۇ كۆڭ-
لىگە ياقماپتۇ. دەل شۇ چاغدا دوستى كېلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بى-
لەن ئىككىسى سىرتنى ئايلىنىشقا چىقىپتۇ، بالزاك ئىسىم
ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ. يول بويى دۇكانلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا
قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئىسىم ئۇچ-

ـرىماپتۇ، دوستىنى ئەگەشتۇرۇپ كوچىمۇكوچا يۈرۈپتۇ، دوستىمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالماي گاڭگىراپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە پارىژ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇيگە قايتىش يولىدا بالزاك بىر سەيپۇڭخانىنىڭ ئادەم ئېلىش ئېلانىدىكى دۇكان ئىسمىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ «ماكاس» دېگىنىچە چاۋاك چېلىپ:

— بۇ ئىسىم بولىدىكەن! مۇشۇنى ئىشلەتمەي قويمايمەن! «ماكاس» نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم، ئۇنىڭ ئالدىغا «ز» ھەرپىنى قوشسام تېخىمۇ جايىغا چۈشكۈدەك. «ز. ماكاس»بۇ قالتىس ئىسىم بولدى، — دەپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ ئىسىم چىرايلىق بولغىنى بىلەن سەل ياسالما ئىكەن، نېمىدېگەن بىمەنىلىك! نېمىلا دېگەنبىلەن بالزاك ئاخىر بىر ئىسىملىق بولۇپ قاپتۇ.

بالزاك دوستىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر كۈن ئاۋارە بولغىنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. روماندىكى پېرسوناژغا ئىسىم قويىمەن دەپ پۈتۈن پارىژنى ئايلىنىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ھەي! دەپ كەلسەك بۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك-تە. بەزىدە بىر ئىشنى بەك ئاشۇرۇۋەتسىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدىكەن. مەندەك نامرات ئائىلىدە ياشايدىغان مۇشۇككە بۇنداق ئىشلار ياراشمايدۇ. قورساق تويغۇدەك نەرسە بولسىلا بولدى، بۇمۇ مەن ياشىغان مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك! چاغانلىق پېروزنا يېگۇم كەلگىنى ئاچپاقىلىق قىلغىنىم ئەمەس، بەلكى «يېگۇسى كەلگەننى يېيىش» دېگەنلىك. غوجايىن يەپ بولالمىغان پېروزنىنى چوقۇم ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويىدى، دېگەن خىيال بىلەن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم.

قاچىنىڭ تېگىدە ئەتىگەن ئېشىپ قالغان پېروزنا شۇ پې-

تى تۇراتتى. راست گەپنى قىلسام، پېروزنا دېگەننى ھازىرغىچە يەپمۇ باقماپتىكەنمەن. پېروزنىنىڭ پۇرىقى شۇنچىلىك مەززىلىك بولۇپ، يېگۈسىنى كەلتۈرىدىكەن. مەن ئالدى بارمىقىمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا چاپلاشتۇرۇلغان كۆكتات ياپراقچىسىنى ئېلىۋەتتىم. تىرنىقىمغا پېروزنىنىڭ سىرتقى پوستى چاپلىشىپ قالدى. يەيمۇ - يېمەيمۇ؟ دەپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم، تەلىيىم كېلەرمۇ ياكى نەس باسارمۇ؟ دېگەنلەر كاللامدىن كەچتى، قارىسام بېرەرسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، دەل شۇ چاغدا «جانلىقلار تەستە كەلگەن پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم.

ئەگەر بۇ چاغدا ئايال خىزمەتكار ياكى بالىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغان بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەي قاچىدىكى پېروزنىدىن ۋاز كەچكەن بولاتتىم، لېكىن بىرمۇ ئادەم بولمىغاچ، ئۆز - ئۆزۈمگە «تېز بولغىن» دېدىم.

پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، پېروزنىنىڭ ئۈچىدىن بىر سۈڭگىچە يەرنى كۈچەپ چىشلىدىم، ئەسلىي ئىككى پارچە بولسا بولاتتى، لېكىن مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىككى پارچە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن چىشىم پېروزنىغا چاپلىشىپ قېلىپ پەقەتلا مىدىرلىتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن كۈچەپ چىشلىدىم، ئەمما پېروزنا چىشىمغا مەھكەم چاپلىشىپلا قالدى. پېروزنا ئەسلىدە ئالۋاستىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندە كېچىككەنىدىم. قاچا بوينۇمغا چۈشكەن سىرتماقتەك مېنى قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئىككىنچى ھەقىقەتنى، يەنى «جانلىقلار ئۆزى ھېس قىلالايدىغان دائىرە ئىچىدە، دۇچار بولماقچى بولغان خۇشلۇق ۋە خاپىلىقنى پەرەز قىلالىشى زۆرۈر كەن» دېگەننى تونۇپ يەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقەتتىن ئىككىنى تونۇپ يەتكىنىم بىلەن، چىشىم پىروزنىغا چاپلىشىپ قېلىپ، ئازراقمۇ خۇشاللىق ھېس قىلالمىدىم. ئايال خىزمەتكارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىغىمۇ ئاز قالغاندى، قاچىدىن ئاجراپ تېز قاچىمىسام بولمايتتى. بالىلارنىڭ ناخشا ئاۋازىنىڭ پەسلەپ قالغىنىغا قارىغاندا ئۇلارمۇ چوقۇم ئاشخانا تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. قۇيرۇقۇمنى پىرقىرىتىپ باقتىم، لېكىن پىروزنىدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالدىم. قولىقىمنى دىڭ تۇتۇپ باقساممۇ ئامال بولمىدى. قۇيرۇقۇم ۋە قولىقىمنىڭ پىروزنا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوڭ قولۇمنىڭ تىرنىقىنى ئاغزىمغا توختىماي سۈركەپ باقتىم، لېكىن بۇمۇ ئاقمىدى. سول قولۇمنىڭ تىرنىقى بىلەن ئاغزىمنى مەركەز قىلىپ ئايلاندۇرۇپ تاتىلاپ باقتىم، بۇ ئۇسۇلمۇ كارغا كېلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئىككى پۇتۇمنى تەڭ ئىشقا سالاي، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ تىك تۇردۇم، بۇ ھالىتىمگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ مۈشۈكلۈكىمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم.

لېكىن، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە مۈشۈك بولۇش - بولماسلىق مۇھىم ئەمەس ئىدى. پىروزنا دېگەن ئالۋاستىنى يەڭمەي بولمايتتى، ئىككى پۇتۇم بىلەن چاپلىشىپ قالغان چىشىمنى ئاجرىتىشقا تىرىشتىم. بەك كۈچەپ كەتتىممۇ - قانداق تەڭپۇڭلۇقۇمنى ساقلىيالماي ئۇ يەر - بۇ يەرگە سوقۇلدۇم. بىر يەردە تۇرۇۋالماي ئاشخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئاجرىتىشقا باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى ھەقىقەتنى، يەنى «خەتەرگە يولۇققاندا، قورقماس بولۇپ كېتىسەن» دېگەننى تونۇپ يەتتىم.

پىروزنا دېگەن ئالۋاستى بىلەن قانلىق ئېلىشىۋاتقىنىمدا،

مەن ئەنسىرىگەن ئىشلار ئاخىر يۈز بەردى. بىرەيلەن ئاشخانىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. مەن خاپىلىقتىن قۇتۇلۇش كويىدا تېخىمۇ ئېگىز سەكرەپ ئاشخانىنى بىر ئالدىم. ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاشتى ـ دە، ئاخىر بىر قىزچاقنىڭ:

ــ ۋايجان، مۈشۈك پېروژنا يەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ! ــ دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئايال خىزمەتكار پەي توپ پالىقىنى تاشلاپ، «ئاپلا!» دىگىنىچە ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىدىن سەكرەپ كىردى. بايراملىق كىيىم كىيىۋالغان ئايال غوجايىن:

ــ ئۆلگۈر مۈشۈك! ــ دەپ كايىپ كەتتى.

ــ ئەبلەخ! ــ دەپ تىللىدى غوجايىنمۇ ئاچچىقلاپ.

پەقەت باللارلا «نېمىدىگەن قىزىقارلىق!» دەپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئازابلىنىپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئۇياقتىن ـ بۇياقـ قا سەكرەپ يۈردۈم، مەن ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلىكىنىمۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن بىلگەنىدىم، لېكىن بۇگۈنكىدەك چوڭ ـ قۇر ھېس قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. ئاخىر ھەممەيلەن كۈلۈش ـ تىن توختىدى.

غوجايىن ياردەم قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىـ لىپ ئايال خىزمەتكارغا:

ــ پېروژنىنى ئۇنىڭ چىشىدىن ئاجرىتىۋەت، ــ دەپ بۇيـ رۇق قىلدى.

ئايال خىزمەتكار غوجايىنغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ قاراش ـ لىرىدىن «ئۇنى بىردەم سەكرەتمەمدۇق؟» دىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئايال غوجايىننىڭ مېنىڭ ئويۇنۇمنى كۆرگۈسى بولسىمۇ، لېكىن چاقچاقتىن جاقجاق چىقمىسۇن دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلاپ زۇۋان سۈرمىدى.

— دەرھال ئاجرىتىۋەت، بولمىسا ئۇ تۈگىشىدۇ، تېز بول!

ئايال خىزمەتكار پېروژىننى كۇچەپ تارتتى. ئۇدۇل چىشىمنىڭ چۇشۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم. ۋايجان، مىياۋ! بەكلا ئاغرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن تۆتىنچى ھەقىقەتنى، يەنى «موھتاجلىق ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇشاللىق مەززىسىز بولىدىكەن» دېگەننى تونۇپ يەتتىم. لېكىن بۇ چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان ھەقىقەتنى كېچىكىپ ھېس قىلغانىدىم.

شۇ قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن، ئايال خىزمەتكار شۇنداق بىر قاراپ قويىسىمۇ خىجىل بولۇپ كېتەتتىم. تار كوچىدىكى مۇزىكانتنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان مۇشۇكگۈل خېنىمنى ئىزدەشنى باھانە قىلىپ، ئاشخانىدىن ئاستا قېچىپ چىقتىم.

مۇشۇكگۈل خېنىم ئەتراپتا داڭقى بار گۈزەللەردىن ئىدى. توغرا، مەنمۇ بىر مۇشۇك، شۇنداقتىمۇ قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەردارمەن. ئۆيدە غوجايىنىمنىڭ چىرايى ئېچىلمىغاندا ياكى ئايال خىزمەتكاردىن تىل ئىشىتكەندە، شۇ سىرداش دوستۇمنى ئىزدەپ كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئېيتاتتىم. شۇنداق قىلسام بارلىق خاپىلىقلارنى ئۇنتۇپ، خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، باشقىچە جانلىنىپ قالاتتىم. بەزىدە ئاياللارنىڭ رولىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن!

چىتلاقنىڭ يوچۇقىدىن قاراۋېتىپ، ئۇ ئۆيدە بارمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

1- ئاي مەزگىلى ئىدى، مۇشۇكگۈل خېنىم بويىنىغا يېڭى زەنجىرنى ئېسىپ، لەمپىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ دۇمبىسى خېلى كەڭ ئىدى، چىرايلىقلىقىغا گەپ كەتمەيتتى.

ئۈنىڭ ئورغاقتەك قۇيرۇقى، تال چىۋىقتەك پۇتلىرى، يەنە تېخى خاپا بولۇپ قالغاندا تىكلىشىپ كېتىدىغان قۇلاقلىرى ھەقىقەتەن بىر پارچە گۈزەل رەسىمگىلا ئوخشايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان ھالىتى، ئاق قۇ پەيلىرىدەك مويلىرى كىشىگە باھار ئاپتىپىنى ئەسلىتەتتى، ئۇ سۈكۈتتە تۇرسا شۇنچىلىك نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ مەستخۇش بولۇپ، تەسلىكتە ئېسىمنى يىغدىم.

— ۋاھ، ياخشىمۇ سىز مۇشۇكگۈل خېنىم! —دېگىنىمچە ئالدى پۇتۇمنى مىدىرلاتقاچ ئۇنىڭغا سالام بەردىم.

— ياخشىمۇ سىز ئەپەندىم!

بويىنىغا قىزىل زەنجىر ئاسقان مۇشۇكگۈل خېنىم ئاستاغىنا پەسكە چۈشتى. 1 - ئاي بولغاچ، ئۇ بويىنىغا قوڭغۇراقمۇ ئېسىۋالغانىدى، ئۇنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋاز شۇ قەدەر يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ھاياجانلىنىپ تۇرغىنىمدا مۇشۇكگۈل خېنىم يېنىمغا كېلىپ، قۇيرۇقىنى ئوڭغا پۇلاڭلىتىپ سۆز باشلىدى:

— ئەپەندىم، يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

بىز مۇشۇكلەر ئۆزئارا سالاملاشقاندا ئالدى بىلەن قۇيرۇقىمىزنى تىكلەپ، ئاندىن ئۇنى ئوڭ - سولغا پۇلاڭلىتىپ قوياتتۇق. بۇ كوچىدا مۇشۇكگۈل خېنىملا مېنى «ئەپەندىم» دەپ چاقىراتتى. ئىسمىمنىڭ يوقلۇقىنى باشتا دەپ ئۆتكەنىدىم، مۇشۇكگۈل خېنىمنىڭ مېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «ئەپەندىم» دەپ چاقىرىشلىرىغا، ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇشۇكى بولۇش سۈپىتىم بىلەن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. گەرچە مېنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن «ئەپەندىم» دېيىشىمۇ كەيپىياتىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

— سىزنىڭمۇ يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز! — دېدىم مەمنۇنلۇق بىلەن.

— بۇنى ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدا ئۇستازىم ئېلىپ بەر-
گەن، چىرايلىقمىكەن؟

ئۇ سۆزلىگەچ، قوڭغۇرىقىنى قەستەن جىرىڭشىتىپ ماڭ-
دامىلاتتى.

— بەك يېقىملىق جىرىڭلايدىكەن، ھازىرغىچە بۇنداق يې-
قىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

— رەھمەت، بەك خوش بولدۇم!

— قارىغاندا ئۇستازىڭىز سىزگە بەك ئامراق ئوخشايدۇ - ھە؟

ئۇنى ئۆزۈم بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆڭلۈم سەل يېرىم بول-
دى. مۇشۇكگۈل خېنىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:

— شۇنداق، ئۇ مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدۇ، — دېدى.

مۇشۇكلەرمۇ كۈلۈشنى بىلىدۇ، ئىنسانلار ئۆزىدىن باشقا
جانلىقلارنى كۈلەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا. لېكىن
بىز مۇشۇكلەر كۈلسەك بۇرۇنىمىزنى ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدە كې-
رىپ، كېكىردىكىمىزنى تىترىتىپ تۇرۇپ كۈلىمىز، ئىنسان-
لارنىڭ بۇنى بىلەلمەسلىكى ئېنىق.

— غوجايىنىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ھە، غوجايىنىمنىڭ كەسپى ئۆزگىچە، ئۇ بىر مۇزىكا
ئوقۇتقۇچىسى.

— ھە، بۇنى ئاڭلىغان، مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم كەچ-
مىشلىرى. ئۇ چوقۇم داڭدار شەخسقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

قارىغايلار كۈتمەكتە سېنى......

قەغەز ئېكران كەينىدىن ئىككى تارلىق سازدىن چىققان
يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يېقىملىقمىكەن؟

مۇشۇكگۇل خېنىم كۆرەڭلىگەن هالدا سورىدى.

— شۇنچىلىك يېقىملىقكەن، ناخشا گۈزەلمۇ ياكى مۇزىكىسىمۇ پەقەتلا بىلەلمىدىم.

— ئۇ ناخشىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟ ئۇستازىم بەك ياقتۇراتتى...... ئۇ بۇ يىل 62 گە كىردى، شۇنچىلىك تېتىك.

— 62 يىل ياشاپتۇ، ھەقىقەتەن تېتىككەن. بىز مۇشۇكلەر ئۇنداق ياشاپ بولالمايمىز!

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئېسىلزادىلەردىن ئىكەن.

— ئۇ ئىلگىرى نېمە ئىش قىپتىكەن؟

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ نىچىخانكى ئىبادەتخانىسىدىكى ئايال راھىبىنىڭ كاتىپىنىڭ سىڭلىسى ياتلىق بولغان ئۆيدىكى قېيىنئانىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى ئىكەن.

— نېمە؟

— ئايال راھىبىنىڭ كاتىپىنىڭ سىڭلىسىنىڭ......

— ئەسلىي مۇنداقكەن-دە! توختاڭ، ئايال راھىبىنىڭ سىڭلىسىنىڭ......

— ياق، خاتا بولۇپ قالدى، ئايال راھىبىنىڭ كاتىپىنىڭ سىڭلىسىنىڭ......

— ياخشى بولدى، ئەمدى يادىمدا تۇتۇۋالدىم. ئايال راھىبىنىڭ......

— شۇنداق.

— كاتىپىنىڭ.

— توغرا.

— ياتلىق بولغان......

— سىڭلىسى ياتلىق بولغان ئۆيدىكى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خاتا دەپ قويۇپتىمەن، سىڭلىسى ياتلىق بولغان ئۆيدىكى.

— قېيىنئانىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى.

— توغرا، ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

— بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. زادى ھېلىقى ئايال راھىبنىڭ نېمىسىكەن؟

— ئايال راھىبنىڭ كاتىپىنىڭ سىڭلىسى ياتلىق بولغان ئۆيدىكى قېيىنئانىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى ئىكەن، دېدىمغۇ.

— ئەمدى چۈشەندىم.

— چۈشەنسىڭىزلا بولدى.

— شۇنداق.

چۈشەندىم دېمەي نېمە ئامال، بىز مۇشۇكلەرمۇ بەزىدە يالغاندىن چۈشەنگەن بولۇۋالىمىز.

مۇزىكا ئاۋازى توختاپ، ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مۇشۇكگۈل، تاماق پىشتى.

مۇشۇكگۈل خېنىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇستاز چاقىرىۋاتىدۇ، مەن قايتاي، — دېگىنىچە قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يەنە تۇيۇقسىز توختاپ ئەنسىرىگەن قىياپەتتە:

— چىرايىڭىز بۈلەكچە تۇرىدۇ، سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن پېروژنا ۋەقەسىنى سۆزلەشتىن ئۇيالدىم.

— ھېچ ئىش بولمىدى، بىر ئىشلار كاللامغا تەسىر قىلىپ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، سىز بىلەن

پاراڭلىشىپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم.

— شۇنداقمۇ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. خەير!

لېكىن، ئۇ ئازراق خاتا چۈشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، پىروژنا خاپىلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، كەيپىيا-تىم ياخشى بولۇپ قالدى. قايتىشىمدا چايزارلىقتىن ئۆتۈپ كې-تىۋاتقىنىمدا هارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكىنىڭ جۇخار گۈلى غا-زاڭلىرىنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپ، خورەككە چۈشكەن-لىكىگە كۆزۈم چۈشتى. هازىر قارا مۈشۈكنى كۆرسەم قورق-ماس بولدۇم. سالام بېرەي دېدىم-يۇ، ئۇنىڭ يەنە كاسىلداپ كې-تىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆرمەسلىككە سېلىپ مېڭىۋەردىم. ئەم-ما قارا مۈشۈك مېنى كۆرۈپ قالدى.

— هەي، يېقىندىن بېرى قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

— قارا ئاكا، تەبرىكلەيمەن! ئاۋۇالقىدەكلا تېتىك هەم روھ-لۇق تۇرۇپسىز!

قۇيرۇقۇمنى تىكلەپ، ئوڭ تەرەپكە پۇلاڭلىتىپ قويدۇم. قارا مۈشۈك قۇيرۇقىنى تىكلىدى-يۇ، سالام قايتۇرمىدى.

ئۇ «بولدى، تەبرىكلىمەي قوي!» دېيىشىگە تۇيۇقسىز قارا مۈشۈكنىڭ ئايال غوجايىنى بىسەرەمجان ۋارقىراپ كەتتى:

— چىنە-قاچا جازىسىدىكى بېلىق يوق تۇرىدۇ، قانداقمۇ قىلارمەن! يەنە ئاشۇ هايۋان ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ. بېلىققا ئا-دەمنى بىزار قىلىدىغان ئاشۇ قارا مۈشۈكتىن باشقا كىممۇ چې-قىلىدۇ! خەپ قايتىپ كەلسە كۆرگۈلۈكى بار ئۇنىڭ!

قارا مۈشۈك يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، قۇلىقىنى تىك-لىدى، ئايال غوجايىنىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغاندەك قىلمايتتى. ئۇ چاسا ئېڭىكىنى ئالدىغا سوزۇپ، كۆزى بىلەن ئى-شارەت قىلىپ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەن ياخشى تۇرمىدىم، — دېدى.

دەل مۇشۇ چاغدا ئايال غوجايىنىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— نىشىكاۋا ئەپەندىم! مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، خاپا بولماي ماڭا يېرىم جىڭ كالا گۆشى ئەكېلىپ بەرگەن بولسىلىرى. ھە راست، يۇمشاقراق يېرىدىن ئالسىلا جۇمۇ.

ئۇنىڭ گۆش زاكاز قىلغان ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— ھەي! يىلدا بىر قېتىم بۇيرۇيدىغىنىنىغا ئۇنچىۋالا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەش نە ھاجەت، يېرىم جىڭ كالا گۆشى زاكاز قىلغىنىنى ئەتەي قوشنىلارغا ئاڭلىتىۋاتىدۇ بۇ كېچە ئالۋاستىسى! — دېدى قارا مۇشۇك بۇرنىنى كېرىپ.

مەن گەپ قىلالماي سۈكۈتتە تۇردۇم.

— يېرىم جىڭ گۆشكەنغۇ شۇ! ئەكەلگەن ھامان بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەم! — دېدى قارا مۇشۇك ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن پۇتلىرىنى كېرىپ، خۇددى گۆشنى مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەكېلىپ بېرىدىغاندەك.

— سىز ئۈچۈن تازا ئوبدان ئوزۇق كېلىدىغان بولدى، مياۋ! — دېدىم ئۇنى بۇ يەردىن تېزرەك كەتسىكەن دېگەنلەرنى ئويلىغاچ.

ئۆيگە قايتقىنىمدا، مېھمانخانا ئۆي باھار تۈسىنى ئالغانىدى، غوجايىنىنىڭ كۈلكە ئاۋازىمۇ شۇنداق ياڭراق چىقىۋاتاتتى. بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئاستاغىنا غوجايىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆينى كۆزەتتىم. ئۆيگە ناتونۇش بىر مېھمان كەلگەنىدى. بۇ كىشى قىسقا چاچلىرىنى رەتلىك تارىغان بولۇپ، ئۇزۇن تون كىيگەن، ئۈستىگە يەنە قىسقا جىلىتكە ئارتىۋالغانىدى، تۇرقىدىن ناھايىتى رەتلىك ئاددىي - ساددا ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. غوجايىنىنىڭ چوغدىنى ۋە «باھار خۇشاللىقى»

ماركىلىق سىردا سىرلانغان تاماكا قۇتىسى يېنىدا بىر ئاتكرىتكا تۇراتتى، ئۇنىڭغا «بىلىم تەشناسى سىكاررزىپ، مىدۇسىنۋادىكى كاننېزى ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كەلدىم» دېگەن خەتلەر تۇراتتى. بۇنىڭدىن مېھماننىڭ نامىشەرىپى ۋە ئۇنىڭ كاننېزى ئەپەندىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ پارىڭىنى يېرىمىدىن ئاڭلىغاچقا، مەزمۇنىنى تولۇق ئاڭقىرالمىدىم؛ لېكىن ئۇلارنىڭ پارىڭى رەسسام مېتى ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلاتتى. بىلىم تەشناسى سىكاررزىپ ئاستا سۆز باشلىدى:

— مېتى ئەپەندىمنىڭ دېيىشىچە قالتىسلىقىدا گەپ يوق، مەن چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشىم كېرەككەن، شۇڭا......

— نېمە قالتىس؟ ئۇنىڭ بىلەن غەربچە تاماقخانىغا بېرىپ چۈشلۈك تاماقنى بىللە يېيىش قالتىس ئىشمىكەن؟

غوجايىن سۆزلىگەچ پىيالىغا چاينى تولدۇرۇپ قويۇپ مېھمانغا سۇندى.

— بۇ...... ئاتالمىش قالتىس دېگەن گەپنى دەسلەپ مەنمۇ تازا چۈشەنمىدىم. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ھىيلە ـ مىكىرى كۆپتەك قىلىدۇ.

— ئەمما، مەنمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

غوجايىن بۇ گەپ ئارقىلىق «سىزمۇ ئۆگىنىۋالغانسىز؟» دېگەندەك قىلاتتى. غوجايىننىڭ قۇچىقىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇرسام غوجايىن تۇيۇقسىز بېشىمغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى.

— قالايمىقان ئىش تېرىپ يۇرۇپتى ـ دە؟ مېتى شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاندورىيا توغرىسىدىكى گەپلەر غوجايىنىنىڭ يادىدىن كەچتى.

— شۇنداق! — دېدى ئۇ، — مېتى ئەپەندىم يەنە نېمە يېگۇڭىز بار دەپ سورىدى.

— نېمە يېدىڭلار؟ — دپ سورىدى غوجايىن.

— ئۇ قورۇما تىزىملىكىگە قاراپ يوقىلاڭ قورۇمىلارنىڭ ناملىرىنى ئوقۇپ كەتتى.

— قورۇما بۇيرۇتۇشتىن بۇرۇنما؟

— ھەئە.

— كېيىنچۇ؟

— ئاندىن ئۇ ئاشخانا غوجايىنىنى چاقىرىپ، «يەنە قانداق يېڭى قورۇمىلىرىڭلار بار؟» دەپ سورىدى. ئاشخانا غوجايىنى قايىل بولمىغاندەك «ئۆردەك ئومۇرتقىسى، يەنە كالا گۆشى توغرامچىسى بار، سىزگە قايسىسى كېرەك؟» دېدى. مېتى ئەپەندىم «ئادەتتىكىچە بولسىلا بولدى، ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ تائاملارنىڭ كېرىكى يوق» دېدى. ئاشخانا غوجايىنى ئادەتتىكى تاماق دېگىنىنى چۈشەنمەي غەلىتە بىر ھەرىكەتنى ئىشلەپ گەپ قىلمىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە.

— كېيىن مېتى ئەپەندى «فىرانسىيە ياكى ئەنگلىيەگە بارغاندا ئۆزگىچە تائاملارنى يېسەك بولىدۇ، لېكىن ياپونىيەدە غەربچە تائاملار ئاشخانىسىغا يۈگۈرمەي، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تائاملىرىنى يېگىنىمىز تۈزۈك» دېدى. ھە راست، ئۇ ئىلگىرى چەت ئەلگە چىققانمىكەن؟

— نېمە! ئۇ نەدە يۈرۈپ چەت ئەلگە چىقىدۇ دەيسىز؟! ئۇنىڭ پۇلى، ۋاقتى بار، نەگىلا بارسا بارالايدۇ. ئەمما ئۇ بارماقچى بولغان

جايلىرىنىمۇ چاقچاق قىلىپ باردىم دەپ سۆزلەشكە ئامراق، — دېدى غوجايىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ كۈلگەچ.

— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى راستىنلا چەت ئەلگە چىققان چېغى دەپ ئويلاپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ كېتىپتىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ھەيران قالىسىز، مىڭئاياغ، تاشپاقىلارنى تەسۋىرلەپ سۆزلەيدىغان بولسا كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈۋېتىدىكەن.

— چوقۇم باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان گەپ.

— شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى مېھمان لوڭقىدىكى نەرگىز گۈلىگە نەزىرىنى ئاغدۇرغاچ.

ئۇنىڭ چىرايى بىر خىل سولغۇن كۆرۈنەتتى.

— سىز ئېيتقان قىزىقارلىق ئىش مۇشۇ ئىكەن - دە؟— دېدى غوجايىن.

— نەدىكىنى، بۇ تېخى باشلىنىشى، قىزىقىغا تېخى كەلمىدۇق، — دېدى ئىلىم شەيداسى سىكارزىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كېيىنچە مېتى ئەپەندى مىڭئاياغنى قانداق پىشۇرۇش، پاقىنى قانداق دۇملەپ يېيىشنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. ھەرقانچە ئاچپاقا ئادەممۇ، بۇلارنى يېيىشكە قانداق پېتىنسۇن؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇن ئالاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى يەپ تۇرايلى! دېدىم.

ئۇ ماڭا مەسلىھەت سېلىپ شۇنداق دېگەن چېغى، كېيىن گېپىمگە قوشۇلدى - دە، «شۇنداق قىلايلى» دېدى.

— ھە! ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى؟ ئوبدان گەپ بولدى.

— شۇنداق، بەك ياخشى بولدى! لېكىن مېتى ئەپەندى بەك تەپسىلىي سۆلەپ كەتكەچ، مەن سەل ئاڭقىرالماي قالدىم! — دېدى مېھمان ئۆزىنىڭ قوپاللىقىنى يېپىش ئۈچۈن.

www.uyghurkitap.com

— كېيىن قانداق بولدى؟ — دېدى غوجايىن پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— كېيىن ئۇ ئاشخانا غوجايىنىنى چاقىرىپ: «ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچىدىن ئىككى كىشىلىك كەلتۈرۈڭ!» دەپ توۋلىدى. ئاشخانا غوجايىنى «سۆڭپىياز ئارىلاشتۇرۇلغان كالا گۆشى كۆمىلىچىدىنمۇ؟» دەپ سورىدى. مېتى ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن «ياق، ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى» دېدى. ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى دەيدىغان تاماقمۇ بارمىدۇ؟ شۇ چاغدا مەنمۇ سەل ھەيران بولدۇم. مېتى ئەپەندى غەرب تائام مەدەنىيىتىدىن تولۇق خەۋەرداردەك قىلاتتى، مەنمۇ شۇ چاغدا ئۇنى چەت ئەلگە چىققان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ گېپىگە پاس بېرىپ ئاشخانا غوجايىنىغا «ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى دېگەن شۇ ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى» دېدىم.

— ئاشخانا غوجايىنى نېمە دېدى؟

— ھازىر ئويلىسام ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىلىقلىرى كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، يەنە بىر ئويلىسام ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىيدۇ. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: «كەچۈرۈڭ، بۈگۈن ئۇ تاماقنى چىقارمىدۇق. ئەگەر سۆڭپىياز ئارىلاشتۇرۇلغان كالا گۆشى كۆمىلىچى لازىم بولسا ھازىر ئىككى كىشىلىك ئەكېلىپ بېرەي» دېدى. مېتى ئەپەندى ئەپسۇسلانغان ھالدا: «ھەي...... بۇ يەرگە ئاران بىر كەلگەندە، ئامال قىلىپ بىزگە ئىككى كىشىلىك چىقىرىپ بەرگەن بولساڭلار؟» دېدى. ئاندىن ئۇ ئاشخانا غوجايىنىغا ئىككى مولۇق كۆمۈش پۇلنى تەڭلىدى. ئاشخانا غوجايىنى «ئۇنداقتا ئاشپەز ئۇستام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي» دېگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئون ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچىنى شۇنداق يېگۈسى باركەن - دە؟

— ئاشخانا غوجايىنى ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقىپ: «ھېلىمۇ ياخشى ئاشپەز بۇ تاماقنى چىقىرىپ بېرەلەيدىكەن. لېكىن تەييارلاشقا ۋاقىت سەل كېتىدىكەن» دېدى. مېتى ئەپەندى بىردەم تۇرۇپ كېتىپ: «بۈگۈن يېڭى يىللىق ئارام كۈنى، باشقا زۆرۈر ئىشىمۇ يوق، ساقلىساق ساقلاپ يەپ كېتەيلى» دېدى ۋە ئۇ قويىنىدىن تاماكىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ قوينۇمدىن «ياپونىيە خەۋەرلىرى» دېگەن گېزىتنى چىقىرىپ ئوقۇپ ئولتۇردۇم. بۇ چاغدا ئاشخانا غوجايىنى يەنە مەسلىھەتلەشكىلى كىرىپ كەتتى.

— قارىغۇنى تار يەردە قىستاپتۇ - دە؟ — دېدى غوجايىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— بىردەمدىن كېيىن ئاشخانا غوجايىنى ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە يېنىمىزغا كېلىپ: «ئون ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۆمىلىچى سېتىلىپ بوپتۇ، بىرقانچە يىمەك - ئىچمەك دۇكىنىغا بارساق ئۇ يەردىمۇ يوقكەن، ئەجەبمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى......» دېدى. مېتى ئەپەندى ماڭا قاراپ قويۇپ جىلە بولغان قىياپەتتە «ئەجەبمۇ نەس باستى! بۇ يەرگە ئاران بىر كەلگەندە......» دەپ قايناپ كەتتى. «بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولماس» دېدىمەن گېپىگە ماسلىشىپ.

— بۇ چاغدا ئاشخانا غوجايىنىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «باشقا بىر كۈنى خورۇجلار تولۇق چاغدا كېلىپ تېتىپ كېتەرسىلەر» دېدى. مېتى ئەپەندى «نېمە خورۇجلارنى ئىشلىتىسىلەر؟» دەپ سورىسا، ئاشخانا غوجايىنى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، جاۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرمىدى. مېتى ئەپەندى يەنە «ئۇ تاماقنا ياپونىيە خورۇجلىرىنى ئىشلىتىدىغانسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئاشخانا غوجايىنى «ئەلۋەتتە، شۇنى ئىشلىتىمىز، يېقىندىن بېرى ئۇ خورۇجلارنى تاپماق بەك تەس بولۇپ كەتتى، خاپا بولماڭلار» دەپ قويدى. غوجايىن:

— ئاخىرى تېپىشماقنىڭ جاۋابى چىقىپتۇ-دە! — دېگىنىچە مورىسىنى تىترىتىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

مەن يېقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. لېكىن بۇ غوجايىنىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى. قارىغاندا ئاسان ئالدىنىدىغان ئادەم ئۆزىلا ئەمەسلىكىنى بىلىپ خوش بولغان چېغى.

— ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن مېتى ئەپەندىن كۆرەڭلىگەن ھالدا: «قانداق، چاقچاق خېلى جايىدا بولدىمۇ؟ ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىلىق كۆمىلاچ توغرىسىدىكى پاراڭ كۈلكە خورۇجى بولالامدىكەن؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقىمىنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىز خوشلاشتۇق. ئەمەلىيەتتە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچ قورسىقىم ئېچىپ بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدىم، — دېدى سىكاررزې ئەپەندى.

— سىزنى مالال قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى غوجايىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ.

بىلىم تەشناسى سىكاررزې سوۋۇپ قالغان چاينى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— راست گەپنى قىلسام، بۇگۈن ئۆزلىرىنى ئازراق بىر ئىش بىلەن ئاۋارە قىلىپ كەلدىم.

— ھە، نېمە ئىش بولسا قولۇم كۆكسۈمدە.

— مېنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە قىزىقىدىغانلىقىمنى بىلىسىز......

— نېمىدېگەن ياخشى! — دېدى غوجايىن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كەسىپداشلار يىغىلىپ، دېكلا-ماتسىيە ئۆيۈشمىسى قۇردۇق. ھەر ئايدا بىر قېتىم يىغىلىش قىلىمىز. بىرىنچى قېتىملىق يىغىلىشنى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈپ بولدۇق.

— دېكلاماتسىيە ئۆيۈشمىسى دېگىنىڭىز شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشنى كۆرسىتەمدۇ، ئۇ زادى قانداق ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

— دەسلەپ كىلاسسىك شېئىرلار ئوقۇلىدۇ، كېيىن قۇر-داشلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئوقۇلىدۇ.

— كىلاسسىك شېئىر دەپ قالدىڭىز، خاكۇرانىڭ «پىپا مېلودىيەسى» ئوقۇلغاندۇ؟

— ياق، ئۇ شېئىر تېخى ئوقۇلمىدى.

— خونسەيۋانىڭ «باھاردىكى تۇلپار» دېگەن ئەسىرىچۇ؟

— ياق ئۇمۇ ئوقۇلمىدى.

— ئۇنداقتا نېمىلەر ئوقۇلدى؟

— ئالدىنقى قېتىم شىكارنازىنىڭ «ئىشىق يولىدا ئۆلۈش» دېگەن ئەسىرى ئوقۇلدى.

- شىكارنازى ھېلىقى «پاكىز ئەينەك كاھىش» دېگەن ناخ-شىنى ئوقۇغان شۇما؟

شىكارنازىدىن بىرسىلا بار، بۇ ئىسىم تىلغا ئېلىنسا ھەممە ئادەمنىڭ يادىغا شۇ شائىر كېلىدۇ. غوجايىنىمنى تەڭدىشى يوق دۆتكەن، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ بۇنى سەزگەن-دەك ئەمەس، باشلىرىمنى سىلاپ كېتىپتۇ تېخى! سىلىساڭ سىلا.

— شۈنداق، — دېدى بىلىم شەيداسى سىكارزى غوجايىنىغا قاراپ.

— ئۈنداقتا بىر لا ئادەم دېكلاماتسىيە قىلامدۇ ياكى بىر نەچچەيلەن پېرسوناژلارغا بۆلۈنۈپ دېكلاماتسىيە قىلامدۇ؟

— پېرسوناژلارغا ئايرىپ نۆۋەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. پېرسوناژلار ئوبرازىنى ۋە خاسلىقىنى ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە قىياپەت ۋە قول ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇ دەۋردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى راستتەكلا ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن ھەممىسى شۇنداق جانلىق ئورۇندايدۇ.

— ئۈنداقتا، ناخشىمۇ ئېيتىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ دېكلاماتسىيە قىلغۇچى ۋە سىزدىن باشقا يەنە كىملەر بار ئۇ سورۇندا؟

— قابىلىيەتلىك كىشىلەر توپلاشقان. بىز ئىككىنچى قېتىملىق دېكلاماتسىيە يىغىلىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆتكۈزۈشنى ئويلاشتۇق. بۇگۈن دەل مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سىزدىن مەسلىھەت ئالاي دەپ كېلىشىم. راستىمنى ئېيتسام، سىزنىمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، بىزنى بىر قوللىسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. مانا بۇ بىزنى قوللىغانلارنىڭ تىزىملىكى، —دېدى ئۇ تىزىملىكنى سۆسۈن رەڭلىك قاپنىڭ ئىچىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ غوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — بۇ يەرگە ئىسمىڭىزنى يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز.

قاراپ باقسام ھەممىسى دېگۈدەك نامى چىققان ئەدىبلەر ئىكەن، ناھايىتى رەتلىك، چىرايلىق يېزىپتۇ.

— مېنىڭغۇ بۇ ئىشنى قوللىغۇم بار، لېكىن بۇنىڭغا ئىمزا قويسام ماڭا قانداق مەجبۇرىيەت يۈكلىنىدۇ، تازا بىلىپ كېتەلمىدىم؟— دېدى غوجايىن سەل ئەنسىرەپ.

— مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا بەك قاتتىق ئۆلچەممۇ قويۇلۇپ كەتمەيدۇ. نامىشەرىپىڭىزنى يېزىپ، قوللىغىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويسىڭىزلا بولىدى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئەزا بولۇپ قوياي.

غوجايىن مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇپ خاتىرجەم بولدى، بۇ تۇرقىدا مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدىغانلا ئىش بولسا، قارشى تۇرغۇچىلار خىتابنامىسى بولسىمۇ قول قويۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە داغلىق كىشىلەر قول قويغان يەردە ئۇمۇ ئىسمىنى يېزىشتىن قورقمايدۇ-دە. شۇڭا ناھايىتى كەسكىن جاۋاب بېرىپ كەتكەن چېغى. غوجايىن:

— سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېگىنىچە كىتابخانىسىغا كىرىپ تامغىنى ئېلىپ چىقىشىغا، تامغا يەرگە «پوك» قىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

سىكارزىي ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن، غوجايىن كۇتۇپخانىسىغا كىردى، ئۈستەل ئۈستىدە مېتى ئەپەندى ئەۋەتكەن خەت تۇراتتى، كونۋېرت ئۈستىگە «يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

غوجايىن ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ:

— ئۇھ، ئاخىر يەنە ئۇنىڭغا ئەخمەق بولدۇم. لېكىن، ناھايىتى دەبدەبىلىك يېزىپ كېتىپتۇ، شۇڭلاشقا ئەمدى ئوقۇپ تۈگەتتىم. يېڭى يىلنىڭ دەسلىپىدىلا مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلغان بارمۇ! تازىمۇ بىر ئەخمەق ئاداش - تە بۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ 4 — 5 كۈن جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇكگۈل خېنىمنى كۆرگىلى ئىككى قېتىم باردىم، ئەپسۇس كۆرۈشەلمىدىم. باشتا ئۇنى سىرتقا چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىمەن، كېيىنكى قېتىم بارغاندا ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. مەن دەرەخ سايىسىدە مۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مۇزىكانت بىلەن ئايال خىزمەتكارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىم:

— مۇشۇكگۈل تاماق يېدىمۇ؟

— ياق، ئەتىگەندىن بېرى بىر تېمىم سۇمۇ ئىچمىدى. ئۇ-نى مەشنىڭ يېنىدا ياتقۇزۇپ قويدۇم.

ئۇلار مۇشۇكگۈلنى مۇشۇك ئورنىدا كۆرمەي ئادەمگە مۇئا-مىلە قىلغاندەكلا مۇئامىلە قىلىدىكەن. سۆيۈملۈك مۇشۇكگۈل خېنىمنىڭ بۇنداق ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى-دىن سۆيۈندۇم.

— تاماق يېمىدىما؟ بۇ بولماپتۇ، ئۇنداق قىلسا يىقىلىپ قالىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ بىر كۈن تاماق يېمىسەك ئىك-كىنچى كۈنى ھېچ ئىشقا قولىمىز بارمايدۇ.

ئايال خىزمەتكارنىڭ تەلەپپۇزىدىن، مۇشۇكگۈل خېنىم-نىڭ ئۇنىڭغا قارىغاندا ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرات-تى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئائىلىدىكىلەر مۇشۇكگۈل خېنىمنى ئا-يال خىزمەتكاردىن چارە كۆرىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇنى دوختۇرغا ئاپاردىڭىزمۇ؟

— ئاپاردىم، لېكىن ئۇ دوختۇر بەكلا غەلىتىكەن! مۇشۇك-گۈلنى كۆتۈرۈپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ «شامالداپ قالغان ئوخشىمامسىز؟» دەپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «مۇشۇك ئاغرىپ قالدى، مەن ئەمەس» دېدىم-دە، مۇشۇك-گۈلنى قۇچىقىمغا ئالدىم. دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن مۇ-شۇكنىڭ كېسىلىنى كۆرەلمەيمەن، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بول-مىسۇن ئۆزى ياخشى بولۇپ قالىدۇ» دەيدۇ. نېمىدېگەن رەزىل!

شۇنىڭ بىلەن مەن خاپا بولۇپ: «ئۇنداق بولسا كۆرسەتمەي! بۇ دېگەن ئەتىۋارلىق مۇشۇك» دېدىم ـ دە، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ــ تازىمۇ بىر ئىش بوپتۇ.

ــ ئاڭلىسام، مۇشۇكگۈل خېنىم مىشىلداپ، كۆزىدىن ياش توختىمايۋېتىپتىغۇ؟

ــ شۇنداق، چوقۇم سوغۇق تېگىپ قالدى، گېلىمۇ ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئازراقلا شامالدىسا يۆتىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ نەدە يورۇپ شامالدايدۇ؟ ئۇ يا تالاغا چىقمىسا!

ــ نەدىكىنى، ئۇ ھازىر بىر ئەسكى مۇشۇك بىلەن دوست بولۇپ قالدى!

ئايال خىزمەتكار خۇددى دۆلەت مەخپىيىتىنى بىلىدىغاندەك كۆرەڭلەپ سۆزلەپ كەتتى.

ــ ئەسكى مۇشۇك؟

ــ ھېلىقى ئوقۇتقۇچى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىكى مەينەت ئەركەك مۇشۇكچۇ!

ــ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قالايمىقان ئاۋاز چىقىرىدىغان ھېلىقى كىشىما؟

ــ توغرا، دەل شۇ. يۈزىنى يۇيۇپلا خۇددى گېلىنى بوغۇپ قويغان ئۆردەكتەك يېقىمسىز ۋارقىرايدىغان.

گېلىنى بوغۇپ قويغان ئۆردەكتەك؟ بۇ ئوخشىتىش تازا جايىغا چۈشتى. غوجايىنىمنىڭ ئاجايىپ بىر قىلىقى بار ئىدى، ئۇ كۈندە ئەتىگەندە چىشىنى چوتكىلىغاندا، چىش چوتكىسىنى ئاغزىغا سېلىش بىلەن تەڭ ئاجايىپ بىر ئاۋازلارنى چىقىراتتى. خاپا بولۇپ قالغاندىمۇ ئاۋازىنى ئۆردەكتەك چىقىرىپ ۋارقىراپ كېتەتتى، خۇشال بولسىمۇ ئوخشاش. ئىشقىلىپ، خۇشال بول-

سۇن ياكى خاپا بولسۇن، ئاشۇ يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن ۋارقىرى-
غىنى ۋارقىرىغان. قۇلىقىمنى دىك تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە
قۇلاق سالدىم.

— شۇنداقمۇ يېقىمسىز ئاۋاز بولامدۇ؟ نىمىلەرنى دەپ
سۆزلەپ كېتىۋاتىدىكىنتاك. ئۇنىڭدەك بەسىرەمجان يۇز يۇيمىدىغان
ئادەمدىن يەنە بىرسى يوقمىكىن دەيمەن.

— شۇ ئەمەسمۇ؟— دېدى ئايال خىزمەتكار ئۇنىڭ سۆزىنى
قۇۋۋەتلەپ.

— «مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام» دەپتىكەن، ئۇ ياۋا
مۇشۇك غوجايىنىنى دورىغان چېغى، يەنە كەلسە ئەدىپىنى تازا
بېرەيلى!

— شۇنداق قىلايلى، مۇشۇكگۇل خېنىمنىڭ ئاغرىپ قې-
لىشىغا ئاشۇ ياۋا مۇشۇك ئەيىبلىك، مۇشۇكگۇل خېنىم ئۈچۈن
ئۆچ ئالايلى!

مۇشۇنداقمۇ ناهەقچىلىق بولامدۇ؟ ئەمدى بۇ يەرگە قانداق-
مۇ كېلەرمەن؟ مۇشۇكگۇل خېنىمغا ئالدىراپ يېقىنلاشمىسام
بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ مۇشۇكگۇل خېنىم بىلەن كۆرۈ-
شەلمەيلا ئۆيۈمگە قايتىپ قالدىم.

ئۆيگە كېلىپ قارىسام غوجايىن كىتابخانىسىدا تەپەككۇر
قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەگەر مۈزىكانتنىڭ ئۆيدە بولۇنغان گەپ-
لەرنى ئېقىتماي - تېمىتماي دەپ قويىدىغان بولسام، ئۇنىڭ
چوقۇم ئوغىسى قايناپ كېتىدۇ. كونىلار: «قۇلاق ئاڭلىمىسا
كۆڭۈلگە ئارام» دەپتىكەن، شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماي قالسۇن!
قارىسام غوجايىن خۇددى داڭدار شائىرلاردەك ئۆز - ئۆزىگە پى-
چىرلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا «ئالدىراشچىلىقتىن ۋاقىت چىقىرالمايدى-

غان» مېتى ئەپەندىن تۆيۇقسىز كىرىپ كەلدى.
— شېئىر يېزىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ قانداق ئېسىل ئە-سەرلەرنى يېزىۋەتتىڭىزكىن، ئەكېلىڭە، كۆرۈپ باقاي!
— ياخشى ئەسەركەن، تەرجىمە قىلاي دەپ ئولتۇرغان، — دېدى غوجايىن سالماقلىق بىلەن.
— ئەسەر؟ كىمنىڭ ئەسىرىكەن؟
— كىمنىڭكىلىكىنى بىلمىدىم!
— نامسىزكەن-دە؟ بەزى نامسىز ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ نا-هايىتى ياخشى يېزىلغانلىرى چىقىپ قالىدۇ، شۇڭا بوش چاغ-لاشقا بولمايدۇ، قايسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپتۇ؟
— «ئىككىنچى ئوقۇشلۇق» — دېدى غوجايىن تەمتىرىمەي.
— «ئىككىنچى ئوقۇشلۇق»؟
— شۇنداق، مەن تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسەر «ئىك-كىنچى ئوقۇشلۇق» تا ئېلان قىلىنىپتۇ.
— چاقچاق قىلماڭ! سىز مۇھىم پەيتتە «توز تىلى» دىن ئىنتىقام ئالاي دەمسىز نېمە؟
— مەن سىزدەك باشقىلارنى ئەخمەق قىلىدىغان نەرسىلەر-نى يېزىپ ئولتۇرمايمەن، — دېدى غوجايىن تەمكىنلىك بىلەن.
— مۇنداق بىر ھېكايە بار، بۇرۇن بىرەيلەن سەنيو ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، يېقىندىن بېرى يازغان داڭلىق ئەسەرلىرىڭىز بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. سەنيو ئەپەندى جىلتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن قەرز سوراش خېتىنى چىقىرىپ: «يېقىندىن بېرىقى نادىر ئەسىرىمدىن مۇشۇ بار» دەپ قەغەزنى ھېلىقى كىشىگە بېرىپتۇ. شۇڭا ئويلايمەن، سىزنىڭ گۈزەل-لىك قارىشىڭىز بەلكىم توغرىدۇ. مۇنداق قىلايلى، سىز ئالدى بىلەن ئوقۇپ بېقىڭ، مەن باھالاپ كۆرەي! — دېدى مېتى پىشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھالىغۇچىدەك تەلەپپۇزدا.

غوجايىن ئەسەرنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— گىگانت ئادەم، تارتىش كۈچى......

— «گىگانت ئادەم، تارتىش كۈچى» دېگىنىڭىز نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

— ماۋزۇسى «گىگانت ئادەم، تارتىش كۈچى» ئىكەن، — دې-دى غوجايىن چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ ماۋزۇ بەك غەلىتە ھەم چۈشىنىكسىز ئىكەن. بولدى، سىزگە يول قوياي، ئاۋازىڭىز خېلى يېقىملىق، تېز رەك ئوقۇڭ. ئاڭلىماققا خېلى قىزىقارلىقتەك قىلىدۇ.

— ئوقۇۋاتقاندا قوشۇق سالماڭ-ھە!

*كەيت دېرىزىدىن يىراقلارغا باقتى، سىرتتا بىر توپ بالى-لار توپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلار توپنى ئاسمانغا ئاتتى، توپ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاستا پەسلەپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار توپنى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئاتتى، لېكىن ھەر قېتىمدا توپ يەنىلا يەرگە چۈشتى.*

*— توپ نېمىشقا قايتىپ چۈشىدۇ؟ مەڭگۈ يۇقىرى ئۆرلە-ۋەرسە بولمامدۇ؟— دەپ سورىدى كەيت.*

*— يەردە گىگانت ئادەم بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ئانى-سى، — ئۇنىڭ «تارتىش كۈچى» بار، ئۇ شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك، بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئەتراپىغا يىغىدۇ، ئۇينىمۇ شۇنداق تارتىپ تۇرىدۇ، بولمىسا ئۆيلەر ئۇچۇپ كەتمەمدۇ؟ باللارمۇ كۆكتە پەر-ۋاز قىلمامدۇ؟ تۆكۈلگەن ياپراقنى كۆرگەن بولغۇيتۇڭ، ئۇمۇ گىگانت ئادەمنىڭ تارتىش كۈچىدىن بولغان. كىتابلار بەزىدە يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۇمۇ گىگانت ئادەمنىڭ بۇي-رۇقىدىن بولغان، گىگانت ئادەم ئۇنى ئۆزىگە تارتمىسا، ئۇ ھەر-گىزمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.*

— مۇشۇما؟
— نېمىدېگەن تەسىرلىك!
— قايىل بولدۇم، ئويلىمىغان يەردىن «ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان قىيما كۈملىچى» نىڭ ئۆچىنى ئېلىۋالدىڭىزدە.
— ئۆچ ئالمىدىم. ياخشى ئەسەركەن، شۇڭا تەرجىمە قىلدىم. ئۇنداق ئەمەسمىكەن؟ — دېدى غوجايىن مېتى ئەپەندىنىڭ ئالتۇن قىرلىق كۆزئەينىكى ئارقىسىدىكى بىر جۈپ كۆزىگە تىكىلىپ.
— راستتىنلا ھەيران قالدىم! سىزنىڭ مۇنداق ھۈنىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ قېتىم مېنى ئۇبدان كولدۇرلاتتىڭىز، سىزگە يېڭىلدىم.
— سىزنى ئوسال قىلىش خىيالىم يوق، پەقەت بۇ ئەسەر مېنى قىزىقتۇرغاچ تەرجىمە قىلدىم.
مەن ياۋاشلىق بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىدىم. ئەمما ئەسەر ماڭا ئازراقمۇ قىزىقارلىق بىلىنمىدى، ئادەملەر ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزىنى ئالداپ يۈرسە كېرەك.
مەيلى غوجايىن بولسۇن ياكى مېتى ئەپەندى بولسۇن، ئۇلار تىنچ، خاتىرجەم زامانىنىڭ ئۇۋالىغا قالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار گەرچە كېرىكى يوق ئاغىچىيۇغۇچتەك شامالدا لەپەڭشىپ تۇرمىغىنى بىلەن، ئەمما ئۆزىنى ھېچ ئىش بىلەن كارى يوقتەك قىياپەتتە كۆرسىتەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلاردا ھاۋايى - ھەۋەس، ئاچ كۆزلۈك بار. تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى پاراڭ جەريانىدىمۇ ئۇستۇنلۇك تالاشقىنىدىن بۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ئادەتتە ئىشلەتكەن قوپال سۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭكىنى راست دەيدىغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ. بىز مۇشۇكلەرگە بۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاجىئەدەك بىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەرھالدا ئا-دەمنى بەك بىزار قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئازراق پايدىلانغۇدەك يېرىمۇ بار.

بۇلارنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاش ماڭا خۇشياق-مىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇكگۈل خېنىمنى ئوغرىلىقچە كۆ-رۈپ كېلىش قارارىغا كەلدىم - دە، مۇزىكانت ئائىلىسىنىڭ بو-سۇغىسى ئالدىغا باردىم. ئىشىككە ئېسىقلىق قارىغاي شېخى ۋە پاخال ئارغامچا يېڭى يىلنىڭ 10 - كۈنى بولۇپ قالغاچ ئېلىۋې-تىلگەنىدى. ئىللىق قۇياش سېخىي نۇرىنى ئەتراپقا چېچىپ تۇراتتى. ئۈچ گەز كېلىدىغان تۆت بۇرجەك ھويلا يېڭى يىلنىڭ تۈنجى كۈنىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان بو-لۇپ، لەمپە ئاستىغا بىر ئورۇندۇق قويۇلغانىدى، لېكىن ھويلىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، قەغەز دېرىزىمۇ يېپىق ئىدى. ئېھتىمال مۇزىكانت يۇيۇنغىلى كىرىپ كەتكەندۇ؟ لېكىن ئەمەلىيەتنىڭ شۇنداق بولۇش - بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس! مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم مۇشۇكگۈل خېنىمنىڭ ئالتۇن تېنىنىڭ ئامانلى-قى. جىمجىت ھويلىدا ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇ-نىڭ بىلەن لاي پۇتلىرىم بىلەن لەمپىگە چىقىۋالدىم، تۇيۇقسىز قەغەز دېرىزە كەينىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جاپا تارتتىڭىز، ئىشنى پۈتكۈزدىڭىزمۇ؟

بۇ مۇزىكانتنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيدە بارلىقى مەلۇم بولدى.

— ھەئە، سەل كېچىكىپ قالدىم. مەن تويى - تۆكۈن، ئۆ-لۈم - يېتىمغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكانغا بارغا-نىدىم، ئۇلار ئالدىراپ شۇ ھامانلا تەييار قىلىپ بەردى.

— قېنى؟ كۆرۈپ باقاي. ھە خېلى ئوبدان ياساپتۇ. شۇنداق





www.uyghurkitap.com

قىلىپ، مۈشۈكگۈل خېنىمنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويىدىغان بولدۇق. بۇ سىر ئۆچۈپ كەتمەس - ھە؟

— ئۇلاردىن سورىدىم، ئۇلار ياخشى ماتېرىيال ئىشلەتتۇق دەيدۇ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىدىنمۇ چىداملىق ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا دەرھال بۇتنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، كۆجە كۆيدۇرەيلى!

مۈشۈكگۈلگە نېمە بولغاندۇ؟ ئەھۋالنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، «داڭ» قىلغان بىلەن تەڭ، مۇزىكانت «ئامىتابا - ئامىتابا......» دەپ دۇرت ئوقۇشقا باشلىدى.

— سىزمۇ بىرنى كۆيدۈرۈڭ!

— ئامىتابا، مۈشۈكگۈلنىڭ روھى ئەمىن تاپقاي! ئامىتا-با......

بۇ ئايال خىزمەتكارنىڭ ئاۋازى ئىدى. شۇ ئەسنادا نېمە قىلا-رىمنى بىلەلمەي، لەمپىدە خۇددى قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قال-دىم، كۆز قارىچۇقۇمنى مىدىرلىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم.

— تولىمۇ ئەپسۇس! باشلىنىشىدا ئازراق سوغۇق تەگكەنىدى.

— دوختۇر دورا بەرگەن بولسىمۇ ساقىيىپ قالار ئىدى.

— ھەممىنى قىلغان شۇ دوختۇر.

— باشقىلارغا دۆڭگىمەيلى، ئۇنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولسا كېرەك!

— يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىنى قىلغان يەنىلا ھېلىقى ئو-قۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدىكى ياۋا مۈشۈك، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋې-لىپ شۇ.

— شۇنداق، ئۇ ھايۋان مۈشۈكگۈل خېنىمنىڭ قاتىلى!

ئەسلىدە ئازراق گەپ قىلاي دېگەنىدىم، لېكىن ئۆزۈمنى يە-

نىلا قاتتىق بىسىۋېلىپ چىداپ ئاڭلىدىم.
جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن، مۇشۇكگۈل خېيىمدىن شۇنچە تېز ئايرىلىپ قالدۇق، ھېلىقى سەت ياۋا مۇشۇك جاھاننى مالىمان قىلىپ ياشاپ يۈرىدۇ......
— شۇ ئەمەسمۇ؟ مۇشۇكگۈلدەك بۇنداق ئوماق مۇشۇكتىن يەنە بىرنى بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ تاپالمايمىز ئەمدى!
قارا، قىلغان گېپىنى! مۇشۇكنى ئادەم بىلەن تەڭ ئورۇندا كۆرۈۋاتقىنىنى. ئايال خىزمەتكارنىڭ سۆزىدىن مۇشۇك بىلەن ئادەم بىر ئورۇندا كەلا بىلىنىدى. ئايال خىزمەتكارمۇ ھازىر مۇشۇككە ئوخشاپ قالغانىدى.
— مۇمكىن بولسا باشقا بىر مۇشۇك ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەن بولسا ياخشى بولاتتى......
— ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدىكى ھېلىقى مۇشۇك ئۆلگەن بولسا، مۇرادىڭىزغا يەتكەن بولاتتىڭىز.
ئۇنىڭ «مۇرادىڭىزغا يېتەتتىڭىز» دېگەن سۆزىگە چىداپ تۇرالمىدىم. ئۆلۈم زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟ مەن تېخى ئۆلۈمنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىدىم، شۇڭا ئۆلۈشنى خالاش - خالىماسلىقتا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. شۇ كۈنلەردە ھاۋا سوغۇق بولغاچ ئوتى ئۆچكەن ئوچاقتا كىرىۋالدىم، ئايال خىزمەتكار مېنىڭ ئۇ يەردىلىكىمنى بىلمىگەچ ئوچاقنى ئېتىپ قويدى. ئۇ چاغدىكى بىئاراملىقىمغا گەپ كەتمەيدۇ، ھازىر ئويلىسامۇ سۈر باسىدۇ. ئاق مۇشۇك يەڭگەمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىردەم تۇرغان بولسام ھاياتىمدىن ئايرىلاركەنمەن. مۇشۇكگۈل ئۈچۈن ئۆل دېسە رازى ئىدىم. لېكىن بۇ خىل بىئاراملىق ئىچىدە ئۆل دېسە خالىمايمەن، ئەلۋەتتە.
— لېكىن مۇشۇكگۈل خېنىم مۇشۇك بولسىمۇ، ئۆزلىرى

ئۇنى ئۆز قىزلىرىدەك كۆردىلە، ئۇنىڭ ئۇچۇن تەپسىر ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئىسىم قويدىلا، مۇشۇكگۇل ئۆلسىمۇ ئارمانسىز كەتتى.

— توغرا دېدىڭىز، ئۇ ھەقىقەتەن تەلەيلىك. ئەگەر كەم قال-دى دېيىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوقۇغان دۇرت سەل كەم بولۇپ قالدى.

— مېنىڭچىمۇ سەل قىسقا ئوقۇلۇپ قالدى، نېپكى ئىبا-دەتخانىسىدىكى راھىبتىن سورىسام «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، كىچىككىنە بىر مۇشۇككە مۇشۇ يېتەرلىك، مۇشۇ دۇرتنىڭ ئۆزىلا ئۇنى چوقۇم جەننەتكە يەتكۈزىدۇ» دېدى.

— راست، ھېلىقى ياۋا مۇشۇكچۇ؟

— ئۇما، ئۇنىڭ گۇناھى ئېغىر، ئۇنىڭغا ھەرقانچە ئوبدان دۇرت ئوقۇغان بىلەنمۇ بىكار.

كېيىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن نەچچە يۈز قېتىم «ياۋا مۇشۇك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئىككىسىنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئاڭ-لاشقا تاقىتىم قالمىدى - دە، لەمپىدىن قايتىپ چۈشتۈم. بۇ چاغدا مېنىڭ قويۇق چېچىم دىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇزىكانت ئائىلىسىگە دەسسەپ باقمىدىم.

يېقىندىن بېرى، مەندە بوسۇغا ئاتلىغۇدەك يۈرەكمۇ قالمى-دى. كىشىلىك دۇنيا ماڭا شۇقەدەر مەززىسىز بىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن غوجايىنىمدىن قېلىشمايدىغان ھورۇنغا ئايلاندىم.

مەن ئاۋۋالقىدەكلا چاشقان تۇتۇپ باقمىدىم، يېقىندا ئايال خىزمەتكار مېنى قوغلاش بۇيرۇقى چىقارغانىدى، غوجايىن مې-نىڭ قانداقلىقىمنى ئوبدان بىلگەچ، ئاران دېگەندە بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالىدىغان بولدۇم. مۇشۇ ئۆيدە قىران چاغلىرىمنى بىكار ئۆتكۈ-زۈۋېتىدىغان ئوخشايمەن. غوجايىنىنىڭ مېنى تونۇغان ئۆتكۈر

كۆزلىرىگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. ئايال خىزمەتكارنىڭ مۈشۈكنى ياقتۇرمايدىغان، ھەتتا خورلايدىغان قىلىقلىرىغا بەكمۇ خاپا بولۇپ كەتمەيمەن، ئۇنچىلىك ئىشلارغا خاپا بولىدىغان مەن يا ئادەتتىكى مۈشۈك بولمىسام! ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىڭگىروغا ئوخشاش ھەيكىلىم ئىشىكنىڭ تۈۋرۈكىگە قاتۇرۇلسا ياكى بىرەر داڭلىق كىشى رەسىمىمنى قەغەز يۈزىگە سىزىپ چىقسا مېنى بىلمىگەن ئەخمەقلەر ئۆز قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولغان بولاتتى.



# 3

مۈشۈكگۈل خېنىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدىم، قارا مۈشۈك بىلەنمۇ تازا ئېقىم كېلىشمىدى. شۇڭا يېقىندىن بېرى سەل غېرىبسىنىپ قالدىم.

ھېلىمۇ ياخشى، ئادەملەردىن سىرداش تېپىۋالغاچقا ئۈنچە بەك زېرىكىپمۇ كەتمىدىم. يېقىندا بىرەيلەن غوجايىنىغا خەت يېزىپ، مېنىڭ مۈبارەك رەسىمىمنى ئەۋەتىشنى ئېيتىپتۇ، يەنە تېخى ماڭا ئاتاپ ئوكايامانىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان نومى گۈرۈچ كۈمىلىچى ئەۋەتىپتۇ. ئادەملەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ، ئۆزۈمنىڭ مۈشۈك ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردۇم، گويا مۈشۈكلەر بىلەن يىراقلىشىپ ئىنسانلار بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ، مۈشۈكلەرنى توپلاپ، ئىنسانلار بىلەن قانلىق جەڭ قىلىش خىيالىمدىن يالتايدىم، ھەتتا ئۆزۈمنى ئىنسانلارنىڭ تەركىبىي قىسمىدەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بەكلا ياخشىلىشىپ كېتىۋاتامدىم نېمە؟

لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئۆز تۈرۈمدىكىلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىم ئەمەس، ئەگەر مېنى ئاسىيلىق قىلدى، بەڭباشلىق قىلدى ياكى يۈز ئۆرۈدى دېسە سەل ئېشىپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بىلەن مىجەزىم كېلىشىپ، ئۇلار ياشىغان مۇھىتقا كۆنۈپ قالغاچقا، ئۇلار بىلەن بىللە ياشىدىم، خالاس.

مۈشۈكلۈك خۇسۇسىيىتىمنى يوقاتقانىكەنمەن ئەمدى

مۇشۇكگۈل خېنىم ۋە قارا مۇشۇككامنى ئازراق ئويلاي، ئۆزۈمنى ئىنسانلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىگە باھا بېرىپ تۇراي، ئاشۇرۇۋەتمىگەندىمەن - ھە! مېتى ۋە كاننېزى ئەپەندى كۆز قاراشلىرىنى ئېيتىپ باقسۇن قېنى! پەقەت غوجايىنلا مەندەك كۆپنى كۆرگەن مۇشۇكنى بايقىيالماي يۈرىدۇ، ھەتتا ماڭا گەپ قىلغاندا ئازراقمۇ تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ، ماڭا ئەۋەتىلگەن نومى گۇرۇچ كۇمىلىچىنى ئۆزىنىڭ يېمىكىدەك يەپ تۈگىتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. غوجايىن كىتابخانىسىدىن چىقماي، قارا قەلەم بىلەن قەغەزنى مېنىڭ يېنىمغا تاشلاپ قويۇپ، كارىۋاتتا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ ياتاتتى. غەلىتە بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىۋاتقىنىغا قارىغاندا بىر ماقالە يېزىشنى ئويلاۋاتقان چېغى! غوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ «ئۇزاقتىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغان ئۆلىما ھەققىدە ھېكايە يېزىشنى ئويلىغان»دەپ يېزىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، قەلەمنى تۇتقان ھالدا مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا، يادىغا باشقا ئوبدان گەپلەر كەلمىگەندەك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ھاڭۋۇقىپ قەلەمنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئاغزىنىمۇ قارا قىلىۋەتتى. غوجايىن يەنە يېڭى قۇردىن باشلىدى. ئۇ سەل توختىۋېلىپ، قەلەمنى ئايلاندۇرۇپ يېزىشقا باشلىدى، «ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىدىغان ئۆلىمالار بوشلۇق ھەققىدە سۆزلەيدىغان، مۇھاكىمە ۋە بايانلارنى ئوقۇپ تۇرىدىغان، تاتلىقياڭيۇنى قاقلاپ يەيدىغان، بۇرنىدىن پوتلىسى ئېقىپ تۇرىدىغان ئىنسانلاردۇر» دېگەنلەرنى يازدى. يازغانلىرى تازا قاملاشمىغاندەك قىلاتتى. ئارقىدىنلا يازغانلىر-

نى ئەيمەنمەستىن ئۈنلۈك ئوقۇپ يەنە تېخى ئۆزىنى باسالماي قا-
قاقلاپ كۈلۈپ «ئەجەب قىزىق» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئارقىدىن «پوتلىسى ئېقىش دېگەن سۆز قاملاشماپتۇ چىقىرىۋېتەي» دېدى-دە، ئۇ سۆزگە سىزىپ قويدى. ئەسلىدە بىر تال سىزىق سىزسىلا يېتەرلىك ئىدى، لېكىن ئۇ ئارقا-ئارقىدىن سىزىقتىن سەككىزنى سىزىپ توختىدى. شۇنچىۋالا سىزىقنى سىزغۇچىمۇ مۇۋاپىق گەپ تاپالماي قەلەمنى قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاچچىقىدا بۇرۇتلىرىنى توختىماي قىرلاپ كېتىۋاتاتتى، خۇددى بۇرۇتىدىن ماقالە چىقىدىغاندەك.

بۇ چاغدا ئايال غوجايىن ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ، غوجايىننىڭ يېنىغا كىرىپ قايناپ كەتتى:

— ھەي، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ!

— نېمە گەپ؟— دېدى غوجايىن خۇددى سۇنىڭ ئىچىدە جاڭ چالغاندەك بوش ئاۋازدا.

بۇنى ئاڭلاپ ئايال غوجايىن تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ!

— نېمە بولدى؟

بۇ چاغدا غوجايىن باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى بۇرنىغا تىقىپ ۋاسىسىدە قىلىپ بىر تال تۈكنى يۇلۇپ چىقتى.

— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە پۇل يېتىشمەيۋاتىدۇ......

— نېمىشقا يەتمىگۈدەك، دوختۇرنىڭ پۇلىنى بېرىپ بولدۇق، كىتاب پۇلىنى ئالدىنقى ئاي بەرگەنغۇ؟ ئەسلى بۇ ئاي ئازراق ئېشىنساق توغرا بولاتتى، — دېدى غوجايىن دۇنيادىكى ئاجايىباتلارنى كۆرگەندەك بۇرنىدىن ئالغان تۈكتىن ھۇزۇرلانغاچ.

— ۋاي توۋا، ئادەمنى نېمانداق بىزار قىلىدىغانسىز، — ئا-

يال غوجايىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ غوجايىنىنىڭ قوللىرىنى سىلكىگەن پەدىسىدە ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ گەپ قايتا ئېغىزغا ئېلىنمىدى.

غوجايىن بۇرۇنىنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ ئايال غوجايىننى تېرىكتۈرۈپ قوغلاپ چىقىرىپ، ئارامىغا چۈشكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن تەپەككۇر قىلسا، بىر تەرەپتىن بۇرنىدىكى تۈكنى يۇلغاچ يېزىقچىلىقتا چۈشتى. ئۇ ناھايىتى ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما قەلەمنىڭ ئۇچى مىدىراپمۇ قويمىدى.

— «تاتلىقياڭيۇنى قاقلاش» دېگەن بۇ سۆزمۇ پايپاقتا نال قاققاندەك چىقىپ قاپتۇ، ئۇنىمۇ كۆزدىن يوقىتاي! — دېدى غوجايىن قەلەمنى كۈچەپ بېسىپ، تىك سىزىقتىن ئۈچ - تۆتنى سىزغاچ.

شۇنداق قىلىپ، غوجايىن سۈت ئىچىپ كۈچ توپلاپ يازغان خەتلىرىنىڭ بىرىنى قويماي جىججىۋەتتى، ئاندىن قەغەزنىڭ ئارقىسىنى ئۆرۈپ «بوشلۇقتا تۇغۇلۇش»، «بوشلۇقتا ئىزدىنىش»، «بوشلۇقتا ئۆلۈش» دېگەندەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرنەرسىلەرنى يېزىپ كەتتى. بوشلۇق...... ئاھ...... ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىما!

بۇ چاغدا ھېلىقى مېتى جانابلىرى ئۆيگە كەلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى چاغلايدىغان چېغى، شۇڭا چىللىمىسىمۇ كۆرەڭلەپ ئۇسۇپ كىرىۋەرگىنىنى قارىمامدىغان، بەزىدە تېخى ئارقا ئىشىكتىنلا كىرىۋېرەتتى. بۇ ئادەم دائىم ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولاتتى، ئۇ تەشۋىشلىنىش، تەكەللۇپ قىلىش، ئەيمىنىش دېگەنلەرنى ئەسلا بىلمەيتتى.

— «گىگانت ئادەمنىڭ تارتىش كۈچى» نى يېزىۋاتامسىز؟ — دېدى مېتى قوڭىنى قويمايلا گەپ باشلاپ.

— شۇنداق، لېكىن «گىگانت ئادەمنىڭ تارتىش كۈچى» نى يېزىۋەرمەيمەن - دە، ھازىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغۇ-چى ئۆلىمانىڭ قەبرە تېشىغا ئاتاپ بېغىشلىما يېزىۋاتىمەن، — دېدى غوجايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— «ئۆيدە ئىستىقامەت قىلىدىغان ئۆلىما» دېگىنىڭىز گىڭگىسىندۇزى دېگەندەك راھىبمۇ؟— دېدى مېتى.

— گىڭگىسىندۇزى دەيدىغان ئادەم بارمۇ؟

— نەدىكىنى، پەقەت مىسال كەلتۈرۈپ قويدۇم بارمىكىن دەپ.

— گىڭگىسىندۇزى دېگەن كىشىنى بىلمەيدىكەنمەن، ئۆيدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىمانى تونۇيدىغانسىز؟

— كىمدۇ ئۇ؟ ئۆزىگە «ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغۇ-چى ئۆلىما» دەپ ئات قويغان.

— ھېلىقى كاتىستىي دېگەن كىشىچۇ! ئوقۇش پۈتكۈزگەن-دىن كېيىن تەتقىقات يۇرتىدا ئىشلىگەن، تەتقىق قىلىدىغان تېمىسى «بوشلۇق نەزەرىيەسى» ئىدىغۇ؟ بەك ئىشلەپ كېتىپ قورساق پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ساقىيالماي تۈگەپ كەتكەن، دەپ كەلسەم كاتىستىي مېنىڭ سىرداش دوستۇم ئىدى!

— سىرداش دوستىڭىز بولسا پىكرىم يوق. لېكىن كا-تىستىي قانداق بولۇپ ئۆيدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىما بولۇپ قالدى؟

— ھە، بۇ ئىسمىنى مەن قويۇپ قويغان، چۈنكى راھىبلار-نى شۇنداق ئاتايتتى، يېقىمسىز ئاڭلانمايدىغاندۇ؟— دېدى غوجا-يىن بۇ ئىسمىدىن ماختانغاندەك قىلىپ.

— ئۇنداقتا قەبرە تېشىغا ئاتاپ يازغان بېغىشلىمىڭىزنى كۆرۈپ باقاي! — دېدى مېتى ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئارگىنالنى قولىغا ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى: «بوشلۇقتا تۇغۇلۇپ»، «بوشلۇق ئىزدىنىپ»، «بوشلۇقتا ئۆلگەن» بوشلۇق...... ئاھ! ئۆيدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىما.

— ھەقىقەتەن ئوبدان يېزىپسىز. «ئۆيدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىما» دېگەن سۆز بەك ماس كەپتۇ، — دېدى مېتى ئەپەندى غوجايىنىنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، — ئەسلىدە قەبرە تېشىنى كوزىدىن ياساپ، بېغىشلىمىنى شۇنىڭغا ئويۇپ، بۇتخانىنىڭ كەينىگە قويۇپ قويساق ناھايىتى ئېسىل ئىش بولاتتىكەن! ئۆيدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ئۆلىمامۇ تېزرەك ئەۋلىياغا ئايلىنار ئىكەن.

— مەنمۇ دەل شۇنداق قىلايمىكىن دەپ تۇرغان، — دېدى غوجايىن ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن، — ئازاق ئىشىم چىقىپ قالدى، بىر پىلا كېلەي، سىز مۇشۇكنى ئويناتقاچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ!

غوجايىن مېتى ئەپەندىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

غوجايىنىنىڭ مېنى مېتى ئەپەندى بىلەن قويۇپ چىقىپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان، ئۇھ، ئەمدى ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق - تە؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەجىيىپ قۇچىقىغا چىقىۋالدىم. كىم بىلسۇن مېتى ئەپەندى پۇتۇمنى ئاسمانغا قىلىپ:

— ۋاي، تازا سېمىزكەن، پۇتلىرىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ، لېكىنزە، چاشقان تۇتالمايدۇ بۇ جانىۋار، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

مېنى ئەخمەق قىلغىنى ئازدەك، ئۇ يەنە ئايال غوجايىنغا قاراپ:

— بۇ مۇشۇك چاشقان تۇتالامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاشقان تۇتۇشنى بىلمەيدۇ، لېكىن پېروزنا يەپ ئۇس-سۇل ئۆيناشقا ئۇستا.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ خوتۇنمۇ ئەيىبىمنى ئاچقىلى تۇر-دى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بېشىم يەردە پۇتۇم ئاسماندا ساڭگىلاپ تۇ-رۇپمۇ سەل خىجىل بولدۇم. شۇ تۇرۇقىدا مېتى ئەپەندى مېنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— شۇنداق، قارىماققىلا بۇ ئۇسسۇلچى مۇشۇكتەك قىلىدۇ، يەڭگە! بۇنداق مۇشۇكلەرنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، خۇددى ئىلگىرىكى ئامىباب رومانلاردا تىلغا ئېلىنغان غەلىتە مۇ-شۇكلەردەك! — دېدى مېتى ئەپەندى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ.

ئۇ ئايال غوجايىن بىلەن قۇرۇق گەپ ساتقىلى تۇردى. ئايال غوجايىن سەل بىئاراملىق ھېس قىلىپ، يىڭنە-يىپنى قويۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى.

— سىزنى ساقلىتىپ قويدى، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغاندۇ؟— دېدى ئايال غوجايىن قايتىدىن بىر ئىستاكان چاينى مېتى ئەپەندىگە تۇتقاچ.

— ئەپەندىم نەگە كەتكەندۇ؟

— بۇ ئادەم بىر يەرگە بارسا ئەزەلدىن دەپ قويمايدۇ، شۇڭا بىزمۇ دېرىكىنى قىلالمايمىز! دوختۇرنىڭ يېنىغا كەتكەن بو-لۇشى مۇمكىن!

— دوختۇرنىڭ يېنىغا نېمىگە بارىدۇ؟ بۇنداق كېسەلگە يولۇققان دوختۇرنىڭمۇ جېنىغا ۋاي.

— ھەي! — دەپ قويدى ئايال غوجايىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي.

لېكىن مېتى ئەپەندى ئاڭقىرالماي، يەنە سورىدى:

— يېقىنىدىن بېرى ئەپەندىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قازان كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— ياخشى - يامانلىقىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنگىنى بىلەن بەرگەن دورىنى ئىچمىسە ئاشقازان كېسىلى قانداقمۇ ساقىيىدۇ؟

ئايال غوجايىن مېتى ئەپەندىگە دەرد تۆككىلى تۇردى:

— ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ باشقا كېسىلى يوق، كۆرمەيدىغان ھالىغا باقماي، ئاقماس كىتابلارنى ئېلىۋالىدىغان خۇيى بار. قۇربىتى يەتكەن بولسىغۇ مەيلىتى، لېكىن خىيالىغا كەلسىلا كىتابخانىغا بېرىپ، بىرقېتىمدا نەچچە كىتابنى تەڭلا ئېلىۋېلىپ، ئاي ئاخىرى بولسىلا خۇپسەن گاس بولۇۋالىدۇ، ھەر ئايدا كىتابنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا بەرمەيدۇ، پۇلنىڭ يوقىدا بىزنىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

— كىتابنى قانچىلىك ئالسا شۇنچىلىك ئالسۇن، ھېچقىسى يوق! ئەگەر پۇلنى سۈيلەپ كەلسە، «بېرىۋېتىمىز! بېرىۋېتىمىز!» دەپ قويساڭلار سۈيلەپ كەلگەنلەرمۇ كېتىپ قالىدۇ.

— گەپنى قىلماق ئاسان، لېكىن ۋاقىت ئۆزىرىپ كەتسە بەرمىگەن بىلەن بولماس!

— ئۇنداقتا دەۋالىشىڭلار، كىتابنىڭ پۇلىنى چۈشۈرۈپ بەرسۇن!

— ئۇنداق دېسەك، ئۇ ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. يېقىندا ئۇ ماڭا: «زىيالىينىڭ ئايالىدەكمۇ تۇرمايسىز، كىتابنىڭ قىممىتىنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسىز، قەدىمكى رىمدا بىر ھېكايە بار، سىزگە ئېيتىپ بېرەي» دەيدۇ تېخى.

— خېلى قىزىقتەك قىلىدۇ، نېمە ھېكايىكەن؟

مېتى ئەپەندى قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇنى ئايال غوجايىنغا ئىچ ئاغرىتىپ سورىدى دېگەندىن كۆرە، ئۆزى قىزى-

قىپ سورىدى دېگەن تۈزۈك.

— قەدىمكي رىم پادىشاھىنىڭ ئىسمى جىلاش ئىكەن......

— جىلاش؟ بۇنداق ئىسمى بارلار كۆپ ئەمەس جۇمۇ.

— چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسمىنى چۈشەنمەك قىيىن، يا ئەستە تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، جىلاش رىمنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى ئىكەن......

— شۇنداقمۇ؟ يەتتىنچى ئەۋلاد پادىشاھىنىڭ ئىسمى جى-لاشمىكەن؟ قالتىسكەنغۇ؟ ھە، جىلاشقا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇھ، سىزمۇ مېنى مازاق قىلىۋاتامسىز؟ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىمەن.

— مازاق قىلىۋاتامسىز دەمسىز؟ مەن ئۇنداق بىمەنە ئىش-لارنى قىلىپ يۈرمەيمەن. جىلاش دېگەن ئىسىم باشقىچە ئاڭلى-نىپ سوراپ قويدۇم. ۋاي، توختاڭ، رىمنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد پا-دىشاھىنى دەۋاتىسىز شۇنداققۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەستە ساقلاش قىيىنكەن. تاكوي. جىر. بىرودلىمۇ تېخى. كىم بولسا مەيلى، شۇ پادىشاھقا نېمە بوپتۇ؟

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىر ئايال توققۇز پارچە كىتاب ئې-لىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ ۋە پادىشاھتىن «بۇ كى-تابلارنى سېتىۋالامسىز؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ توققۇز پارچە كىتاب كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان كىتابلارمىش. پادىشاھ ئۇ-نىڭدىن «نەچچە پۇلغا ساتىسىز؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇ باھانى ئۆرە قويۇپتۇ. پادىشاھ «بەك قىممەت بولۇپ كەتتى، سەل چۈشۈرۈپ بېرەلەمسىز؟» دەپتۇ. ھېلىقى ئايال ئۈچ كىتابنى ئېلىپ ئوتقا تاشلاپتۇ.

— تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

— پادىشاھ توققۇز كىتابتىن ئالتىسى قالدى، ئەمدى چو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوم ئەرزان بېرىدۇ دەپ ئويلاپ، باھاسىنى قايتا سوراپتۇ، ئۇ ئايال يەنىلا ئاۋۋالقى باھادا چىڭ تۇرۇپ، بىر پۇڭمۇ چۈشۈرۈپ بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ «بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭىزمۇ ـ قانداق؟» دېيىشىگە، ئۇ ئايال يەنە ئۈچ كىتابنى ئوتقا تاشلاپتۇ. پادىشاھ كىتابلارغا قىيمىغان ھالدا ئۇ ئايالغا «ئۈچلا كىتاب قالدى، ئەمدى قانچە پۇلغا بېرىسىز؟» دېسە، ئۇ ئايال يەنىلا توققۇز كىتابنىڭ باھاسىنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى ئايال توققۇز كىتابتىن ئالتىسى، ئالتە كىتابتىن ئۈچى قالسىمۇ يەنىلا ئاۋۋالقى باھادا چىڭ تۇرۇپ، بىر پۇڭمۇ چۈشۈرۈپ بەرمەپتۇ. يەنە باھا تالاشسا قالغان ئۈچ كىتابتىن قۇرۇق قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پادىشاھ نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئۈچ كىتابنى سېتىۋاپتۇ...... يولدىشىم بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ، مەندىن «قانداقكەن؟ كىتابنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەنسەن؟» دەپ كۆرەڭلەپ كەتتى، لېكىن ماڭا ئۇنداق بىلىنمىدى ئىچىمنى سىقىپ.

ئايال غوجايىن گەپتىن توختاپ، مېتى ئەپەندىنىڭ جاۋابىنى كۈتتى. زېرەك مېتى ئەپەندىمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، مەن بىلەن ئوينىشىپ قويدى.

— تېخى قايتمىدىڭىزمۇ؟

غوجايىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قايسى چاغدا كىرىپ، مېتى ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالدىكىنتاڭ.

— تېخى قايتمىدىڭىز؟ نېمانداق قوپال گەپ قىلىسىز؟ بايا ئۆزىڭىز ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، ساقلاپ تۇرۇڭ دېمىدىڭىزمۇ؟

ئايال غوجايىن ئېرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، مېتى بىلەن خوشلىشىپ، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— سىز يوق چاغدا سىز توغرۇلۇق غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلىدىم.
— ئايال كىشى دېگەننىڭ ئاغزىنىڭ تورمۇزى يوق! ئەگەر ئىنسانلار مۇشۇ مۇشۇكتەك جىمىغۇر بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! — دېدى غوجايىن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ.
— كانىيزى ئەپەندى نېماداق تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟
— كانىيزى ئەپەندىمۇ كېلىمەن دېگەنما؟— دېدى غوجايىن ھەيران بولۇپ.
— كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن سائەت 1دە ئۆيگە كېلىشنى ئېيتقان.
— سىزمۇ قىزىقكەنسىز، باشقىلارغا قولايلىقمۇ ئەمەسمۇ ئويلاشمايلا باشباشتاقلىق قىلىدىكەنسىز، كانىيزىنى چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟
— ۋاي، بۇگۈنكى ئۇچرىشىشنى كانىيزى ئۆزى تەلەپ قىلغان. ئۇ يېقىندا فىزىكا ئۇيۇشمىسىدا لېكسىيە سۆلىمەكچىكەن، مەشىق قىلىپ سۆزلەپ باقاي، سىز ئاڭلاپ بېقىڭ دېگەندى، مەن كۇسايا ئەپەندىمۇ ئاڭلاپ باقسۇن دەپ، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلدىم، قانداق؟ سىز بىكارغۇ خېلى، شۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئادەمگە گەپ كەتمەيدۇ، ئاڭلاپ باقساق ياخشى ئەمەسمۇ؟— دېدى مېتى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن كۆرەڭلىگەندەك تەلەپپۇزدا.
غوجايىن مېتى ئەپەندىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىدىن نارازى بولغاندەك قىلاتتى.
— فىزىكا توغرىسىدىكى لېكسىيەنى چۈشەنمەيمەن!
— ئەمما، ئۇ لېكسىيە ناھايىتى ئامىباب، چۈشىنىشلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن، «بويۇندىن ئېسىش مېخانىكىسى» توغرىسىدا سۆزلەيدىكەن، شۇڭا ئاڭلاپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

— سىزغۇ ئېسىلىپ باققان ئادەم، ئاڭلاپ قويىسىڭىز بولىدۇ، لېكىن مەن......

شۇ ئارىدا كاننېزى ئەپەندىمۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ بۈگۈن كەچتە لېكسىيەگە بارىدىغان بولغاچ، چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى.

— كېچىكىپ قالدىم......

— ئىككىمىز سىزنى ساقلىغىلى خېلى بولدى، تېزرەك باشلاڭ، ئاغىنە!

كاننېزى كالتە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئارگىنال قەغىزىنى ئېلىپ ئوقۇشقا تەمشەلدى.

—بۇ بىر مەشىق، ھەرقايسىڭلارنىڭ قىلچە تەكەللۇپ قىلماي كۆپرەك باھا بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

رېپېتىتسىيە باشلىنىپ كەتتى.

— جىنايەتچىلەرنى دارغا ئېسىش ئانگوراس مىللىتى ئىچىدە يولغا قويۇلغان بىر خىل جازالاش ئۇسۇلى. ئەلمىساقتىن ئېسىلىۋېلىش ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى كۆرسىتەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا يەھۇدىيلار جىنايەتچىنى ئېسىپ قويۇپ، تاش ئېتىپ ئۆلتۈرەتتىكەن. «تەۋرات»نى تەتقىق قىلىدىغانلارنىڭ قارىشىچە، «بويۇندىن ئېسىش» ئەسلىدە ئادەمنىڭ جەسىتىنى يىرتقۇچ ھايۋان ۋە گۆشخور قۇشلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغانىكەن. سېرودوتۇس تەلىماتى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، يەھۇدىيلار مىسىردىن كېتىش ئالدىدا، كېچىدە جەسەتنى يورۇققا ئېلىپ چىقىشنى يامان كۆرەتتىكەن. ئەمما مىسىردا جىنايەتچىنى جازالاپ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ھايۋانلار يېسۇن دەپ كېچىدە جەسەتنى كىرىستقا ئېسىپ قوياتتىكەن.

ئەمدى پارسلارغا كەلسەك......

ــ كاننىزى بۇرادەر، تېما «بويۇندىن ئېسىش» تىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ، چاتاق چىقماس؟ــ دېدى مېتى گەپ قىستۇرۇپ.

ــ خوش، گېپىمگە كەلسەم، يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلار بار ئىدى، يادىمغا كەلمەي قالدى، شۇڭا ئىككىلىرىنى زېرىكتۇرۇپ قويماي دەپ، شۇڭلاشقا......

ــ ئۇ ئىشلارنى بىلمىسەكمۇ كېرەك يوق، ــ دېدى غوجايىن زېرىككەندەك ئەسنەپ تۇرۇپ.

ــ ئۇنداقتا، گەپنىڭ ئۇزىگە كېلەي، ئاڭلاڭلار، قايتىپ كەلدىم.

ــ «ئاڭلاڭلار، قايتىپ كەلدىم» دېگەن بۇ سۆز نۇتۇقچىلار ئارىسىدا مودا گەپ ئوخشىمامدۇ! بۇ سۆزنى ئامال بار سىلىقراق قىلغان ياخشى، ــدېدى مېتى ئەپەندى يەنە گەپكە قوشۇق سېلىپ.

ــ «ئاڭلاڭلار، قايتىپ كەلدىم» دېگەن سۆز قوپال ئاڭلانسا، ئورنىغا نېمە گەپنى ئالماشتۇرساق بولار؟ــ دېدى كاننىزى تېرىككەن تەلەپپۇزدا.

ــ مېتى بۇرادەر، ئاڭلاۋاتامسىز ياكى قەستەن چاتاق تېرىۋاتامسىز؟ كاننىزى سىزمۇ چاقچاق قىلماي تېزرەك گەپ قىلسىڭىزچۇ؟

غوجايىن قۇرۇق گەپتىن زېرىكىپ تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

ــ كۆزنىتىشىمچە، جازالىغاندا دارغا ئېسىش «ئودىسسا» ناملىق كىتابتا خاتىرىلەنگەن. يەنى مەزكۇر كىتابنىڭ 22 - بېتىدە تېلېماچۇسنىڭ پېنىلوپېنىڭ 20 ئايال ئەمەلدارىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكى يېزىلغان. ئەسلىي ئەسەرنى گىرېك

تىلىدا ئوقۇپ بېرەي دېگەن، لېكىن كۆپچىلىكنى قايمۇقتۇرماي دەپ قالدىم، شۇڭا ئۆزۈڭلەرگە قالدۇردۇم، 465 - قۇردىن 473 - قۇرغىچە ئوقۇپ چىقساڭلار ئايدىڭلىشىدۇ. دارغا ئېسىش - نىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرى، ھېلىقى تېلېماچۇس ئۇل - سىپىسىس بىلەن فىيلىشىياسقا ياردەملىشىپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈۋرۈككە باغلاپ، ئاندىن چەمبىرەك چىقىرىپ ئىل - مەك ئۇرۇپ، ئايال ئەمەلدارنىڭ بېشىنى ئارغامچا چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى كۈچەپ تار - تىپ ئېسىش.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئەمەلدار ئايالنى ئېسىپ قو - يۇشنى دېمەكچىمۇ؟ خۇددى غەربتە كىرخانىدا كىيىمنى ئې - سىپ قۇرۇتقاندەك؟

— توغرا دېدىڭىز، ئەمدى ئىككىنچى خىل ئۇسۇلغا كەل - سەك، ئاسىدىغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۈۋرۈككە باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى تورۇسقا باغلاش، ئاندىن ئېگىزدىكى ئارغامچى - نىڭ بىر ئۇچىنى ئازراق ساڭگىلىتىپ، چەمبىرەك چىقىرىپ چىگىپ، ئايال ئەمەلدارنىڭ بويىنىغا سېلىش. بۇيرۇق چۈشكەن ھامان، ئايال ئەمەلدارنىڭ پۇتىدىكى ئورۇندۇقنى ئېلىۋېتىش.

— مەسىلەن، خۇددى قاۋاقخانا ئىشىكىدىكى چىغدا توقۇل - غان پەردىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە رەڭلىك لامپۇچكا ساڭگىلاپ تۇرغاندەكلا ئىشمۇ؟

— رەڭلىك لامپۇچكا؟ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، شۇڭا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق لامپۇچكا بولىدى - غان بولسا، بەلكىم ئوخشاپ قالىدىغاندۇ؟ تۆۋەندە سىلەرگە مى - سال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرەي، مېخانىكا ئىلمى بويىچە چۈ - شەندۈرگەندە، بىرىنچى خىل ئۇسۇل پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

— بۇ گەپ قىزىقكەن! — دېدى غوجايىن مېتىنىڭ سۆزىنى ئەستىقلاپ.

— ئالدى بىلەن ئەمەلدار ئايالىلارنى ئېسىپ قويدى، دەپ قىياس قىلساق، قىياسىمىز بويىچە ئىككى ئايال ئەمەلدارنىڭ بوينىدىكى ئارغامچا تەكشى ھالەتتە بولسا، ئۇنداقتا a1، a2 ھەمدە a6 نى ئارغامچىنى تەشكىل قىلغان تۈز سىزىق دېسەك، t1 ,t2, نى t6 غىچە بولغان ئارتىلىقنى كۈچ نۇقتىسى دېسەك، T7=X نى ئاسىدىغان ئارغامچىنىڭ بەرداشلىق بېرىدىغان ئەڭ تۆۋەن كۈچى دېسەك؛ W ئېنىقلا ئايال ئەمەلدارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى بولىدۇ. قانداق، چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

مېتى ئەپەندى بىلەن غوجايىن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇغاندىن كېيىن:

— ئاساسىي جەھەتتىن چۈشەنگەندەك بولدۇق، — دېيىشتى.

— سىلەرگىمۇ مەلۇم، كۆپ بۇلۇڭلۇق شەكىللەر ھەققىدىكى تەكشىلىك پىرىنسىپى، ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك 12 خىل فورمۇلا شەكىللىنىدۇ:

(1) Tlcosa1=T2cosa2.... (2) Tlcosa2=T2cosa3...

— فورمۇلا توغرىسىدا يېتەرلىك سۆزلىگەنسىز! — دېدى غوجايىن قىلچە يۈز بەرمەي.

— ئەمەلىيەتتە، فورمۇلا توغرىسىدىكى بۇ مەزمۇن سۆزلىمەكچى بولغان لېكسىيەمنىڭ جېنى، — دېدى كاننىېزى ئەپەندى سەل ئۈمىدسىزلىنىپ.

— ئۇنداقتا، «جان» قىسمىدىن باشقا كۈنى تەلىم بېرەرسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېتى ئەپەندىمۇ بۇ قۇرۇق گەپلەردىن بىزار بولغاندەك قىلاتتى.

— ئەگەر بۇ قىسىمنى چىقىرىۋەتسەم، مېخانىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلغان قىسمى يوقىقا چىقمامدۇ؟

— ئۇھ، نېمانچە كۆپ ئويلايدىغانسىز، كەينىگە قالدۇرسىڭىز بولمامدۇ؟— دېدى غوجايىن پەرۋاسىزلا.

— باش ئۈستىگە، تەۋەككۈل قىلىپ چىقىرىپ تاشلاي.

— ئەمدى ئەقلىڭىزنى تاپتىڭىز! — دېدى غوجايىن بىمەنە ۋاقىتتا چاۋاك چېلىپ.

— ئەمدى ئەنگلىيە ئۇسلۇبىدا تەپەككۇر يۈرگۈزەيلى. «بىڭۇۋۇپ» دېگەن داستاندا «ئېسىپ ئۆلتۈرۈش سۇپىسى» دەيدىغان بىر سۆز بار. بۇنىڭدىن شۇ زامانلاردىمۇ دارغا ئېسىش جازاسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاكسىنىڭ قارىشىچە، دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ئارغامچىدىن مەسىلە كۆرۈلۈپ ئۆلمەي قالسا، يەنە بىر قېتىم ئوخشاش ئۇسۇلدا دارغا قايتا ئېسىلىدىكەن. غەلىتە يېرى «فىياس پۇلمان» دېگەن ئەسەردە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «دارغا ئېسىلغۇچى ئۆلمەي قالسا قايتا دارغا ئېسىشقا بولمايدۇ.» گەرچە بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى توغرا، قايسىسى خاتا، بۇنى ئايرىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن، جىنايەتچىنىڭ بىر قېتىمدا جېنى چىقمىغان بولسا قايتا جازالىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. مۇنداق بىر ھېكايە بار: مىلادىيە 1786 - يىلى سېسىق نامى جاھانغا پۇر كەتكەن بىر ئەبلەخ دارغا ئېسىش سۇپىسىغا يالاپ چېقىلىپتۇ. لېكىن، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. بىرىنچى قېتىم ئورۇندۇقتىن پۇتى ئايرىلغاندا، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا دارغا ئېسىلىپتۇ.

ئەمما بۇ قېتىم ئارغامچا بەك ئۇزۇن بولغاچ، پۇتى يەرگە تېگىپ قېلىپ يەنە ئۆلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ياردىمىدە، ناھايىتى تەستە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

— تووۋا! شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن-ھە، — دېدى مېتى قىزىقىپ.

— تازىمۇ بىر ئۆلمىكى تەس نېمىكەن، — دېدى غوجايىن ھاياجانلىنىپ.

— قىزىق يېرى تېخى كەينىدە! ئادەمنى بويۇندىن ئاسقان ھامان بويۇن بىر سۆڭ ئۇزۇرايدىكەن، بۇنى دوختۇرلار ئۆلچەپ چىققان، جەزمەن توغرا!

— بۇ يېڭى تېخنىكا ئىكەن! قانداق؟ ئەگەر ئېسىلىپ ئۆلۈشكە تىزىملاتسىڭىز، بويىڭىز بىر سۆڭ ئۇزىرىپ، ئوتتۇرا بويلۇق كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ قالغۇدەكسىز! — دېدى مېتى غوجايىنغا قاراپ.

ئويلىمىغان يەردىن، غوجايىن بۇ سۆزگە ئىشىنىپ قالدى.

— بوي ئېگىزلىكى بىر سۆڭ ئۇزىرىپ قالغان كىشى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالامدىكەن؟ شۇنداق ئىش بولغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. ئاسقاندىن كېيىن، ئومۇرتقا سۆڭىكى ئۇزىرىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسى، بەدەن ئۇزىرىمايدۇ، بەلكى ئومۇرتقا سۆڭىكى سوزۇلۇپ ئۇزۇلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا بولدى قىلاي، — دېدى غوجايىن ئۈمىدسىزلىنىپ.

نۇتۇق بەك ئۇزۇن ئىدى، كاننېزى دارغا ئېسىشنىڭ فىزىئولوگىيەلىك رولى توغرىسىدا سۆزلىمەكچىدى، لېكىن مېتى تولا قالايمىقان گەپ قىستۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە پەقەتلا ئۇيغۇن بولمىغان نەزەرىيەلەرنى ساتتى. ئۇنى ئاز دەپ غوجايىن توختى-

ـماي ئەسنەپ كەيپىياتنى بۇزدى. شۇنىڭ بىلەن كاننىزى نۇتۇق-نى توختىتىپ، قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە كاننىزى ئەپەندى نۇتۇقنى قانداق ئۇسلۇبتا سۆزلىدى؟ قانداق ماھارەتلەرنى ئىشلەتتى؟ قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ تازا بىلىپ كېتەلمىدىم.

بىر كۈن ئىچىدىكى 24 سائەتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى قال-دۇرماي خاتىرىلىسەم، بۇلارنى ئوقۇپ چىقىشقىمۇ ئېھتىمال 24 سائەت كېتىدۇ. مەن ھەرقانچە چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىدىم دې-گەندىمۇ شۇنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەن ئارتۇقچە ئىشلارغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدىغان مۇشۇك ئە-مەس. شۇڭا غوجايىنىمنىڭ كۈندە كۆز - كۆز قىلىپ ئادەمنى ئالدايدىغان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ قى-لىقلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىز-لىق قىلىمەن، بۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىمەن. شۇنداقتىمۇ ماڭا ئامال يوق.

كاننىزى ئەپەندى ۋە مېتى ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن، غوجايىن يەنە كىتابخانىغا بېكىنىۋالدى.

ئايال غوجايىن جەنۇبقا قارايدىغان كىچىك ئۆيدە ئۈچ ياشقا توشمىغان بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى. نورۇزگۈل ئېچىلغان پە-سىلدە تۇمانلىق كۈنلەر ئاز بولاتتى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا كۈن غەربكە پاتاتتى. كەچلىك تاماقتا يېرىم قاچا بېلىق شورپى-سى ئىچتىم، يەنە تېخى ماڭا بۆلۈنگەن سەدەپ قۇلۇلىسىنى پاك-پاكىز يېۋەتتىم. قورسىقىم تويغانىكەن، ئارام ئېلىشىم كېرەك-تە. شۇنىڭ بىلەن بىر بۇلۇڭنى تېپىپ بىر دەم مۈگدىۋالدىم.

كىشىلەر دائىم مۇشۇكلەرنىڭ كۆيلۈگىنى باھاردىن دې-رەك بېرىدۇ، ئۇلار باھار كەلگەندە كېچىسى ئۇخلىماي، سەت چىرقىرىشىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىزگە ئارام بەرمەيدۇ، دېيىشى-

دىكەن. لېكىن ئەسلا ئۇنداق ئەمەس. مۇھەببەت ئەسلىدىنلا ئا-
لەمدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاس-
ماندىن زېمىنغىچە، تۇپراقتىكى سازاڭدىن موزايىبېشىغىچە
كىمىمۇ مۇھەببەت كويىدا پاراكەندە بولمىغان دەيسىز، بۇ مەۋ-
جۇداتلاردا بولىدىغان ئورتاق ئەھۋال. مېنىڭ زامانداشلىرىم بول-
غان مۇشۇكلەرنىڭمۇ قەلبىدىكى مۇھەببەت باھار بىلەن تەڭ
ئويغىنىپ، ئۇلارنى جىم تۇرغۇزمايدۇ، لېكىن ئۇنچىۋالا ھەددى-
دىن ئېشىپمۇ كەتمەيدۇ. كەچمىشلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە،
مەنمۇ ئىلگىرى مۇشۇكگۈل خېنىمغا ئاشىق - بىقارار بولغان-
مەن. شۇڭلاشقىمىكىن، جاھاندىكى بارلىق ئەركەك ۋە چىشى
مۇشۇكلەر قىممەتلىك باھار مەزگىلىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
مۇھەببەت شەيدالىرىدىن بولۇپ كېتىدۇ؛ لېكىن مەن بۇ ئىشنى
ئۆزۈمگە بېسىم قىلىۋالمايمەن، باشقا مۇشۇكلەر مېنى كەلتۈ-
رۈشنى ئويلاشىمۇ، ئۇلارغا كۆڭۈل بېرىپ كەتمەيمەن، ماڭىمۇ
ئامال يوق - تە! ھازىرقى ئەھۋالىمدىن قارىغاندا، ماڭا ئارام ئې-
لىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. بۇنداق ئۇيقۇ بېسىپ تۇرغاندا، مۇھەب-
بەتلىشىش قانداقمۇ خۇش ياقىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەن ئاستا با-
لىلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم......

قايسى چاغدا ئويغاندىمكىنتاڭ، كۆزۈمنى ئاچسام، غوجايىن
كىتابخانىسىدىن ياتاق ئۆيىگە چىقىۋاپتۇ؛ بىر دەمنىڭ ئىچىدە
يوتقانغىمۇ كىرىپ بوپتۇ. غوجايىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن كۇتۇپ-
خانىسىدىن كىتابتىن بىرقانچىنى ئېلىپ چىقاتتى. ئەمما يات-
قاندىن كېيىن ئۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپمۇ قويمايتتى، بەزىدە تېخى
كىتاب ياستۇقىنىڭ يېنىدا تۇرسا تۇتۇپمۇ باقمايتتى. بىر قۇر-
مۇ ئوقۇمايدىغان ھالىغا كىتابنى ئالايتەن يېنىغا قويۇۋېلىش-
نىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ لېكىن، غوجايىننى غوجايىن قىلغىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەل ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تەرەپلىرى بولسا كېرەك. ئايا-
لى ئۇنى زاڭلىق قىلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ياتاق ئۆيگە كىتاب ئەكىرمە
دېسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن بۇ ئادىتىنى ئۆزگەرتكەن ئەمەس. ئۇ ھەر
كۈنى كەچتە ئېرىنمەستىن ياتاق ئۆيگە كىتاب توشۇيتتى، بە-
زى كۈنلىرى تېخى ئۆزىنى باسالماي، ئۈچ - تۆت پارچە كىتابنى
كۆتۈرۈپ كىرەتتى، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ھەتتا «ۋىي قامۇ-
سى» دېگەن چوڭ كىتابنى قۇچاقلاپ كىردى. دەپ كەلسەك، بۇ
ئۇنىڭ قىزىقىشى ئوخشايدۇ. غوجايىنغا نىسبەتەن كىتاب ئوقۇي-
دىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ئۇخلىتىدىغان قورال بولسا
كېرەك.

ئۇ بۈگۈن كەچ يەنە نېمە كىتابنى كۆتۈرۈپ كىرگەندۇ؟
كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، قىزىل مۇقاۋىلىق بىر كىتاب بۇرۇ-
نىغا قويۇلغان ھالەتتە ئوچۇق تۇراتتى. غوجايىنىنىڭ سول بار-
مىقى كىتاب ۋارىقى ئارىسىدا ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، ئۇ بۈگۈن كېچە كىتاب ئوقۇش رېكورتىنى بۇزۇپ
بەش - ئالتە بەت ئوقۇغاندەك تۇراتتى. قىزىل مۇقاۋىلىق كىتاب
بىلەن بىر تەكشىلىكتە تۇرغان نىكېل يالىتىلغان يانچۇق سا-
ئىتىدىن قايتقان نۇر تولىمۇ سوغۇق بىلىنەتتى.

ئايال غوجايىن بىلىكىنى بىر چى يىراقلىققا سوزۇپ، ئاغ-
زىنى ئېچىپ، پۇشۇلداپ ياتاتتى. دۇنيادا قانداق كۆرۈنۈش ئەڭ
سەت؟ دەپ سورالسا ئاغزىنى ئېچىپ ئۇخلاشتىنمۇ سەت كۆرۈ-
نۈش يوق، دەپ جاۋاب بېرىمەن. بىز مۈشۈكلەر ئەزەلدىن ئۇخلى-
غاندا ئاغزىمىزنى سەت ئېچىپ ياتمايمىز. ئەسلىدە ئېغىز دېگەن
ئاۋاز چىقىرىدىغان، بۇرۇن دېگەن نەپەسلىنىدىغان قورال. باشقا
گەپنى قويۇپ تۇرايلى، تورۇسقا چىقىۋالغان چاشقان ئوچۇق ئې-
غىزغا تەرەت قىلىپ قويسا، نېمىدېگەن خەتەرلىك!

بالىلار نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ قارىسام ئۇلارمۇ ئۇيقۇغا چۇشۇپ-
تۇ. يېتىشلىرىنىڭ سەتلىكى ئىنسىدىن قېلىشمايتتى. ئاچد-
سى ئوڭ قولىنى سوزۇپ، سىڭلىسىنىڭ قولىقىغا قويۇۋاپتۇ،
سىڭلىسى ئاچىسىدىن ئۆچ ئېلىپ، پۇتىنى ئاچىسىنىڭ قور-
سىقىغا قويۇۋېلىپ يۇزىنى ساڭگىلىتىپ، مەغرۇر يېتىپ كې-
تىپتۇ. ئىككىيلەن ئەسلىدىكى ياتقان يېرىدىن 90 گىرادۇس
يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. گەرچە ئۇلار بەكلا پاراكەندە ياتقان بولسى-
مۇ، لېكىن خېلى بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى.

سائەت نەچچە بولدىكىن دەپ ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتىم.
تۆت ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، تام سائىتىنىڭ «دىڭ، داڭ» قىلغان
ئاۋازى، ئايال غوجايىنىنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى، شۇنداقلا يەنە يىد-
راقتىن ئايال خىزمەتكارنىڭ چىشىنى غۇچۇرلاتقان ئاۋازىدىن
باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئايال خىزمەتكارغا باشقىلار «چىشىڭنى
غۇچۇرلاتتىڭ» دېسە، ئۇ «ياق» دەپ تۇرۇۋالاتتى، ئۇ يەنە خىجىل
بولماي «مەن تۇغۇلۇپ هازىرغىچە چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ باق-
قان بەندە ئەمەس» دەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن «بۇندىن كېيىن تۈزىتەي،
سەت بولدى» دەپ باققان ئەمەس. توغرا، ئۇخلاۋاتقاندا بەزى ئىش-
لارنى ئادەم ئۆزىمۇ بىلىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، بەزىدە سىز بىلمى-
گەن بىلەن، بۇ ئىش راستتىنلا يۈز بەرسە، سەت تۇرىدىغان
ئىش - تە! دۇنيادا مۇنداقمۇ ئادەملەر بار، ئەسكى ئىش قىلىپ
يۇرسىمۇ، ئۆزىنى نوچى چاغلايدىغان. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆ-
زىنى گۇناھسىز چاغلاپ يۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھسىز
چاغلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان خاپىلىقى
هەرگىزمۇ ئازلاپ قالمايدۇ. هېلىقى ئېسىلزادە غوجام، ساهىب-
جامال خېنىم يەنە تېخى هېلىقى خىزمەتكار دېگەنلەرنىڭ هەم-
مىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈن پەردىسى تولۇق يېيىلىپ بولغانىدى. بىر ەيلەن ئاشخا-نىنىڭ قوش قەۋەتلىك ئەينىكىنى چەكتى. ۋاي؟ بۇ ۋاق بولغاندا كىمدۇ؟ چاشقان ئۇخشىمامدۇ؟ ئەگەر شۇ بولسا خالىغانچە تاراڭ-شىتىۋەرسۇن، مەن چاشقان تۇتماسلىقنى قارار قىلىپ بولغان.

دېرىزە يەنە بىرنەچچە قېتىم چېكىلدى، ئەمما چاشقاندەك قىلمايتتى. ئەگەر چاشقان بولغان تەقدىردىمۇ توخۇ يۈرەك بىر-نېمە ئۇخشايدۇ. بۇ ئۆيدىكى چاشقانلارنىڭ ھەممىسى غوجايىنى-نىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش، كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۆگىنىدىغان غوجايىنىنى قورقۇتۇشنىڭلا كويىدا يۈرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ دېرىزىنى چېكىپ ئاۋارە بولمايدۇ. دېرىزىنى چەككىنى چاشقان ئەمەستەك قىلاتتى. بۇرۇن غوجايىنىنىڭ يا-تاق ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، غوجايىنىنىڭ پاناق بۇرنىنىڭ ئۇ-چىنى چىشلىۋېلىپ، يايراپ كەتكەن ھېلىقى چاشقان ئەمدى ماڭا قورقۇنچاق بىلىنىۋاتاتتى. چاشقان بولۇشى مۇمكىن ئە-مەس! بۇ چاغدا دېرىزىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنگە سىيرىلغان، كا-تەكچە ئىشىكنىڭ ئاستاغىنا يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمدى چاشقان ئەمەس ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. شۇنچە كەچتە ئىشىكمۇ چەكمەي، قۇلۇپلاقلىق ئۆيگە كىرگەن كىمدۇ؟ مېنى ئەپەندى ياكى سۈزۈكى ئەپەندى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كىم بىلىدۇ؟ ئەتراپتىكىلەرگە تونۇشلۇق خارىنى جانابلىرىمۇ تېخى. ئەگەر شۇ جاناب بولسا نېمىشقا دىدارىنى كۆرسەتمەيدىغاندۇ؟ ما-نا ئەمدى ئۇ جاناب لاي پۇتلىرى بىلەن يوغان چامداپ ئاشخانا ئۆي-گە بۆسۇپ كىردى. ئۇ ئىككى قەدەم چامداپ بولغانىدى. ئۇ ئۈ-چىنچى قەدەمنى چامدىشىغا گەمىنىڭ ئاغزى «گۇم» قىلىپ يې-پىلىپ، كېچە جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. دۇمبەمنىڭ مويلىرى خۇددى تاغاقتا تاراپ قويغاندەك تىكلىشىپ كەتتى. بىر دەمدىن

كېيىن ئاياغ تىۋىشى توختىدى. ئايال غوجايىنغا قارىسام ئاغزى-
نى كاماردەك ئېچىپ بەخىرامان ئۇخلاۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاشخا-
نىدىن سەرەڭگە ياندۇرغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەتراپ يورۇدى. جا-
نابنىڭ كۆزى مېنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس چېغى، ھەرىكەتلى-
رىمۇ تازا قولاشمايۋاتاتتى.
مەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بۇ جاناب ئاشخانىدىن تاماقخا-
نىغا چىقارمۇ؟ ياكى سولغا ئۆرۈلۈپ چوڭ ئىشىكتىن ئۆتۈپ،
كىتابخانىغا كىرىپ كېتەرمۇ...... دېگەنلەرنى ئويلىدىم. لې-
كىن چاپىدىغان، ئىشىك ئىتتىرگەن ئاۋازغا قارىغاندا، ئۇ لەمپى-
نىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندەك، كىتابخانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقان-
دەك قىلاتتى. كېيىن بىراقلا جىمىپ كەتتى.
بۇ چاغدا غوجايىن ئەر - خوتۇننى ئويغىتىش خىيالىغا
كەلدىم. لېكىن ئۇلارنى قانداق ئويغاتسام بولار؟ مەن كىرلىكى-
نى چىشلەپ لەپپەڭشىتتىم. كۆچەپ سىرتقا تارتىم، ئىككى-
ئۈچ قېتىم شۇنداق سىناپ باقتىم، كىرلىكمۇ سوزۇلۇپ بىر
يەرگە باردى، لېكىن غوجايىن ئۆرۈلۈپلا ھەممىنى يۆگەپ ياتتى.
مۇزدەك بۇرنۇمنى غوجايىنىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈپمۇ باقتىم، لې-
كىن غوجايىن شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان چېغى، بۇرنۇمنى ئىت-
تىرىپ «يوقال» دېگەندەك سىلكىنۋەتتى. بۇرۇن مۇشۇككە نىس-
بەتەن مۇھىم ئەزا سانىلىدۇ. مىياۋ! ئەجەبمۇ ئاغرىتىۋەتتى. غو-
جايىننى ئويغىتىشتىن يالتايدىم، جانابنىڭ ئاياغ تىۋىشى يەنە
ئاڭلاندى. «شارت - شارت»، ئۇ كارىدورنى بويلاپ ماڭا يېقىنلى-
شىۋاتاتتى. ئاخىر كەلدى! ئەمدى ھەممە ئىش بىكار بولىدىغان
بولدى. مەن قەغەز توسۇق بىلەن سۆگەت شاخلىرىنىڭ ئارىسىغا
مۆكۈنۈۋېلىپ، ئەھۋالنى كۆزەتتىم.
جانابنىڭ ئاياغ تىۋىشى ياتاق ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە توخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تتدى، پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچتا نېمە قىلىشىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. كېيىن ئويلىسام، ئەينى چاغدا «پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆزىتىپ» تولىمۇ باتۇرلۇق قىپتىمەن. ئەگەر چاشقان تۇتۇشتىمۇ مۇشۇنداق باتۇرلۇق قىلغان بولسام، چاشقان تۇتۇشقا ئۇستا بولۇپ كېتەركەنمەن. بۇ جانابقا يولۇققىنىم ئوبدان بوپتۇ، يوشۇرۇن قابىلىيىتىممۇ ئاشكارىلاندى مانا، بۇنداق تەلەيىنىڭ كەلمىكى تەس.

ئىشىكتىكى قەغەز يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن چېغى، قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، سۇس قىزىل رەڭ بارغانسېرى قېنىقلاشقىلى تۇردى. قەغەز تېشىلىپ قىپقىزىل بىر تىل كۆرۈنۈپ، بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پارقىراق بىر نەرسە كامانىڭ سىرتىدا پەيدا بولدى. دەرۋەقە بۇ ئاشۇ جانابنىڭ كۆزى ئىدى، «شارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مېنى تەقەززا قىلغان بۇ جاناب ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتتى.

قەدىمدە ئەۋلىيالار «كامالەتكە يەتكەن» دەپ تەسۋىرلىنەتتى، بولۇپمۇ ئەيسا ئۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. 20 - ئەسىرگە قەدەم قويىغان بۈگۈنكى كۈندە، نىقابلىق كامالەت ئىگىلىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. ئەمما بىز كارامەت ئىگىلىرى دەپ قارىغانلار بەزىدە تولىمۇ قابىلىيەتسىز كېلىدىكەن. بۇ ئېنىقلا تەتۈرسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش. ئەلمىساقتىن يېشىلمىگەن بۇ سىرنى پېقىر مۈشۈك يەشكەن ئوخشايمەن! بۇلارنى ئويلاپ، مەنمۇ ئادەتتىكى مۈشۈك ئەمەسكەنمەن دەپ خۇش بولدۇم، شۇنداقلا «مۈشۈكمۇ بوش ئەمەس» دېگەن قاراشنى، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىۋالىدىغان ئىنسانلارنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋەتسەمچۇ دەپ كەتتىم!

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى تەڭ-

رى ياراتقانىكەن. ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىمۇ ھەم شۇنداق. «ئىنجىل»
دىكى مەزمۇنلارمۇ قەغەز ۋە قەلەم بىلەن خاتىرىلەنگەن. سانجاق-
سانجاق ئادەملەر تۈپى ئارىسىدىن چىرايى ئوخشاشلارنى تاپماق
مۇشكۇل. يۈز شەكلى ئېنىقلا پەرقلىنىدۇ، ئەمما ئۆلچىمىدە
چوڭ پەرق يوق. باشقا نۇقتىدىن تەھلىل قىلساق، ئىنسانلار
ئوخشاش ماتېرىيالدىن ياسالغان تۇرۇقلۇق، بىر-بىرىگە چورتلا
ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، تەڭرىنىڭ ئادەمنى يارىتىشىدىكى قابىلى-
يىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن. شۇنچە ئاددىي ماتېرىيال
ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ، بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان چى-
رايلارنى ياراتالىغان. رەسسام بىر ئۆمۈر ۋاقىت سەرپ قىلسى-
مۇ، كۆپ بولغاندا 12 — 13 خىللا ئوبراز يارىتالايدۇ. شۇڭا، ئىن-
سانلار تەڭرىگە چەكسىز ھەمدۇسانا ئوقۇسا بولىدۇ. دۇرۇس،
ئىنسانلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىدىن قارىغاندىمۇ، تەڭرىگە
بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

بۇنچىۋالا تەھلىل قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى! ياتاق ئۆي-
نىڭ بوسۇغىسىدىكى بۇ ناتونۇش ئەپەندى مېنى يۇقىرىقىدەك ئوي-
لارغا سالدى. «نېمە ئۈچۈن؟» ئويلىسام ئەسلىي مۇنداق ئىكەن:

بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغۇ خېلى يامان ئەمەس ئىكەن، لېكىن
مېنى ئويغا سالغىنى، ئۇنىڭ قاش-كۆزلىرى بىزنىڭ ئۆيگە تولا
كېلىدىغان سۆيۈملۈك كانىنېزى ئەپەندىگە بەكلا ئوخشايدىكەن،
خۇددى بىر قېلىپتا قۇيغاندەك.

بۇ جاناب ئورۇق، قارا قاشلىق، سالاپەتلىك ئىدى. ئۇ تەخمى-
نەن 26 — 27 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بۇ تەرىپىمۇ كانىنېزى
ئەپەندىگە ئوخشايتتى. تۇۋا! تەڭرى ئوپئوخشاش ئادەمدىن ئىككى-
نى ياراتتىمۇ نېمە؟ راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئىككى كىشى بەك
ئوخشايدىكەن، شۇڭا ھەيران بولماي تۇرالمىدىم، كانىنېزى ئەپەن-

www.uyghurkitap.com

دىنىڭ ئىرۋىسىدىن چاتاق چىقىپ، يىرىم كېچىدە ئوغرىلىققا كىرگەنمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ شالاڭ بۇرۇتى پەرىزىمنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

جانابىنىڭ قولتۇقىدا بىر نەرسە تۇراتتى. قارىسام، غوجا- يىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كونا گىلەم ئىكەن. ئۇ ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك كاتەكچە گاچا كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بېلى- گە كۆل رەڭ بەلباغ چىگىۋالغانىدى، كالتە ئىشتىنىدىن ئورۇق پاچاقلىرى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، ئۇ ئاستاغىنە بىر پۇتىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىشكە تەمشەلدى.

شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان غوجايىن تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ:

— كاننىزى! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئالاقزەدە بولغان ئوغرىنىڭ قولتۇقىدىكى گىلەم يەرگە چۈشۈپ كەتتى - دە، دەرھال ئالدىغا يۆتكىگەن پۇتىنى قايتۇرۇ- ۋالدى، جىددىيلەشكىنىدىن پۇتلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. غو- جايىننىڭ بۇ بەسىرەمجان ئاۋازىدىن مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىم. غو- جايىن بىرنېمىلەرنى دەپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ياستۇقنى بىر ياققا تاشلاپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. غوجايىن جۆيلۈپ ئىختىيار- سىز «كاننىزى» دەپ ۋارقىراپ تاشلىغانىدى.

جاناب كارىدوردا ئەتراپنى كۆزىتىپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولغانلىقىنى جەزمە- لەشتۈرگەندىن كېيىن، ئاستا بىر پۇتىنى ئالدى، بۇ قېتىم كان- نىزى دېگەن ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە بىر پۇ- تىنىمۇ ئېلىپ ئۆيگە كىردى. كۆكۈچ چىراغ نۇرى 12 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. جانابىنىڭ سايە- سى چىراغ نۇرىنى توسۇپ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ سايىسى تامنىڭ يېرىمىغا چۈشۈپ ئەتراپنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى، بې-

شىمنى بۇراپ قارىسام ئۇنىڭ سايىسى تامنىڭ ئۇچتىن ئىككى
قىسمىنى ئىگىلەپ، ئۇياقتىن - بۇياققا پۇلاڭشىپ يۈرەتتى. تەڭ-
رى نېمىشقىمۇ ئادەمنى شۇنچە قامەتلىك يارىتىپ، سايىسىنى
چىرايلىقراق ياراتمىغاندۇ؟ ھەرقانچە كېلىشكەن ئادەم بولسىمۇ
ئۇنىڭ سايىسى تۇرۇپقىلا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ، تولىمۇ كۈل-
كىلىك ئىش - تە، بۇ! جاناب ئايال غوجايىنىنىڭ ئۇخلىغاندىكى
چىرايىغا ئوغرىلىقچە قاراپ، ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈل-
گەندىكى چىرايى كانىيىزىنىڭ كۈلۈشىگە تېخىمۇ ئوخشاپ كەت-
تى، مەن راستتىنلا ھەيران قالدىم.

ئايال غوجايىنىنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدا ئەتراپى مىخلانغان
كىچىككرەك بىر قۇتا بار ئىدى، قۇتىنىڭ ئىچىدە تاتارا سانپى
يۇرتىغا قايتقاندا ئالغاچ كەلگەن پېچەككۈل قاچىلانغانىدى. پې-
چەككۈلنى ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇۋېلىش تارىختا كۆرۈلمىگەن
غەلىتە ئىش - تە! ئايال غوجايىن ھەتتا قورۇمىغا سالىدىغان ئاق
شېكەرنىمۇ كىيىم ئىشكاپىغا سېلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ كاللى-
سىدا «نەرسە - كېرەكنى ئۆز جايىغا قويۇش» دەيدىغان ئاڭ يوق
ئىدى. ئۇ ھېلىغۇ پېچەككۈلكەن، ھەتتا تۇزلىغان تۇرۇپ، تەرخە-
مەكلەرنى ياتاق ئۆيگە قويۇشنى نورمال ئىش دەپ قارايتتى. ئەمما،
بۇ جاناب ئەۋلىيا بولمىغاچ، ئۇنىڭ بۇنداق بىر ئايال ئىكەنلىكى-
نى بىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئايال غوجايىن يېنىغا قويۇۋالغان نەرسى-
نى باشقىلار ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىدۇ-
دە. جاناب قۇتىنى قولىغا ئېلىپ، خېلى تورى باركەن دەپ ھېس
قىلدى بولغاي، ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە، ئۇ
ئەخمەق پېچەككۈلنى ئوغرىلىدى، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ بۇ قىلى-
قى ماڭا ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىنىپ كۈلگۈم كەلدى. قالاي-
مىقان ئاۋاز چىقارماي دەپ، كۈلكەمنى زورىغا بېسىۋالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاناب سەل توختىۋېلىپ، پېچەكگۈلنى يۈك ئەدىيالغا ئاۋىلاپ يۆگىدى، ئاندىن ئۇنى باغلايدىغانغا تانا ئىزدەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتتى. ئۇنىڭ كۆزى غوجايىن ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئېلىۋەتكەن لاتا بەلباغقا چۈشتى-دە، قولىدىكى پېچەكگۈلنى شۇنىڭ بىلەن مەككەم باغلاپ ئاستا كۆتۈرۈۋالدى. كۆڭلۈمدە، ئەمدى ئۇ نېمىلەرنى ئالار، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۇ غوجايىنىنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنى كەڭرى ئېچىپ، ئايال غوجايىنىنىڭ بەلبېغى، غوجايىنىنىڭ كالتە كۆڭلىكى ۋە ئاسما مايكىسى قاتارلىق پارچە-پۇرات نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەتلىك سېلىپ باغلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم. ئارقىدىن ئۇ ئايال غوجايىنىنىڭ بەلبېغى بىلەن بىر ئەن رەختتە تانا ياساپ بوپىنى چىگىپ تەييار قىلدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنى ئېلىۋالسام بولار؟ دېگەندەك ئۆپچۆرىسىگە قاراپ، غوجايىنىنىڭ تاماكىسىغا كۆزى چۈشتى-دە، ئۇنىمۇ يانچۇققا سالدى. ئۇ تېخى تاماكىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ، ھوزۇرلىنىپ كەتتى. تاماكا ئىسى يوقىماي تۇرۇپ، جانابنىڭ ئاياغ تىۋىشى غايىب بولدى. بۇ چاغدا غوجايىن ئەر-خوتۇن تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. ئىنسانلار نېمىدېگەن بىپەرۋا! تەڭرى ھەقىقەتەن ئامالسىز كەن.

مەن راستىنلا ئارام ئالمىسام بولمىغۇدەك. بۇنداق چارچاپ كەتسەم سالامەتلىكىمگە زىيانلىق-تە، شۇنداق قىلىپ مەنمۇ ئۇيقۇغا كەتتىم. ئويغانغاندا، غوجايىن ئەر-خوتۇن ئارقا ھويلىدا چارلىغۇچى ساقچىلار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتۇ.

— ئۇنداقتا مۇشۇ يەردىن ھويلىغا كىرىپ، ئاندىن ھوجرىلارغا كىرىپتۇ! ئىككىڭلار راستىنلا ھېچ ئىشنى سەزمىدىڭلارما؟

— شۇنداق، — دېدى غوجايىن سەل خىجىل بولۇپ.

— ئۇنداقتا، ئۇ سائەت قانچىلەردە ئۆيۈڭلەرگە كىرگەندۇ؟

چارلىغۇچى ساقچى سەل بىمەنە سوئال سوراپ قالدى، ئوغرىنى سەزمىگەن ئادەم، نەدىمۇ ۋاقىتنى بىلەلىسۇن. لېكىن غوجايىن ئەر - خوتۇن بۇنى ھېس قىلالماي، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىمىز دەپ، بىر - بىرىدىن سوراشتى:

— نەچچە بولغىيتتى؟

— ئۇ چاغدا...... — دېدى ئايال غوجايىن قاتتىق ئويلانغان قىياپەتتە.

— سىز ئاخشام قانچىدە ئۇخلىغان؟

— مەن سىزدىن كېيىن ئۇخلىغان.

— شۇ، مەن سىزدىن بۇرۇن ياتقان.

— قانچىدە ئويغاندىڭىز؟

— ئەتىگەن سائەت يەتتىدىغۇ دەيمەن.

— ئۇنداقتا ئوغرى قانچىدە كىرگەندۇ؟

— يېرىم كېچىدىغۇ دەيمەن.

— يېرىم كېچىلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سائەت قانچىدە دەۋاتىمەن؟

چارلىغۇچى ساقچىمۇ پەقەتلا رەسمىيەت ئۈچۈن ئۇنى - بۇنى سوراپ قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئوغرىنىڭ قانچىدە كىرگەنلىكىنى سوراشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. يالغاندىن بولسىمۇ بىر ۋاقىتنى دەپ قويسا بولىدىغان ئىشقا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىدىن توختىماي سوئال سوراپ، چارلىغۇچى ساقچىنىڭمۇ بېشىنى ئاغرىتىۋەتتى. ساقچى:

— ئۇنداقتا ئوغرىنىڭ كىرگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس دەپ يازاي، — دېدى - دە، خاتىرىسىنى ئېلىپ يېزىشنى باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چارلىغۇچى ساقچىنىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرۈنمەيتتى.

— ئۇنداقتا ئوغرىلانغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى بې-رىڭ، — دېدى ساقچى.

غوجايىن «مىڭجىنىڭ 38 - يىلى، پۇستانى ئاينىڭ پوكۇنى كۈنى ئوغرى دېرىزىدىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، ماۋۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتى. يۇقىرىدا دېيىلگەن گەپلەر راست، ئالا-ھىدە ئەرز سۇندۇم» دەپ يازدى.

— بۇ دوكلات ئەمەس، بەلكى ئەرز، شۇڭا خەتنى تاپشۇرۇۋال-غۇچى ئورۇننىڭ ئىسمى يېزىلمىغىنى ياخشى، — دېدى چارلى-غۇچى ساقچى.

— ئوغرىلانغان نەرسىلەرنى بىرمۇبىر يازامدۇق؟

— قانداق نەرسە؟ باھاسى قانچە؟ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يې-زىپ چىقىسىلەر. ھەي! بۇلارنى يازغانىنىڭغۇ پايدىسى يوق، بەرى-بىر ئالدىغاننى ئېلىپ بولدى!

چارلىغۇچى ساقچى شۇنداق دېدى - دە، ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى.

غوجايىن سىياھنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئا-يالىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەن ھازىر ئەرز خېتى يازىمەن، سەن ئوغرىلانغان نەر-سىلەرنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەرگىن! تېزرەك ئېيتقىن!

— ۋاي توۋا، ئادەمنى بىزار قىلمىغا! بۇنداق ۋارقىرىسىڭىز كىممۇ يۈرەكلىك ئېيتالىسۇن؟— دېدى ئايال غوجايىن كۆڭلى-كىگە ئىنچىكە بەلباغنى چەگكەچ.

ئۇ شۇنچە كۈچىسىمۇ بەلباغ مەھكەم چىگىلمىدى بولغاي، ئارقىدىنلا ئۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— تۇرقۇڭغا قارا، نېمىشقا بەلباغنى چىڭراق چەگمىدىڭ؟

— كەڭ بەلباغنى ئوغرىلاپ كەتكەن تۇرسا، مەندە نېمە ئامال!

— ئاشۇ كەڭ بەلباغنىمۇ ئوغرىلاپتىما؟ نېمىدېگەن پەس ئوغرى بۇ! ئۇنداق بولسا بەلباغدىن باشلاپ يازاي! قانداق بەلباغتى؟

— قانداقتى دەيسىزغۇ؟ خۇددى نەچچىسى باردەك! شۇ ھېلىقى قارا ئەستەرلىك شايىدىن تىكىلگەن بەلباغچۇ!

— ياخشى، قارا ئەستەرلىك شايىدىن تىكىلگەن بەلباغ بىر تال! نەچچە پۇلغا يارايدۇ؟

— ئالتە سوم ئەتراپىدا بولار!

— نېمانچە قىممەت بەلباغ ئۇ، پۇلنى بۇزۇپ! بۇنىڭدىن كېيىن بىر يېرىم سومدىن قىممەت بەلباغ ئالما!

— نەدىمۇ ئۇنداق ئەرزان بەلباغ بولسۇن! ماڭا بىرئازمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىكەنسىز. مېنى لابدۇر يۇرسۇن دەيدىكەنسىز - دە، ئۆزىڭىزنىلا ياساپ.

— بولدى قىل! يەنە نېمە يىتتى؟

— تاۋار كەمزۇل. ئۇنى كاۋانو يەڭگەم سوۋغا قىلغان، ئۇمۇ ئوخشاشلا تاۋاردىن تىكىلگەن، لېكىن بۇگۇن كىيگىنىمگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.

— تەھلىلىڭنى ئاڭلايدىغان چولام يوق! نەچچە پۇلغا يارايدۇ؟

— 15 سومغا.

— 15 سوملۇق تاۋار كەمزۇل سالاھىيىتىڭگە قەتئىي ماس كەلمەپتۇ!

— نېمە بوپتۇ، يا سىزگە ئالدۇرمىسام!

ئۇندىن باشقا يەنە نېمىنى ئاپتۇ؟

— بىر جۈپ قارا پايپاق.

— سېنىڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭغۇ! 2 مو 7 پۇڭغا ئالغان.
— ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟
— بىر قۇتا پېچەككۈل
— پېچەككۈلنىمۇ ئوغرىلاپتىما؟ پىشۇرۇپ يەي دېگەنمىدۇ ياكى شورپىغا سېلىشنى ئويلاشقانمىدۇ؟
— قانداق يېيىشىنى كىم بىلسۇن، ئوغرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سوراپ كېلەمتىڭىز يا؟
— نەچچە پۇل دەيمىز؟
— پېچەككۈلنىڭ باھاسى ماڭا نامەلۇم.
— ئۇنداق بولسا 12 سوم 5 مو ئەتراپىدا دەپ يېزىپ قوياي.
— بۇ جۆيلۈگەنلىك ئەمەسمۇ؟ پېچەككۈل قانداقمۇ 12 سوم 5 مو بولسۇن، ئادەمنى قورقۇتمىڭا!
— بىلمەيمەن دەۋاتامتىڭ؟
— بىلمەسلىكىم ئېنىق، لېكىن 12 سوم 5 مو دېسەك بەك ئېشىپ كېتىدۇ.
غوجايىن ئەر - خوتۇن تونۇگۇن كېچە ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىك سەۋەبلىك، كەيپىياتى بەك ناچار ئىدى. شۇڭا، مەن ياۋاشلىق بىلەن ئاستا مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتىم.
دەل مۇشۇ چاغدا پېچەككۈلنى ئالغاچ كەلگەن تاتارا سانپى كۆرەڭلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. تاتارا سانپى غوجايىننىڭ شاگىرتى ئىدى. ئۇ سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، ھازىر مەلۇم بىر شىركەتنىڭ كان ئىشلىرى بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى غوجايىن بىلەن ئەسرالىشىپ كېتەتتى، ئۇ بۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن قەۋەتلا يېقىن ئىدى.
— قوشناچىم، بوگۇن ھاۋا بۆلەكچىلا ياخشى! — دېدى ئۇ ئايال غوجايىنغا قاراپ، يوكۈنۈپ ئولتۇرغاچ.



www.uyghurkitap.com



— ھە تاتارا، كەلدىڭىزمۇ؟
— ئۇستازىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟
— ياقەي، كىتابخانىسىدا.
— قۇشناچىم، ئاران بىر كەلگەن يەكشەنبىدە ئۇستازىم ئارام ئالماي كىتاب كۆرسە، چارچاپ كېتىدۇ! شۇنداقمۇ؟ قۇشناچىم.
— ماڭا دېگىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق، ئۇستازىڭىزنىڭ ئۆزىگە دەڭ!
— لېكىن...... — دېدى تاتارا ئۆيگە بىر كۆز يۈگۈرۈتۈۋەتكەندىن كېيىن، — بۇگۈن قىزچاقلارمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟
ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، ئاتسوكو بىلەن سومىكو يۈگۈرۈپ كىردى.
— تاتارا ئاكا! بۈگۈن تۇرمەل ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئاتسوكو.
ئۇ تاتارانى كۆرۈپلا ئالدىنقى قېتىم ۋەدىلىشىپ قويغان تۇرمەلنى يادىغا ئالغاندى. تاتارا بېشىنى قاشلاپ سەمىمىيلىك بىلەن:
— ئاپلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، لېكىن خاتىرجەم بولۇڭ، كېيىنكى قېتىم چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن.
— بولمايدۇ، — دېدى ئاچىسى.
بۇنى ئاڭلاپ سىڭلىسىمۇ ئاچىسىنى دوراپ:
— بولمايدۇ، — دېدى.
ئايال غوجايىنىنىڭ كەيپىياتى بارا - بارا ياخشىلىنىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.
— تۇرمەلنى ئەكەلمىگىنىم بىلەن، بۇرۇن ئەكەلگەن پېچەكگۈلنى كىچىك مەلىكە تېتىپ كۆرگەن بولغىيدىڭىز؟

— پىچەكگۈل دېگەن نېمە؟
ئاچىسى شۇنداق سورىشىغا، سىڭلىسىمۇ ئۇلاپلا:
— پىچەكگۈل دېگەن نېمە؟— دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى.
— تېخى يېمىدىڭلارما؟ تېزدىن ئاناڭلارغا دەڭلار، پىشۇرۇپ بەرسۇن! كاراتسوننىڭ پىچەكگۈلى توكيونىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداق يېيىشلىك!
تاتارا يۇرتىنى ماختاشتىن توختىغاندا، ئايال غوجايىن خىجىل بولغان هالدا:
— تاتارا، ئالدىنقى قېتىم ئەكەلگەن پىچەكگۈلىڭىزگە رەھمەت!
— قانداقراقكەن! تېتىپ كۆردىڭىزمۇ؟ مەن ياغاچ قۇتا زاكاز قىلىپ، پارچىلىنىپ كەتمىسۇن دەپ مەھكەم سىلىپ قويغان، ئۆزگەرمەي تۇرغاندۇ - هە؟
— ئەپسۇس، سىز سوۋغا قىلغان پىچەكگۈلنى تۇنۇگۈن كېچە ئوغرى ئالدى.
— ئوغرى! نېمە؟ پىچەكگۈلنىمۇ ئوغرى ئالامدىكەن؟
تاتارا سەل هەيران بولدى.
— ئانا، ئاخشام ئۆيگە ئوغرى كىردىما؟— دېدى چوڭ مەلىكە.
— شۇنداق، — دېدى ئايال غوجايىن بوش ئاۋازدا.
— ئوغرى كىرىپتۇ...... ئوغرى كىرىپتۇ...... ئوغرىنىڭ چىرايى قانداقكەن؟
بۇ غەلىتە سوئالغا ئايال غوجايىن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.
— چىرايى شۇنداق قورقۇنچلۇقكەن، — دېدى ئۇ تاتاراغا قاراپ قويۇپ.
— قورقۇنچلۇقمىكەن؟ تاتارا ئاكامنىڭ چىرايىغا ئوخشاما-

دىكەن؟— دېدى چوڭ مەلىكە قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز! ئەدەپسىز!
— ھا - ھا - ھا...... مېنىڭ چىرايىم شۇنچە قورقۇنچلۇق-
ما؟ چاتاق بولدىغۇ ئەمدى، — دېدى تاتارا بېشىنى قاشلاپ.
ئايال غوجايىن بىلەن تاتارا ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى. باللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ گەپنى گەپ قىلمىدى.
— ھويلىغا چىقىپ ئويناڭلار، سىلەرگە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرىمەن.
ئايال غوجايىن باللارنى بەزلەپ سىرتقا چىقىرىۋەتتى.
— ئېھتىمال شۇنداقتۇ! ئەمىسە مەن ئۇستازىنىڭ يېنىغا كىرىپ، «ۋېي قامۇسى» دىن ئىزدەيدىغان نەرسەمنى ئىزدەپ چى-قاي، شۇغىنىسى ئۇستازىمۇ غەلىتىكەن، بۇنداق ياخشى ھاۋادا ئۆيدىن چىقمىغىنىنى نېمىسى. قۇشناچىم، بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى قانداق ياخشىلىنىدۇ! ياخشىسى ئۇ-نىڭغا نەسىھەت قىلىڭ، ئۇئىنو دېگەندەك جايلارغا بېرىپ، نورۇز گۈلىنى تاماشا قىلىپ كەلسۇن!
— سىز ئېلىپ بېرىڭ، ئۇستازىڭىز ئايال كىشىنىڭ گې-پىنى ئاڭلىمايدۇ.
— يېقىندىن بېرى ئۇ يەنە مۇرابىبا يەۋاتامدۇ؟
— شۇنداق، ئاۋۋالقىدەكلا.
— يېقىندا ئۇستازىم ماڭا قاقشاپ بەردى. ئۇ «ئايالىم مېنى مۇرابىبانى بەك يەپ كەتتىڭىز، دەيدۇ، لېكىن مەن ئۇنچىۋالا جىق-مۇ يېمەيمەن! خاتا ئويلىۋالغان چېغى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «لېزىيو بىلەن قۇشناچىم بىرلىشىپ يەپ تۈگەتكەن ئوخشايدۇ» دېدىم.
— تاتارا، سىزمۇزە، بەكلا ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىسىز جو-

مۇ! نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟
— قارىسام، سىزمۇ مۇرابباغا ئامراقتەك قىلىسىزغۇ؟
— ئۇنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟
— مەن بىلمەن...... لېكىن، قۇشناچىم راستتىنلا يې-
مىگەنمىدىڭىز؟
— يېيىشنىڭغۇ ئازراق يېگەن. ئازراق يەپ قويغانغا نېمە
بولماقچىتى؟ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە تۇرسا.
— ها - ها! ئويلىغىنىمدەكلا بولدى، ئەمدى ئۆز گېپىمىز-
گە كېلەيلى، ئۆيگە ئوغرى كىرگىنى يامان بوپتۇ! ئۇ پېچەكگۈل-
نىلا ئوغرىلاپتىمۇ؟
— پېچەكگۈلنىلا ئوغرىلىسىغۇ مەيلىتى، ئادەتتە كىيىدى-
غان كىيىمنىمۇ ئاپتۇ.
— چاتاق بوپتۇ، ئەمدى يەنە قەرز ئالىدىكەنسىز - دە؟ بۇ مۇ-
شۇك ئەسلىدە ئىت بولۇپ قالسا بوپتىكەن، ھەقىقەتەن ئەپسۇس-
لىنارلىق ئىش بوپتۇ. قۇشناچىم ئەمدى ئىت بېقىڭ، مۇشۇك
باققانىڭ نېمە پايدىسى، يېيىشنىلا بىلگەن. چاشقان تۇتامدۇ بۇ
جانىۋار؟
— بىرمۇ چاشقان تۇتۇپ باقمىدى، بەك ھورۇن، دۆت بىر
مۇشۇك بۇ.
— ھە، ئۇنداق بولسا ئۇنى باققانىڭ پايدىسى يوقكەنغۇ؟ ئۇ-
نى دەرھال كۆزدىن يوقىتىڭ! ياكى بولمىسا مەن ئېلىپ كې-
تىپ سويۇپ يېۋېتەيمۇ؟
— ۋاي تاتارا، مۇشۇك گۆشى يەيدىكەنسىز - دە؟
— شۇنداق، مۇشۇك گۆشى بەك يېيىشلىك.
— ئالامەتكەنسىز جومۇ!
ئىلگىرى مەن ئاڭلىغان رىۋايەتلەر ئىچىدە تۆۋەن تەبىقىدى-

كىلەر ئىچىدىن مۇشۇك گۆشى يەيدىغانلار چىقاتتى. لېكىن، ساپالىق تاتارا ئەپەندىنىڭ ئۇلاردىن پەرقى يوقلۇقى مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كەمبەغەل ئوقۇغۇچىمۇ ئەمەس، ئوقۇش پۇتكۈزگەندىن كېيىن ھال - كۈنى خېلى ياخشى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ قانۇن كەسپىنى ئوقۇغان باكلاۋۇر، ھازىر روكۇي ماددىي ئەشيا شىركىتىدە ئىشلەيدۇ، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئاشۇنداق گەپ قىلسا ھەيران بولماي تۇرالامدىم؟

«ئوغرىدىن ساقلانغۇلۇق» دېگەن بۇ ئەقلىيە سۆزنى كانىيىزى ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدى. «ئوغرىنى تۇتالىغان مۇشۇكنى يەپلا ئۇجۇقتۇرۇش» دېگەن گەپنى تاتارا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. «ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش» مۇھىم. ھوشيار بولسا خاپىلىق بولمايدۇ، لېكىن خاپىلىقمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىر كۈنمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىقىم كېرەك. ئادەم ھەرقانچە ھىيلىگەر بولۇپ كەتسىمۇ، ئىچى - تېشى ئوخشىمايدۇ، ھوشيار بولۇش ئالىيجاناب بولۇپ كەتكەنلىك ئەمەس. «تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» دېگىنى دەل مۇشۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ماڭا ئوخشاش مۇشۇك تاتارانىڭ ئىلتىپاتىدا قازاندا پىياز قىيمىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلامدىم تېخى. بۇلارنى ئويلاپ تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۇگۇلۇپلا قالدىم. خوتۇنى بىلەن سوقۇشۇپ، كىتابخانىسىغا كىرىپ كەتكەن غوجايىن تاتارانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ چىقتى.

— ئۇستاز، ئاڭلىسام ئۆيۈڭلەرگە ئوغرى كىرىپتۇ؟ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، — دېدى تاتارا.

— بۇ ئۆيگە كىرگەن ئوغرىنىڭ ئۆزى ئەخمەق!

غوجايىن ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئوغرىغۇ ئەخمەق، لېكىن ئوغرىلانغۇچىنىمۇ ئەقىللىق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ــ ھېچنېمىسىنى ئوغرى ئالمايدىغان تاتارادەكلەر ئەقىللىك بولمامدىغان؟ــ دېدى ئايال غوجايىن ئىرىگە يان بېسىپ.

ــ ئويلىسام، ھەممىدىن ئەخمىقى يەنىلا مۈشۈ مۈشۈك. كەن. توۋا، ئۇنىڭ زادى نېمە غەرىزى باردۇر؟ يا چاشقان تۇتمايدىكەن، ئوغرى كىرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىكەن...... ئۇستاز، بۇ مۈشۈكنى ماڭا بېرىۋېتىڭ، بولامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ھېچقانداق رولى يوقكەن.

ــ سىزگە بەرسەممۇ بېرەي. سىزگە لازىمى بارمۇ؟

ــ ئۇنى پىشۇرۇپ يەيمەن!

غوجايىن بۇ رەزىل سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال كۆڭلى ئېلىشىپ، ئاشقازان كېسىلى قوزغالغاندىكىدەك بىئاراملىق ئىچىدە يالغان كۆلۈپ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. تاتارامۇ چوقۇم يەيمەن دەپ تۇرۇۋالمىدى، ھېلىمۇ تەلىيىم باركەن. بىرئازدىن كېيىن غوجايىن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ:

ــ مۈشۈكنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى. كىيىم - كېچەكنى ئوغرى ئالغىنى يامان بولدى، توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، ــ دېدى ئازابلانغان ھالدا.

دۇرۇس، ئەلۋەتتە توڭلايدۇ - دە! غوجايىن بۇرۇن پاختىلىق چاپاندىن ئىككىنى كىيەتتى، ئەمما بۈگۈن جىلىتكە بىلەن گاچا يەڭ كۆڭلەك كىيىۋېلىپ، ئەتىگەندىن بېرى تىترەپ يۈرىدۇ. ھازىر ئاشقازىنى ئازراق ياخشى بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، پۇت - قولى ئىسسىماي، قان ئايلىنىش راۋان بولمايۋاتاتتى.

ــ ئۇستاز! ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان كەسىپ ئەمەسكەن! ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە، كۆن ئالمىقىمۇ تەسكە

چۈشىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە كارخانىچى بولغان ياخشىمۇ نېمە؟
— ئۇستازىڭىز كارخانىچىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇنىڭغا دېگەن بىلەنمۇ بىكار، — دېدى ئايال غوجايىن تاتارانىڭ سوئالىغا گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۇستاز، سىز خىزمەت قىلغىلى نەچچە يىل بولدى؟

— بۇ يىل 9 - يىلى، — دېدى ئايال غوجايىن ئېرىنى نېمە دەيدىكىن دەپ قاراپ قويغاچ.

— توققۇز يىل بولغان بىلەن يا مائاش ئۆسمىسە. ھەرقانچە ئىشلىگەن بىلەنمۇ باشقىلار ياخشى دېمىسە! — دېدى تاتارا.

— ئوقۇتقۇچى بولغۇم يوق، كارخانىچى بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم، — دېدى غوجايىن.

غوجايىن كۆڭلىدە نېمە چوت سوقۇۋاتىدىكىنتاڭ!

—ئۇستازىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرمايدۇ، شۇ- ڭا...... — دېدى ئايال غوجايىن.

— قۇشناچىم ياقتۇرسا كېرەك.

تاتارا قاملاشمىغان چاقچاقتىن بىرنى قىلدى.

— ئۇ ھەممىدىن بەك ياقتۇرمايدۇ! — دېدى غوجايىن كەس- كىنلىك بىلەن.

ئايال غوجايىن بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئارقىدىن يەنە ئې- رىگە بۇرۇلۇپ ئۇنى قەتئىي بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە:

— ئېھتىمال، ھازىر نەپەس ئېلىشتىنمۇ بىزار بولۇۋاتقان- سىز؟ — دېدى.

— ئۇ خىزمەتلەرنى ئۇنچىۋالا ئارزۇلاپمۇ كەتمەيمەن، — دې- دى غوجايىن تەمكىنلىك بىلەن.

ئايال غوجايىنمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

— ئۇستاز، بىردەم سەيلە قىلىپ كىرسىڭىز يېنىكلەپ

قالىسىز. بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگىمۇ زىيانلىق. يەنە دېسەم، ياخشىسى كارخانىچى بولۇڭ! پۇل تېپىشىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ.

— سىزنىڭمۇ تاپقان پۇلىڭىز تايىنلىققۇ.

— قاراڭ ئۇستاز، مەن تېخى شىركەتكە ئۆتكەن يىلى كىردىم. شۇنداقتىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئېشىنچا پۇلۇم بار.

— قانچىلىك ئېشىنالىدىڭىز؟— دېدى ئايال غوجايىن قىزىقىپ.

— 50 سوم يىغدىم.

— ئايلىق مائاشىڭىز زادى قانچىلىك؟— دەپ سورىدى ئايال غوجايىن.

— 30 سوم. زۆرۈر تېپىلغاندا لازىم قىلارمەن دەپ، ھەر ئايدا شىركەت مالىيەسىگە بەش يۈەندىن پۇل قويىمەن. قۇشنىچىم، سىزمۇ پارچە پۇلىڭىزغا پاي چېكى سېتىۋېلىڭ! ھازىردىن باشلىسىڭىز تۆت - بەش ئايغا قالماي بىر قاتلىنىدۇ. ئازراقلا پۇلمۇ تېزلا ئىككى - ئۈچ قاتلىنىپ كېتىدۇ.

— ئەگەر ئېشىنچا پۇلىمىز بولغان بولسا، ئۆيگە ئوغرى كىرگەنگە ئۇنچىۋالا تۇگىشىپ كەتمەس ئىدۇق.

— شۇڭا، ياخشىسى كارخانىچى بولۇڭ، ئەگەر ئۇستاز قانۇن ئوقۇغان بولسا، شىركەت ياكى بانكىدا ئىشلىگەن بولاتتى، ئايدا تۆت - بەش يۈز يۈەن كىرىم قىلالايتتى. تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش - تە، بۇ! ئۇستاز، سىز ھېلىقى سوزۇكى فوجىنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى

قىلدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە سىز ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كوشكاۋا ئىبادەتخانىسىدا بىللە تونۇشقانىكەنسىز. كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسىڭىز مېنىڭ ئۇنى يوقلاپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويارسىز، — دېدى.

— ئاڭلىسام، ئۇ يېقىندا توكيوغا كەپتۇ.

— شۇنداق. ئىلگىرى ئۇ كيوسو كۆمۈر كېنىدا ئىشلەيتتى. يېقىندا توكيوغا يۆتكىلىپ كەپتۇ. ھال - كۈنى خېلى ياخشىكەن. ئۇ مېنى دوست ئورنىدا كۆرۈپ سىرداشتى. ئۇستاز، دەپ بېقىڭە، ئۇ ئايدا قانچە پۇل تاپالار؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ئايدا 250 سوم ئالىدىكەن. يېرىم يىلدا ۋە يىل ئاخىرىدا مۇكاپات ئالىدىكەن، شۇنداق بولغاندا ئايدا 400 — 500 سوم ئالىدىكەن. ئۇ شۇنچىلىك پۇل ئالغان يەردە، سىز دەك ئىنگلىز تىلى ساۋات چىقىرىش دەرسى بېرىدىغان پىروفېسسور بۇنداق تۆۋەن مائاشقا ئىشلىسىڭىز ھەقىقەتەن ئەخمەقلىق - تە!

— راستتىنلا ئەخمەقلىق دېسەك بولىدۇ!

غوجايىنىدەك ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ئادەمنىڭ پۇلغا بولغان قارىشى ئادەتتىكى ئادەمدىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ. نامراتلىق ئۇنى پۇلغا تېخىمۇ ئىنتىزار قىلىۋەتكەن چېغى.

تاتارا تىجارەت ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بولۇپ، دەيدىغانغا گەپ تاپالماي، ئۆزىچىلا:

— قوشناچىم! مىدۇسىنۋالىق كانىيزى ئەپەندى ئۇستازنى يوقلاپ كېلەمدۇ؟

— شۇنداق، تولا كېلىدۇ.

— ئۇ قانداقراق ئادەم؟

— بىلىملىك كىشىدەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كىلىشكەنما؟

— سىزگە ئوخشاپ قالىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ماڭا ئوخشايدىكەن - دە؟ — دېدى تاتارا ناھايى-تى سۆرلۈك قىياپەتتە.

— كاننېزى ئەپەندىنى قانداق تونۇيسىز؟ — دېدى غوجايىن.

— يېقىندا بىرەيلەن مەندىن كاننېزى ئەپەندىنى سۈرۈش-تۈرگەن. ئۇ باشقىلار قىزىققۇدەك قالتىس كىشىما؟

تاتارا ئۆزىنى كاننېزىدىن چوڭ تۇتقاندەك قىلىپ چىرايى-نى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

— ئۇ كىشىنىڭ سىزدىن قالتىسلىقىدا گەپ يوق.

— مەندىن قالتىسما؟ — دېدى تاتارا پەرۋاسىزلا.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە مىجەزى بار ئىدى.

— ئۇ يېقىندا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالامدىكەن؟

— ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ساراڭدىن يەنە بىرسى چىقتىمۇ نېمە؟ ئىلمىي ماقالە يېزىپ نېمە قىلىدۇ! مەن تېخى تەرىپىنى قىلغۇدەك شەخسمى-كىن دەپتىمەن.

— قارىشىڭىز باشقىچە جۇمۇ سىزنىڭ، — دېدى ئايال غو-جايىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بەزىلەر ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالىسا بىرىنىڭ ئۇ-يىدىكى قىزچاق ئۇنىڭغا تېگىدىكەن، دەپ يۈرىدۇ، توۋا! خوتۇن ئالىمەن دەپ دوكتور بولارمۇ ئۇ ئەمدى؟ ئۇنىڭغا تەگكۈچە ماڭا تەگكىنى تۈزۈك ئۇ قىزنىڭ.

— كىمگە شۇنداق دېدىڭىز؟

— كاننېزىنى مەندىن سۈرۈشتۈرگەن ئادەمگە شۇنداق دېدىم.

— سۇزۇكىغىما؟

— ياقەي، بۇ گەپلەرنى ٴۇنىڭغا ٴۇدۇل دېگىلى بولمايدۇ، چۇنكى ٴۇ مېنىڭ باشلىقىم تۇرسا.

— تاتارا، مۇنداق ھۇنىرىمىز بار دەڭ، بىزنىڭ ٴۆيگە كەلىڭىز گىدىيىپ كېتىدىكەنسىز، سۇزۇكىنىڭ ٴالدىدا موللا مۇشۇككە ٴايلىنىپ قالىدىكەنسىز ئەمەسمۇ!

— شۇنداق، ئەگەر شۇنداق يول تۇتمىسام ئىشىم چاتاق!

— تاتارا، ٴايلىنىپ كېلەيلى، — دېدى غوجايىن تۇيۇقسىزلا.

ٴۇ نىپىز جىلىتكە كىيىۋالغاچ توڭلاپ كەتكەنىدى، كۆڭلىدە بىردەم ھەرىكەت قىلسا ئىسسىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، بۇ گەپنى قىلدى. ھەممە گەپنى ئويۇن - چاقچاق دەپ بىلىدىغان تاتارا قىلچە ئىككىلەنمەي مېڭىشقا تەييار بولدى.

—ماڭايلى! ئۇئىنوغا بارامدۇق ياكى ئىمۇساكاغا بېرىپ گۇرۇچ كۇمىلىچى يەپ كېلەمدۇق؟ ئۇستاز، سىز ئىمۇساكانىڭ گۇرۇچ كۇمىلىچىنى يەپ باققانمۇ؟ قۇشناچىم! سىز بىر كۇنى بېرىپ تېتىپ كۆرۇڭ، شۇنداق يۇمشاق، شۇنداق يېپىشلىك، تېخى ھاراق بېرىدۇ.

تاتارا كاسىلداۋاتقاندا غوجايىن شىلەپىسىنى كىيىپ، ٴايىغىنى ٴالماشتۇرغىلى تۇردى.

مەن يەنىلا بىردەم ٴارام ٴالاي، ٴارام ئېلىش تەگرىنىڭ جانلىقلارغا بەرگەن ئىلتىپاتى. جانلىقلار ٴۇچۇن ھەرىكەت قىلىشمۇ مۇھىم، ٴارام ئېلىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئەگەر تەگرى ٴۇخلاش ٴۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئەمگەك ٴۇچۇن ياشا دېگەن بولسا، مەن ٴۇنىڭغا «ئېيتقانلىرىڭىز دۇرۇس، مەن ئەمگەك ٴۇچۇن ياشىغان ئىكەنمەن، ئەمگەك ٴۇچۇن ٴارام ئېلىشىم كېرەك» دېگەن بولاتتىم. غوجايىندەك ٴاغزى بېسىقمايدىغان ٴادەممۇ يەكشەنبىدىن

www.uyghurkitap.com

بۆلەك كۈندە ئارام ئېلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەندەك
دىلى نازۇك مۈشۈكمۇ، كېچە ـ كۈندۈز مىدىرلاپ ھەرىكەت قى ـ
لىپ تۇرىدۇ، شۇڭا غوجايىنغا قارىغاندىمۇ كۆپرەك ئارام ئېلى ـ
شىم كېرەك ـ تە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ تاتارانىڭ مېنى ئۇخلاشتىن
باشقىنى بىلمەيدىغان ھورۇن مۈشۈك دەپ تىللاشلىرىغا نېمە
دەي ئەمدى؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تاغنى تالقان، باغنى بوستان قى ـ
لىپ تەر چىقارسا ئاندىن ئەمگەك قىلغان بولىدىكەن ـ دە. لې ـ
كىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۈزرۈكۋار بۇدھىدھارما ئىستىقامەت ـ
كە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرى سېسىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر ئۇنى تاش
ئۆڭكۈرنىڭ يوچۇقىدىن ئېلىپ چىققاندا، ئاغزى بىلەن كۆزى
يۇمۇلۇپ، گەپمۇ قىلالماپتۇ، ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىنى
ھېچكىم بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ كاللىسى جايىدا بولغاچ، يەنىلا كۆڭ ـ
لىدە ئىستىقامەت قىلىۋېتىپتۇ. يەنە كۈڭزىچىلارنىڭمۇ ئىس ـ
تىقامەتتە ئولتۇرۇشتا داڭقى بار، ئەمما ئۇلار تەركىدۇنيا بولۇۋال ـ
مايدۇ. ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن كۆپ چىدامچان. ئۇلارنىڭ
سىرتقى قىياپىتى ناھايىتى سالماق، سالاپەتلىك.

مۈشۈك بولغىنىم بىلەن مەنمۇ ئىجتىمائىي ھايۋان، ھەر ـ
قانچە ئەخلاقلىق بولۇپ كەتسەممۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا،
جەمئىيەت بىلەن ماسلاشمىسام بولمايدۇ. غوجايىن، خانىم،
ھەتتا ئايال خىزمەتكار، تاتارا بولسۇن مېنى تەنقىدلىگەندە، لىللا
نۇقتىدا تۇرمايدۇ، بۇنىڭدىن سەل ئەپسۇسلىنىمەن، لېكىن بەك
پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيمەن. ئەگەر ئىنسانلار ئەقىلسىزلىك قى ـ
لىپ، قارىغۇلارچە ئىش تۇتۇپ، تېرەمنى سويۇپ، مۆزىكانتقا
سېتىپ بەرسە؛ قۇلىقىمنى كېسىپ، تاتارانىڭ غىزالىنىشى ئۇ ـ
چۈن بەرسە بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش ـ ھە!

پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي چارە يوق، كاللامنى ئىشلى ـ

تىپ بۇگۈنگە قەدەر ياشاپ كەلگەن مۇشۇك مەن. سالامەتلىكىمۇ ئىنتايىن مۇھىم، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىق جان بىلەن ئويناشقانلىق، بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپ. يىرتقۇچ شىرنى قەپەسكە سولاپ قويسا، چوشقىدىن نە پەرقى؛ ئۇۋچىنىڭ قولىغا چۈشكەن بۆركۈتنىڭمۇ چۈجىدىن پەرقى يوق. مەن جۇڭگولۇقلار بىلەن بىرگە يۈرسەم، بارا-بارا جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇشۇكىگە ئوخشاپ قالىمەن، ئەلۋەتتە؛ مەن جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇشۇكى بولىمەن دەپ چاشقان تۇتمىغانغا بولمايدۇ...... شۇنداق قىلىپ، ئاخىر چاشقان تۇتۇش قارارىغا كەلدىم.

ئاڭلىسام ياپونىيە بىلەن رۇسىيە ئۇرۇش قىلىۋاتقىلى خېلى بوپتۇ. پېقىر ياپونىيەلىكنىڭ مۇشۇكى بولغاچقا، ئەلۋەتتە ياپونىيە تەرەپتە تۇرىمەن-دە. مۇشۇكلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ، رۇسىيەلىكلەرنى مورلاپ ئۆلتۈرۈۋەتسەككەن دەيمەن. بۇنداق غەيرەتلىك مۇشۇكلەرگە نىسبەتەن، بىرەر چاشقان تۇتۇش دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ تۇتىمەن دەيدىغان ئىرادە بولسىلا كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ تۇتقىلى بولىدۇ چاشقان دېگەننى. ئىلگىرى بىرەيلەن بىر داڭلىق راھىبكالاندىن: «ئاڭنىڭ چېكىگە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. راھىبكالان ئۇنىڭغا: «مۇشۇك چاشقان تۇتقاندەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، مۇشۇك چاشقان تۇتقاندەك پۈتۈن دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە، ھەرقانداق چاشقاننىڭ قېچىپ قۇتۇلمىقى مۇشكۈل. دېمەك، مېنىڭ چاشقان تۇتماسلىققا، شۇنداقلا يەنە چاشقان تۇتالمايمەن دېيىشكە باھانەم يوق. بۈگۈنگە قەدەر چاشقان تۇتالماسلىقىم، تۇتاي دەپ ئويلىنىپ كۆرمىگەنلىكىمدىن بولغان.

باھار كېچىسى، مەيىن شامال لەرزان ئۇرۇلماقتا. مەن ئاستا ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى كاماردىن كىردىم، ئاشخانىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىسام سۇ ئالىدىغان نوگاي چېلەك يۈزىدە لەيلەپ، شامالدا ئۇ-
ياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ...... بۈگۈن كەچ پەۋقۇلئاددە
بىر خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۆيدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇش قارا-
رىغا كەلدىم. شۇڭا ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئەھۋال ئىگىلەش-
كە كىرىشتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغۇ ماڭا بەش
قولدەك ئايان. پول ياتقۇزۇلمىغان ئاشخانا ئوتتۇرىسىدىن ئىككى-
گە ئايرىلغان بولۇپ، بىر تەرىپى سۇخانا، يەنە بىر تەرىپى ئاشخانا
ۋە كۆكتات ساتىدىغانلار بىلەن سودىلىشىدىغان جاي. ئوچاق
خېلى ئالىي بولۇپ، غوجايىنىمدەك كەمبەغەللىنىڭ ئۆيىگە تازا يا-
راشمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، سۆسۈن رەڭلىك مىس چۆگۈن پارقى-
راپ تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى چى كې-
لىدىغان جاي بولۇپ، ئۇ مېنىڭ مەخسۇس سەدەپ قۇلۇلىسى قې-
پىنى قويىدىغان جايىم. ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئالتە چى كېلى-
دىغان جايدا ئىشكاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاچا - قۇچا سېلىنغان، بۇ
ئىشكاپ ئەسلىدىنلا كىچىك ئاشخانىنى تېخىمۇ تار كۆرسىتى-
دۇ. ئىشكاپنىڭ يېنىدا ئېگىزلىكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلىدى-
غان ئادەتتىكىچە كاتەكچە جازىدا ھاۋانچا قويۇلغان، ئۇنىڭغا يەنە
دەسمال ۋە ھاۋانچا تېشى، يەنە بىر تەرەپتە ئوت ئۆچۈرگۈچ بار. قا-
رىداپ كەتكەن ۋاسا ئارىلىقىغا ئىلغۇچ ئېسىلغان، ئۇنىڭغا يەنە
تېخى بامبۇك سېۋەت ئېسىلغان بولۇپ، شامال چىقسا لەپەڭ-
شىپ كېتىدۇ. نېمىشقا سېۋەتنىمۇ ئېسىپ قويىدىغاندۇ دەي-
مەن؟ بۇ ئۆيگە يېڭى كەلگەن چېغىمدا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يې-
تىپ بولالمىغانىدىم. كېيىن ئۇقسام يەيدىغان نەرسىلەرگە مۇ-
شۇكنىڭ قولى يەتمىسۇن دەپ سېۋەتكە سېلىپ ئېسىپ قويغا-
نىكەن. ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى- كۆكسى نېمانداق تاردۇ دەيمەن.
ئەمدى چاشقانغا جەڭ ئېلان قىلىش پىلانى تۈزۈشكە باشلى-

دىم، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئۇ چىققىدىغان كامانى كۆ-
زىتىشىم كېرەك، لېكىن كامارنىڭ تۈۋىدىن نېرى كەتمەي يۈر-
سەم، مۇشۇكلۇك سالاپىتىمگە تەسىر يېتىدىغاندەك بىلىندى.
چاشقانغا جەڭ ئېلان قىلغانىكەنمەن، مەيلى قانچە چاشقان-
غا يولۇقاي ئۇلاردىن قەتئىي قورقماسلىقىم كېرەك.
چاشقانلارنىڭ قايسى كامارلاردىن چىقىشىنىمۇ بىلمىسەم، تولى-
مۇ ھاماقەتلىك بولىدۇ-دە. كۆزىتىشىمچە، چاشقان ئاساسلىقى
تۈۋەندىكى ئۈچ كامارلاردىن چىقىدۇ. بىرىنچىسى، ئېرىقتىكى
چاشقان چوقۇم يۇندى يولىنى بويلاپ مېڭىپ، ئوچاقنىڭ كەيند-
دىن چىقىدۇ. ئۇ چىققاندا مەن ئوت ئۆچۈرگۈچنىڭ كەينىگە يو-
شۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ قايتىش يولىنى توسۇيمەن. ئىككىنچىسى،
چاشقان ۋانىدىكى سۇنى قويۇپ بېرىدىغان كۇل رەڭ كامادىن
چىقىپ، مۇنچىدىن ئۆتۈپ، ئاشخانىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ.
بۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئاش چېلىكىنىڭ ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇ-
رۇپ، چاشقان پەيدا بولغان ھامان، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋا-
لىمەن. ئۈچىنچىسى، ئىشكاپنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋىنىدە ئورغاق-
سىمان بىر كامار بار، بۇمۇ چاشقان چىقىدىغان جايمىكىن دەپ
گۇمان قىلىمەن. ئەگەر چاشقان بۇ يەردىن چىقىپ قالسا، تۇۋۇ-
رۇككە يۆلىنىپ، ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يان تەرەپتىن ھۇجۇم قى-
لىپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن.
ئەگەر ئۈستىدىن چۈشسە قانداق قىلىش كېرەك؟ تورۇس
بۇستا قارىداپ كەتكەنىدى، چىراغنىڭ يورۇقىدىمۇ قاپقارا كۆ-
رۈنەتتى. مەنمۇ بۇ تۇرقۇمدا ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ چۈشە-
لەيدىغاندەك ئەمەس. چاشقانمۇ ئۇنچە ئېگىز يەردىن سەكرىيەل-
مەيدۇ، شۇڭا بۇ ئېھتىماللىقنى ۋاقتىنچە ئويلاشماي تۇراي. لې-
كىن بۇ ئۈچ يولدىن خەۋپ كېلىدىغىنى ئېنىق. ئەگەر چاشقان

قوشۇنى بىرىنچى يۆنىلىشتىن ھۇجۇم قوزغىسا، بىر كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ جايلىۋېتىمەن. ئىككىنچى يۆلىنىشتىن ھۇ-جۇم قىلسا، ھوشيارلىقىم بىلەن يەنىلا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلى-مەن. ئەگەر ئۈچ يۆلىنىشتىن تەڭلا قورشاپ ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۇنداقتا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كېتىشىم مۇم-كىن، ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىسۇن.

چاشقانلار تەكچىدە تۇرۇۋېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتسە، مېنىڭمۇ تاقابىل تۇرۇش پىلانىم بار. ئەگەر مۇنچىدىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۇنىڭغىمۇ ئامال تەييار؛ ئەگەر كۆلچەكتىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، تې-رىكمەي سالماقلىق بىلەن كۈزىتىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ئۇلارنى جايلايمەن. جەڭ قىلىشتا ئۈچ يۆلىنىشنىڭ بىرىنى تاللاش كې-رەك - تە. ئەڭ ياخشىسى، ئۈچ يولدىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىسۇن.

مەن تازا تاكتىكا ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىۋاتسام ئايال خىز-مەتكار تۇيۇقسىز كاتەكچە ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىمدا پەيدا بول-دى. ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىش ئۈچۈن كىرگەنىدى، ئېھتىمال ئاخشام ئۆيگە ئوغرى كىرگەچ، تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلەپ شۇنداق قىلغان چېغى.

قاراڭغۇ چۈشمىگەچ چاشقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈن-مەيتتى، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشتىن بۇرۇن سەل ئارامىمنى ئېلىۋالاي.

قاچانلاردىن مۈگدەپ قالدىم، بىلمىدىم، ئۇخلاپ قېلىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، قۇلاقلىرىمنى لىكىلدىتىپ قويۇپ، ئەتراپنى بىر كۆزىتىپ چىقتىم، سائەت-نىڭ چىكىلدىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

چاشقان چىقىدىغان چاغمۇ بولۇپ قالغاندۇ! زادى قايسى

كامـاردىن چىقـار؟ بـۇ چـاغـدا ئىشكـاپ تەرەپتىـن تـىكـىـلـدىـغـان ئاۋاز ئـاڭلاندى، خـۇددى تـەخـسـىـنـىـڭ گـىرۋىكـىدىن تـۇتـۇپ ئوغـ-رىلـىقچـە بـىـر نـەرسـە يـەۋاتـقـانـدەكلا قـىلاتـتـى. مـۇشـۇ يـەردىن چىقىشـى ئىـنـىـق بـولـدى! كامارنـىڭ يېنىـدا ساقلاپ تۇردۇم، لېـ-كـىـن ئۇ ھـېـچ چىقىدىغـاندەك ئەمەس. تەخسىنى كىتىرلاتقان ئا-ۋازمـۇ بېسـىقـىـپ قـالـدى. ھازىـر چوڭـراق چىنىنى كۈچەپ غاجا-ۋاتقـانـدەك قـىلاتتـى؛ ئىشكاپنـىـڭ ئىشـىكـىگـە يېقـىـن جـايدا يەنـى بۇرنۇمنـىـڭ ئۇچـىغـا ئۇچ سـۇڭ كېلـىدىغـان يەردە چاشقاننىڭ ئۇ-ياقتـىـن - بۇياققا ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىلـەن، ئۇلارنىڭ بىـر -سىنـىـڭـمـۇ رۇخسـارىـنـى كۆرمـىـدىم. ئارىـمىزنى ئىشـىـك ئايرىـپ تۇرغـاچ، دۈشـمـەن ئۇ تەرەپتـە كۆرەڭلـەپ يۈرەتتى، مەن بولسام بۇ تەرەپتـە ھاڭۋىقـىـپ سـاقلاپ تـۇردۇم، نېرۋىلىرىم ئۆرلەپ كەتتى. ئايـال خـىزمەتكـار ئىشـىكتـىـن بـىـر كـامـار ئېچـىـپ بەرگەن بولسا نەقـەدەر ياخشـى بولغـان بولاتتى - ھە! تازىمۇ بىـر مەتۇ سەھرالىق خىزمەتكار - دە ئۇ.

ئەمدى ئوچاقنىـڭ كەينىدىكى ماڭا مەنسۇپ سەدەپ قۇلۇلـە-سىمـۇ قىمىرلاشقا باشلىدى. دۈشمەن ئەمدى ئۇنىڭغا يېقىنلاشـ-قىلـى تۇرۇپتۇ، ھەقىقەتەن تەلۋىلەشكىلى تۇردى! مەن ئاستاغىنا شـۇ تەرەپكـە يېقـىنلاشتـىم. قارىغـۇدەك بولـسام، ئىككى چېلەكـ-نىڭ ئارىلىقىدىن چاشقان قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا غىپـ-پىدە يوقـاپ كـەتتى، بىردەمدىن كېيىن مۇنچىدىكى ئېغىز چايـ-قاش قاچىسـى «داڭ» قىلغـان ئاۋاز بىلـەن تەڭ يۇز يۇيۇش قاچىـ-سىغـا ئۆرۈلدى. پەرىزىمچە دۈشمەن كەينىمدىلا ئىدى. بوينۇمنى بۇراپ بولغۇچـە، بـەس سـۇڭ ئۇزۇنلۇقتىكى بىـر ئەبلەخ پاققىدە قىلىـپ چىش پاستىسىنى ئۆرۈۋېتىپ، كارىدور تەرەپكە قېچىپ كەتتـى. مياۋ! نەگە قاچىسەن! مەن ئارقىدىن قوغلاشقا باشلىدىم،

لېكىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمەلىيەتتە چاشقان تۇ-
تۇش مەن ئويلىغاندەك ئاسان ئەمەسكەن. ئالدى بىلەن چاشقان
تۇتۇش گۇمپامنى ئۈستۇرسەم بولغۇدەك.

مەن مۇنچىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، چاشقان تەكچىدىن قاچ-
تى، مەن تەكچىنىڭ يېنىدا تۇرسام، چاشقان مۇنچىنىڭ تېگى-
دىن قاچتى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزەتچىلىكتە تۇر-
سام، چاشقان ئۈچ تەرەپتىن قۇتراپ چىققىلى تۇردى، مەن توختى-
ماي ئۇياقتىن- بۇياققا يۈگۈرۈپ، ھاسىراپ ھېچ ھالىم قالمىدى،
لېكىن بىرمۇ چاشقان تۇتالمىدىم. نېمىدېگەن بىچارىلىك! بۇن-
داق تېگى پەسلەرگە يولۇققاندا، ھەرقانچە ھەيۋەتلىك چوڭ قو-
شۇن بولسىمۇ ئامال قىلغىلى بولمايدىكەن.

باشتا غەيرەتكە كېلىپ چاشقانلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمىش
ئىستىكىدە بولغانىدىم. ئاخىرىدا ئاشخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا
تۇرۇپ ئاۋارىچىلىك، بىزارلىق ۋە ھارغىنلىق ھېس قىلىپ،
مىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدىم. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مېنى ئۇيقا
باسقىلى تۇردى، ھەرقانچە ئالدىنقى سەپتە بولسامۇ، ئارام ئې-
لىشنى قولدىن بېرىپ قويسام بولمايدۇ- دە.

لەمپە ئاستىدىكى ئوچۇق دېرىزىدىن گۈل بەرگىسى ئۇچۇپ
كىردى. مەيىن شامال مېنى سەگىتتى. شۇ ئەسنادا، ئىشىكتىن
بىر نەرسە مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، سول قۇلى-
قىمنى چىشلىۋالدى، ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قال-
دىم، ئاندىن بىر قارا كۆلەڭگە كەينىمگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۆزۈمنى
ئوڭشاپ بولغۇچە قۇيرۇقۇمغا ئېسىلىۋالدى. مانا بۇلار بىردەم-
نىڭ ئىچىدىلا يۈز بەردى. بۇ ئىككى غەلىتە مەخلۇقتىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، مويلىرىمنى سىلى-
كىدىم. قۇلىقىمنى چىشلىۋالغان ئەبلەخ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقى-

تىپ، يۈزۈمگە يامىشىپ چىقىپ، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىم-
غا كىرگۈزمەسما! ۋاھ، پۈرسەت دېگەن مانا! ئۇنى ئۈزۈپلىۋېتەي-
چۇ! قۇيرۇقىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋالدىم، ئۇ ئوڭ - سولغا پۇ-
لاڭشىپ كەتتى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بەدىنى كونا گېزىت
چاپلاپ قويۇلغان تام تەرەپتە تۇراتتى، ئۇ بىر تاقلاپ ئورنىنىڭ ئاغ-
زىغا چىقىۋالدى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىگەن پەدەمدە تۇرۇپلا
قالدىم، ئۇ قۇيرۇقى بولمىسىمۇ ئېغىناقشىپ مېڭىۋەردى. شۇ-
نىڭ بىلەن مەن دەرھال ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. لېكىن ئۇ بۇرنۇم-
نىڭ ئۇچىدىن ئۆتۈپ، جازىنىڭ لېۋىگە چىقىۋېلىپ، زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپ، ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ
قويدۇم. ئارىلىقىمىز بەش چى كېلەتتى. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى
قولۇمنىڭ تىرنىقىغا يىغىپ، جازىغا ئېسىلىۋالدىم. لېكىن
تىرنىقىم بىلەن جازىغا ئېسىلىپ تۇرالىغىنىم بىلەن پۇتۇم
ساڭگىلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايا قۇيرۇقۇمنى چىشلىۋال-
غان ھېلىقى نەس قارا نەرسە قۇيرۇقۇمنى ھېچ قويۇپ بېرىد-
غاندەك ئەمەس. پىلانىم بەربات بولىدىغاندەك تۇراتتى.

مانا، چاتاق چىقتى! مەن ئېسىلىپ تۇرغان تاختىدىن «غا-
راس - غاراس» قىلغان ئاۋاز چىقتى. چاتاق بولدى! چىڭ تۇتال-
مىغاچ بەدىنىم پۇلاڭشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى قارا
نەرسە قۇيرۇقۇمغا مەھكەم چاپلىشىۋالغاچ ئېغىرلىقىم ئې-
شىپ، بەدىنىم تەڭپۇڭلۇقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. جازىدىكى
ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ھېلىقى كىچىك مەخلۇق پۈرسەت كەل-
دى، دەپ ئويلىدى بولغاي، جازىدىن سەكرەپ يۈزۈمگە ئېتىلدى.
مېنىڭ ئالدى قولۇم ئەڭ ئاخىرقى تايانچىمنىمۇ ئايرىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن گۈلدۈر - گۈپپاڭ قىلغىنىمچە يەرگە چۈشتۈم.

— ئوغرى!

www.uyghurkitap.com

غـوجـايـىـن ئـۆردەكـتـەك يـېقـىـمـسـىـز ۋارقـىـراپ يـۈگـۈرۈپ چىقتى......

مـەغـرىـبكـە قـىـيسايغـان ئـاي نـۇرى ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.



# 4

تومۇزنىڭ ئىسسىقىغا مۈشۈكنىڭمۇ بەرداشلىق بەرمىكى قىيىن. كىشىلەر بىز مۈشۈكلەرنى يىل بويى ئوخشاش تۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز مۈشۈكلەرمۇ ئىسسىقنى، سوغۇق-نى ھېس قىلالايمىز. مېنىڭمۇ ئۈستۈمدىكى سۇس كۈل رەڭ مويلۇق كىيىمىمنى سېلىپ يۈرگۈم كېلىدۇ. لېكىن ئۇنداق بولغاندا پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ ئازابلىنىپ كېتىمەن، شۇڭا ئۈستىبېشىمدىكى بۇ تەر پۇراقلىرىغا چىداپ ياشاشقا مەجبۇرمەن.

بۇنداق ئىسسىق كۈندە مېنىڭمۇ ئۆزۈمنى يەلپۈگۈم كې-لىدۇ، لېكىن يەلپۈگۈچنىڭ سېپىنى تۇتالمىغاچ، ماڭىمۇ ئا-مال يوق! ئۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئىنسانلار ماڭا شۇنچىلىك ئىس-راپخور بىلىنىپ كېتىدۇ. خام يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ماي قۇيۇپ، تېتىمىسۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئاۋارە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىغا ۋاي!

كىيىم كىيىشتىمۇ شۇنداق. بىز مۈشۈكلەر تۆت پەسىلدە بىرلا كىيىم كىيىمىز، لېكىن ئىنسانلار ھەر پەسىلدە 10 نەچ-چە قۇر كىيىم ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار قوي يۇڭى، يىپەك، پاختا دې-گەندەك نەرسىلەرگىمۇ ئارام بەرمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ-كى، بۇنداق ئىسراپخورلۇق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قابىلىيەت-سىزلىكىنىڭ مەھسۇلى.

كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئىسراپ-خورلۇقنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ھايات كەچۈرۈش بىلەن

قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىشلاردىمۇ ئىسراپچىلىق قىلىشىنى بىز مۇشۇكلەرمۇ كەچۈرەلمەيمىز. مەسىلەن، چاچنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ تەبىئىي ئۆسىدىغان نەرسە، بىز مۇشۇكلەر ئەزەلدىن چېچىمىزنى ياستىپ يۈرمەيمىز. ئەمما ئىنسانلار بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، چاچلىرىنى ياڭزىمۇياڭزا ياستىپ، كۆرەڭلەپ يۈرىدۇ، ئۇلار ئارىدەك بىر نەرسىنى «تاغاق» دەپ ئاتىشىدىكەن، تاغاق بىلەن چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ تارايدىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بەش يەردىن، ئۈچ يەردىن، يەنە بىر يەردىن ئايرىيدىغانلارمۇ باركەن. ئۇلار زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ دەيمەن. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، ئەسلىدە تۆت پۇتى بار تۇرۇقلۇق پەقەت ئىككىسىنىلا ئىشلىتىدۇ، نېمىدېگەن ئىسراپچىلىق بۇ! تۆت پۇتلۇق ماڭسا قولايلىق ئەمەسمۇ! قالغان ئىككى پۇتى قۇرۇتۇلغان بىلىقتەك لەپەڭشىپ تۇرغان!

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئىچى مۇشۇكلەردىنمۇ بەكرەك سىقىلىدۇ. قىزىقارلىق يېرى، بىكارچىلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ قالسا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي: «بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم» دېيىشىپ كېتىدۇ، قارىماققىمۇ ئالدىراشتەك كۆرۈنىدۇ. بەزىلەر تېخى مېنى كۆرسە بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «مۇشۇك بولۇپ قالسامچۇ!» دېيىشىپ كېتىدۇ. خۇشال ياشايمەن دېسە ياشىغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاۋارىچىلىك تېپىشقا ئامراق، كەمبەغەللىك دېگەننىمۇ يەڭگىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلار داۋاملىق «غۇربەتچىلىك، ھەي، غۇربەتچىلىك!» دەپ زارلىنىدۇ. راھەت ياشاي دېسە مەندەك بولمامدۇ؟ يازدىمۇ بىرلا پوپايكا كىيىۋالىمەن. لېكىن...... نېمە دېسەم بولار، سەل ئىسسىغاندەك قىلىمەن. يازدا پوپايكا كىيسە ھەقىقەتەن ئىسسىپ كېتىدىكەن.

تومۇز ئايلىرى چىقىپ كەتكەندىن بېرى چېنىقىشقا باشلىدىم. بەزى ھاماقەتلەر مېنى مازاق قىلىپ: «ماۋۇ مۇشۇك چېنىقىپ نېمە قىلىدىغاندۇ!» دەيدۇ. ئىلگىرى كىشىلەر «خاتىرجەملىك — بەخت» دېگەننى تەكىتلىشەتتى، بەزىلەر قولنى قوۋۇشتۇرۇپ، كۆتى نەم تارتىپ قالغۇچە يەرگە چاپلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئېسىلزادە چاغلىشاتتى. يېقىندىن بېرى مودا بولغان «چېنىقىپ كېلەيلى، سۈت ئىچىپ كېلەيلى، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇپ كېلەيلى، دېڭىزدا ئۈزۈپ كېلەيلى...... » دېگەندەك بىمەنە گەپلەر غەربتىن مۇقەددەس ياپونىيە دۆلىتىگە يۇققان كېسەل، ئۇ بىر ئاپەت، ئۇنىڭ ئۈپكە كېسىلى، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەردىن پەرقى يوق.

دۇرۇس، مەن ئۆتكەن يىلى تۇغۇلغان، بۇ يىل ئەمدى بىر ياشقا كىردىم. مۇشۇكنىڭ بىر ياشقا كىرگىنى، ئىنسانلارنىڭ 10 ياشقا كىرگىنى بىلەن باراۋەر. مۇشۇكنىڭ ئۆمرى ئىنسانلارنىڭكىدىن كۆپ قىسقا، مۇشۇكلەر تېزلا پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇشۇكنىڭ يېشىنى ئىنسانلار بىلەن باراۋەر كۆرۈش پۈتۈنلەي خاتا. باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، مەن بىر ياشقا كىرىپ نەچچە ئايلىق ئاشقان بىلەن، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىمەن. غوجايىنىمنىڭ ئۈچىنچى قىزى ئۈچ ياشقا كىرگىنى بىلەن تېخى ئەقلى توشمىدى. ئۇ يىغلاش، يوتقىنىغا سىيىپ قويۇش ۋە سۈت ئىچىشتىن باشقا ھېچ ئىشنى بىلمەيدۇ. مەندەك كۆپنى كۆرگەن مۇشۇككە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ كاللىسى بەكلا ئاددىي. بىز مۇشۇكلەر چېنىقىش، سۇ ئۈزۈش ھەمدە باشقا جايلارغا بېرىپ كۆتۈنۈش جەھەتتە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمىز.

ئىنسانلار يېقىندىن بېرى چېنىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ھەققىدە شوئار توۋلاۋاتىدۇ، دىڭىزغا چۈمۈلۈشنىڭ پايدىسىنى ئاغزى بىسىقماي تەكىتلەپ، يېڭى بىر باياقاشنى تاپقاندەك ھېس قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كىچىك ئىشلارنى بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بىلىمىز. «دىڭىز سۈيى كېسەل داۋالامدۇ؟» دېگەن سوئالغا مۇ-شۇك بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ھازىرغىچە بىرەر بىلىق ئاغرىپ قىلىپ دوختۇرخانىغا بارغىنى يوق، ئۇ-لار دىڭىزدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ، شۇڭا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇر-مايلا يەكۈن چىقىرالايمەن. بىلىقلار دىڭىز سۈيىدىن كۆرۈنەر-لىك مەنپەئەت كۆرگەن يەردە، دىڭىز سۈيى ئەلۋەتتە ئىنسانلار-غىمۇ پايدا قىلىدۇ. 1750 - يىلى دوكتور رىچارد رۇسسىر بىر ئېلاندا: «بىرگىتون دېڭىزىغا ئۆزىڭىزنى ئاتسىڭىزلا، تۈمەن مىڭ خىل ئۈششاق كېسەلدىن خالاس بولىسىز» دېگەن.

ئەلۋەتتە بىز مۈشۈكلەرنىڭ دىڭىزغا چۈمۈلۈشىمىزگە پۇرسەت يوق، قاقاسلىقتا تاشلىۋەتسە ئۆينى تېپىپ كەلمىكى-مىزمۇ تەس. شۇڭا دىڭىزغا چۈمۈلۈشنى خىيال قىلمىساقمۇ بولىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندىمۇ، ئا-مالسىز قالمىغۇچە، ئاسانلىقچە دىڭىزغا چۈشمەيمىز، شۇڭا بۇ ئىشلارنى كېيىنگە قالدۇرغان تۈزۈك ئوخشايدۇ!

مانا ئەمدى 20 - ئەسىرگە كەلگەندە چىنىقمىسىڭىز، سىز چىنىقمىغان ئەمەس، بەلكى چىنىقىشنى بىلمەيدىغان، چىنى-قىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان، تۇرمۇشتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان، دەپ قارىلىسىز. قەدىمكىلەر تەنھەرىكەتچىلەرنى قۇل دەپ قارى-غان بولسا، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە چىنىقمىغانلار پەس ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدى-كەن، ئىشلار زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغاندا ئىنى-سانلارمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان چېغى. بۇ فۇجى تېغىغا

ئۆڭدا يېتىپ قارىسا باشقىچە كۆرۈنگەندەكلا ئىش - تە. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان شېكسپىردىن يەنە بىرى چىقمىدى، بۇمۇ بىر ئىش بولدى - دە! ئەگەر بىرى ھاملىتنى تەتۈر چۈشىنىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىلگىرىلەش بولغان بولاتتى. شۇڭا، تەنھەرىكەتتىن بىزار كىشىلەر ھازىر تويۇقسىز چېنىقىشقا ئامراق بولۇپ كەتتى، ھەتتا كوچىلاردا پالاق كۆتۈرۈشۈپ يۈرىدىغان قىزلارمۇ پەيدا بولغىلى تۇردى، بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىز مۇشۇكلەرنى ھەرىكەت قىلىش بىلەن خۇشى يوق دەپ مەسخىرە قىلمىسىلا بولدى.

ئېھتىمال، بەزىلەر مېنىڭ چېنىقىشىمنى قايسى خىل تەنھەرىكەت تۈرىگە مەنسۇپتۇ؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ھەممەيلەنگە ئايان بولغىنىدەك، مەن ھېچقانداق چېنىقىش قورالى ئىشلەتمەيمەن. بەزىلەر بىزنى قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ ياكى بېلىقنى چىشلەپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مېخانىكا ئىلمىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە بويسۇنۇش بۇ بىر قانۇنىيەت، ئەگەر ئۇنداق ئويلىۋالسا بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ.

ماددىي مۇكاپات ئۈچۈن بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا پەقەتلا قىزىقمايمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ھەرىكەتلەرنى ئىشلەشنى تاللايمەن. مەسىلەن، ئاشخانىنىڭ لەمپىسىدىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە سەكرەش، كىيىم ئاسىدىغان بامبۇك تاياقتا مېڭىش دېگەندەك. ھازىرغىچە تېخى ئەپلەشتۈرۈپ مېڭىپمۇ بولالمىدىم. بامبۇك ياغىچى سىلىق بولغاچ، مۇقىم تۇرالماي تېيىلىپ كېتىۋاتىمەن. يەنە تېخى بەزىدە بالىلارنىڭ كەينىدىن كېلىپ سەكرەيمەن، بۇمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ھەرىكەت، لېكىن داۋاملىق سەكرەپ يۈرسەم نەس

www.uyghurkitap.com

ھەققىدە شۇئار توۋلاۋاتىدۇ، دېڭىزغا چۆمۈلۈشنىڭ پايدىسىنى ئاغزى بېسىقماي تەكىتلەپ، يېڭى بىر بايقاشنى تاپقاندەك ھېس قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنداق كىچىك ئىشلارنى بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بىلىمىز. «دېڭىز سۈيى كېسەل داۋالامدۇ؟» دېگەن سوئالغا مۈشۈك بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ھازىرغىچە بىرەر بېلىق ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارغىنى يوق، ئۇلار دېڭىزدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ، شۇڭا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايلا يەكۈن چىقىرالايمەن. بېلىقلار دېڭىز سۈيىدىن كۆرۈنەرلىك مەنپەئەت كۆرگەن يەردە، دېڭىز سۈيى ئەلۋەتتە ئىنسانلارغىمۇ پايدا قىلىدۇ. 1750 ـ يىلى دوكتور رىچارد رۇسسىر بىر ئېلاندا: «بىرگىتون دېڭىزىغا ئۆزىڭىزنى ئاتسىڭىزلا، تۈمەن مىڭ خىل ئۇششاق كېسەلدىن خالاس بولىسىز» دېگەن.

ئەلۋەتتە بىز مۈشۈكلەرنىڭ دېڭىزغا چۆمۈلۈشىمىزگە پۇرسەت يوق، قاقاسلىقتا تاشلىنىۋەتسە ئۆينى تېپىپ كەلمىكىمىزمۇ تەس. شۇڭا دېڭىزغا چۆمۈلۈشنى خىيال قىلمىساقمۇ بولىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندىمۇ، ئامالسىز قالمىغۇچە، ئاسانلىقچە دېڭىزغا چۈشمەيمىز، شۇڭا بۇ ئىشلارنى كېيىنكىگە قالدۇرغان تۈزۈك ئوخشايدۇ!

مانا ئەمدى 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چېنىقمىسىڭىز، سىز چېنىقمىغان ئەمەس، بەلكى چېنىقىشنى بىلمەيدىغان، چېنىقىشقا ۋاقىت ئاجرىتالمايدىغان، تۇرمۇشتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان، دەپ قارىلىسىز. قەدىمكىلەر تەنھەرىكەتچىلەرنى قۇل دەپ قارىغان بولسا، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە چېنىقمىغانلار پەس ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن، ئىشلار زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغاندا ئىنسانلارمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان چېغى. بۇ فۇجى تېغىغا

ئۇڭدا يېتىپ قارىسا باشقىچە كۆرۈنگەندەكلا ئىش - تە. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان شېكىسپىردىن يەنە بىرى چىقمىدى، بۇمۇ بىر ئىش بولدى - دە! ئەگەر بىرى ھامىلىتىنى تەتۈر چۈشىنىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىلگىرىلەش بولغان بولاتتى. شۇڭا، تەنھەرىكەتتىن بىزار كىشىلەر ھازىر تۇيۇقسىز چېنىقىشقا ئامراق بولۇپ كەتتى، ھەتتا كوچىلاردا پالاق كۆتۈرۈشۈپ يۈرىدىغان قىزلارمۇ پەيدا بولغىلى تۇردى، بۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىز مۇشۇكلەرنى ھەرىكەت قىلىش بىلەن خۇشى يوق دەپ مەسخىرە قىلمىسىلا بولدى.

ئېھتىمال، بەزىلەر مېنىڭ چېنىقىشىمنى قايسى خىل تەنھەرىكەت تۈرىگە مەنسۇپتۇ؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ھەممەيلەنگە ئايان بولغىنىدەك، مەن ھېچقانداق چېنىقىش قورالى ئىشلەتمەيمەن. بەزىلەر بىزنى قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ ياكى بېلىقنى چىشلەپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە مېخانىكا ئىلمىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە يەرنىڭ تارتىش كۈچىگە بويسۇنۇش بۇ بىر قانۇنىيەت، ئەگەر ئۇنداق ئويلىۋالسا بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ.

ماددىي مۇكاپات ئۈچۈن بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا پەقەتلا قىزىقمايمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ھەرىكەتلەرنى ئىشلەشنى تاللايمەن. مەسىلەن، ئاشخانىنىڭ لەمپىسىدىن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە سەكرەش، كىيىم ئاسىدىغان بامبۇك تاياقتا مېڭىش دېگەندەك. ھازىرغىچە تېخى ئەپلەشتۈرۈپ مېڭىپمۇ بولالمىدىم. بامبۇك ياغىچى سىلىق بولغاچ، مۇقىم تۇرالماي تېيىلىپ كېتىۋاتىمەن. يەنە تېخى بەزىدە بالىلارنىڭ كەينىدىن كېلىپ سەكرەيمەن، بۇمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ھەرىكەت، لېكىن داۋاملىق سەكرەپ يۈرسەم نەس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باسىدۇ. شۇڭا ئايدا كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم سەكرەپ قويىمەن.

يېڭىچە چېنىقىش تۈرى ئىچىدە تولىمۇ قىزىقارلىق بىر تۈر بار، ئۇ بولسىمۇ ياچىۋەك تۇتۇش ئويۇنى. ياچىۋەك تۇتۇش چاشقان تۇتۇشتىن كۆپ ئاسانكەن. هويلىدا ياچىۋەك ئۇچراپ قالسا هېچقانچە قىينالمايلا تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ. ياچىۋەكنى بايقىغان هامان قۇيۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ، ياچىۋەكنىڭ نەشتەرنى چىقىرىۋېتىمەن. ئۇنى بوش چاغلىماڭ، گېزى كەلسە ئۇمۇ ناهايىتى باتۇرلىشىپ، قارشى تەرەپنى دەگسىمەيلا هۇجۇمغا ئۆتىدۇ، كۇلكىلىك ئىش - تە، بۇ! بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭ بېشىغا بوشقىنە ئۇرۇپ قويسام، ئۇ بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى هاڭۋېقىپ تۇرغان هالىتى، غەلىتە چىراي ئىپادىسىگە قاراپ كۇلگۇم كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ قويىمەن. ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئادەتتە قاتلىنىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ كۇچەپ بىر چىرتىلداپ، «شارت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇيرۇقىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا پاختىدەك بىر قەۋەت سوزۇك كۆڭلەك بار. ياچىۋەك بۇرادەر تومۇز ئىسسىقتىمۇ ئىككى قات كىيىم كىيىپ تەرلەپ كەتمەمدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتسام، ئۇ ئىنچىكە بوينىنى كەينىگە بۇراپ، غەزەپ بىلەن ماڭا قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يەنە تىرناق سالىمەن. ئەگەر ئۇ كۆپنى كۆرگەن بولسا ئىدى، مەن بىلەن قېرىشمىغان بولاتتى. لېكىن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە مەن بىلەن قارشىلاشقىنى ئۇنىڭ تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايىلىقىنىڭ ئىپادىسى - دە. ئەگەر ياچىۋەك بۇرادەر مەن بىلەن قارشىلاشمىدىغان بولسا ئۇنى بىر قاماللاپلا ئىككى - ئۈچ چى يىراقلىققا ئېتىۋېتەلەيمەن! لېكىن ياچى-

ۋەك بۇرادەرنىڭ ياۋاشلىق بىلەن چېكىنگەنلىكىگە قاراپ، ئىد-
چىم ئاغرىپ ھويلىنى ئىككى - ئۈچ پىرقىراپ چىقساممۇ ئۇ
ھېچقانچە يەرگە قاچالمايدۇ. ئۇ مېنىڭ يامانلىقىمنى بىلگەن
چېغى، شۇڭا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇياقتىن - بۇياققا قې-
چىپ يۈرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قوغلاپ ھارماي-
مەن. ياچىۋەك بۇرادەر ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي قاناتلىرىنى
كېرىپ، مەن بىلەن بىر قەپەس ئېلىشماقچى بولىدۇ. ياچىۋەك-
نىڭ قانىتى ئۇنىڭ بويىنى بىلەن بەك ماسلاشقان، ھەم ئۇرۇق،
ھەم ئۇزۇن. ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىش مەن ئۈچۈن
ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئېلىشتۇق دېگەن بىلەن ئۇ پەقەت يەردە
ئۆمىلەيدۇ، خالاس. شۇڭا بەزىدە ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالى-
دۇ، لېكىن مەقسىتىم چېنىقىش بولغاچقا ئۇنىڭ قانداق بولۇ-
شى بىلەن بەكمۇ ھېسابلىشىپ كەتمەي، چەبدەسلىك بىلەن ئۇ-
نىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىمەن. ئىنېرتسىيە قائىدىسى بويىچە، يا-
چىۋەك دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلالمىغاچ، ئامالسىز ئالدىغا قاراپ
مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ بۇرنىغا بىرنى قويىمەن،
بۇ چاغدا ياچىۋەك بۇرادەر قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۇگدىسىغا چۈ-
شىدۇ، مەن ئالدى پۇتۇمنىڭ تىرنىقى بىلەن ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالى-
مەن، ئۇ بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە قويىمەن،
بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇنى يېرىم سائەت بوزەك قىلىمەن، ئۇنىڭ مى-
دىرلىغۇدەك ھالى قالمىغاندا ئۇنى چىشلەپ پۇلاڭشىتىپ، ئاخى-
رىدا ئۇنى يەرگە تاشلايمەن. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمى-
غاندا پۇتۇم بىلەن ئىتتىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن ھا-
مان يەنە ئۇنى مىدىرلاتماي تۇتۇۋالىمەن. ئاخىرىدا ئۇنى بىر يال-
ماپلا ئاچ بۆرىدەك يۇتۇۋېتىمەن. ياچىۋەك يەپ باقمىغانلارغا شۇ-
نى دەپ قويغۇم كېلىدۇ، ياچىۋەك ئانچە يېيىشلىكمۇ ئەمەس، ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۈستىگە ھېچقانچە ئۆزۈقلۈق قىممىتىمۇ يوق.

ياچمۇەكنى تۇتۇشتىن باشقا يەنە تومۇزغا تۇتۇش ھەرىكى-تى بىلەنمۇ چىنىقىپ قويىمەن. تومۇزغىنىڭ مايلىق تومۇزغا، تاختاق، قىزغۇچ تومۇزغا دېگەن تۈرلىرى بار، مايلىق تومۇزغا كۆركىراپ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ؛ تاختاق «جىز، جىز» قىلىپ ئادەمنى پاراكەندە قىلىدۇ؛ بۇلارنى تۇتۇشمۇ خېلى قىزىقارلىق. تومۇزغا ئارىسىدا «جىژ، جىژ» قىلغىنى قىزغۇچ تومۇزغا، ئۇ ياز كەلمىگۈچە قارىسىنى كۆرسەتمەيدۇ، تومۇزغا كۈز شامىلى بى-لەن تەڭ كەمزۇلنىڭ قولتۇقىدىن كىرىپ، ئۆزىچىلا كىشىلەر-نىڭ تېرىسىنى سىلاپ كېتىدۇ، كىشىلەر شامالداپ چۈشكۈر-گەن ھامان ئۇمۇ قۇيرۇقلىرىنى تىكلەپ نالا قىلىدۇ. ئۇنىڭ نا-لىسى راستىنىلا ئازابلىق. ماڭا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشتەكلا بىلىنىدۇ. باش كۈزدە ئۇلارنى تۇ-تۇش ھەرىكىتىنى باشلايمەن، ئۇنىڭغا «تومۇزغا تۇتۇش ھەرىكى-تى» دەپ ئىسىم قويدۇم.

ئېگىز شاخقا چىقىۋېلىپ «جىژ، جىژ» سايرىغان بۇ جان-ۋارنىڭ ئاۋازىنى ئاتالمىش بىلىملىك ئىنسانلار «جىرىژ، جىرىژ» دەپ سايرىدىمۇ ياكى «جىژىر - جىژىر» دەپ سايرىدىمۇ؟ دەپ پە-رەز قىلىشىپ كېتىدۇ. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس قارىشى بو-لىدۇ. بۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرەلمىگەندە بۇ ئاۋازنى ئەستايى-دىل ئاڭلىغان تۈزۈك.

تومۇزغا ئاۋازىنى بەلگە قىلىپ، دەرەخكە يامىشىپ، تومۇز-غا سايرىغان ھامان ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىش قارىماققا ئاددىي ھەرىكەتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ خېلى كۈچ كېتىدۇ. تۆت پۇتۇم بولغاچ، زېمىندا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ھايۋان-لاردىن قېلىشمايمەن، ئىككى پۇت بىلەن تۆت پۇت سان جەھەت-

تىمۇ پەرقلىق تۇرسا! تۆت پۇتى بار مۇشۇك ھەرگىز ئىنسانلارغا
ئۇتتۇرۇپ قويمايدۇ. لېكىن دەرەخكە يامىشىشتا بىزدىن قال-
تىس ھايۋانلار كۆپ. مەخسۇس دەرەخكە يامىشىدىغان ئادەمسى-
مان مايمۇنلار ھەققىدە توختالمىساقمۇ، ئادەمسىمان مايمۇنغا
ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئىنسانلار ئىچىدىمۇ بوش چاغلىغىلى
بولمايدىغانلىرى بار. دەرەخكە يامىشىش يەرنىڭ تارتىش كۈچى-
گە قارشى ھەرىكەت بولغاچ، يامىشالماسلىقنى نومۇس ئىش دەپ
كەتكىلى بولمىسىمۇ، تومۇزغا تۇتۇش ھەرىكىتىگە نۇرغۇن قو-
لايسىزلىقلارنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. تەلىيىمگە ھېلىمۇ
كۈچلۈك تىرناقلىرىم بار، شۇڭا قىينالمايلا دەرەخكە يامىشىپ
چىقالايمەن. لېكىن، چەتتە قاراپ تۇرغانلارغا ئاسان بىلىنگىنى
بىلەن ئۇنىڭغىمۇ خېلى كۈچ كېتىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
تومۇزغا ئۇچالايدۇ. ئۇنى ياچىۋەك بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئەسلا
بولمايدۇ. ئۇ ئۇچۇپلا كەتسە، ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ بىكار
ئاۋارە بولىدىغان گەپ، دەرەخكە ياماشقانلىقىمۇ ھېچبىر ئەھمى-
يىتى بولمايدۇ، بەزىدە تېخى نەس بېسىپ تومۇزغا ئۈستىبېشى-
مىزغا سىيىپمۇ قويىدۇ. تومۇزغا سۈيدۈكى كۆزۈمگە تولا چاچ-
راپ، مېنى خېلىلا بىئارام قىلغان. قاچىسىمۇ قاچسا، لېكىن
سىيىپ قويمىسىكەن دەيمەن. تومۇزغا ئۇچقان ھامان سۈيدۈكى-
نى قويۇۋېتىدۇ، زادى قانداق پىسخىكىلىق ھالەت ئۇنىڭ بۇ فى-
زىيولوگىيەلىك ئەزاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغاندۇ دەيمەن؟
سىياھ بېلىقنىڭ سىياھ قۇسۇشى، غوجايىنىنىڭ لاتىن تىلى
بىلىمەن دەپ ماختىنىشلىرى ماڭا بىر قېلىپتىن چىققان
ئىشلاردەك بىلىنىدۇ. بۇمۇ تومۇزغا تۇتۇش ئىلمىدا سەل قاراشقا
بولمايدىغان بىر مەسىلە. ئەگەر كانىيېزى ئەپەندى ئوبدانراق كۆ-
زىتىپ تەتقىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئىلمىي ما-

www.uyghurkitap.com

قالىسى پۈتكەن بولاتتى.

تومۇزغا پاۋلونىيە دەرىخىگە ئامراق، ئۇنى كىشىلەر جۇڭگو چىنارى دەپمۇ ئاتايدىكەن. پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى قويۇق، يەنە كېلىپ يۇمىلاق يەلپۈگۈچتەك چوڭ، ئەگەر بۇ دەرەخ ئىچى- سىرتىغا ئۈچ قەۋەتتىن يوپۇرماق چىقىرىدىغان بولسا، دەرەخنىڭ شاخلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قورۇلما تومۇزغا تۇتۇشقا كۆپ ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىدۇ. مەن تومۇزغا ئاۋازىنى نىشانلاپ دەرەخكە يامىشىمەن، پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ شېخى ئاچىماق كېلىدۇ. بۇ جايدا ئازراق ئارام ئالغاچ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تومۇزغا بار جاينى كۆزىتەلەيمەن. بەزىدە تېخى مۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ: مەن دەرەخكە يامىشىۋاتقاندا، ئالدىراڭغۇ تومۇزغىلاردىن بىرەرسى ئۈچۈپ كېتىپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇچۇپلا كەتسە ئۇلارغا قول سېلىش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئۇلار دورامچۇق، ئادەملەردىنمۇ قېلىشمايدىغان دۆت. شۇڭا، بىرى ئۇچسا يەنە بىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ئادەتتە دەرەخكە ياماشسام بىرەر تال تومۇزغا تۇتماي قويمايمەن. تومۇزغىنى چىشلەپ دەرەختىن چۈشۈپ، ئۇنى يەرگە تاشلىغان چېغىمدا ئۇ جېنىدىن ئايرىلىپ بولىدۇ، كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ! تومۇزغا تۇتقاندا ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىمەن، تومۇزغا قۇيرۇقلىرىنى بىردەم ئۇزارتىپ، بىردەم قىسقارتىۋاتقاندا دەرھال ئالدى پۇت بىلەن ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋېلىش كېرەك. بۇ چاغدا تومۇزغا بۇرادەر ئازابلىق چىرقىراپ، سۈزۈك قاناتلىرىنى ئوڭ-سولغا پۇلاڭلىتىدۇ. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى سىلكىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، بۇ مەنزىرە ماڭا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھەر قېتىم تومۇزغا تۇتۇۋالغان چېغىمدا ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق ھەرىكەتلىرىنى يەنە بىر ئىشلىسىكەن دەيمەن. ئۇنى ئەخمەق قىلىپ،

زېرىككەندە كاپ قىلىپلا يېۋېتىمەن. توۋا دەيمەن، بەزى تومۇزغا ئېغىزغا كىرىپمۇ تېخى قاناتلىرىنى تىترىتىپ كېتىدۇ.

تومۇزغا تۇتۇشتىن باشقا يەنە قارىغايدىن سىيرىلىپ چۈشۈش ھەرىكىتىمۇ بار. قارىغايىنىڭ قوۋزاقلىرى قوپال بولغاچ، پۇختىراق شاخقا ئېسىلىپ بىر تىنىقتىلا يامىشىپ چىققىلى توغرا كېلىدۇ. چىققاندىن كېيىن يەنە چۈشۈش كېرەك. چۈشۈشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، تەتۈر يامىشىش، بۇنىڭدا باشنى تۆۋەنگە قارىتىپ ئۆمىلەش كېرەك؟ يەنە بىرى، چىققاندىكى قىياپەتنى ئۆزگەرتمەي، قۇيرۇقنى پەسكە قارىتىپ ئارقىغا چېكىنىش. كىشىلەردىن قايسى خىل ئۇسۇل قىيىن دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار يۈزەكىلا «پەسكە قاراپ ئۆمىلەش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ قاراش پۈتۈنلەي خاتا، مۈشۈكنىڭ تىرنىقى سىرتقا ئېگىلىپ ئۆسكەن، ئۇ بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ، بىرەر نەرسىنى ئىلىۋالسا ئالدىغا ئاتىدۇ، كەينىگە سۈرۈشكە مادارى يەتمەيدۇ. باشنى تۆۋەن قىلغاندا چۈشۈش تېزلايدۇ، شۇڭا تەبىئىي چۈشۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش كېرەك. مېنىڭ تىرنىقىم بايا ئېيتقاندەك سىرتقا ئېگىلگەن. ئەگەر باش ۋە تىرناق پەسكە قارىسا، ئۇنداقتا ئالدى پۇتنىڭ كۈچى بىلەن پەسكە چۈشۈش سۈرئىتىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئاددىيلا بىر ئۇقۇم.

ئاخىرىدا تام ئۈستىدە يۈگۈرۈش ھەققىدە ئازراق توختىلاي. غوجايىنىمنىڭ ھويلىسى بامبۇك بىلەن قاشالانغان چاسا شەكىللىك ھويلا، لەمپىنىڭ تېگىنى قوشقاندا تەخمىنەن بەش-ئالتە گەز كېلىدۇ. ئوڭ-سول تەرەپنى قوشقاندىمۇ ئىككى يېرىم گەز كېلىدۇ. بايا مەن ئېيتقان تام ئۈستىدە يۈگۈرۈش بامبۇك بىلەن قاشالانغان تامدىن چۈشۈپ كەتمەي بىر ئايلىنىپ چىقىشنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ. بەزىدە پۇت ساڭگىلاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ئوخشۇشلۇق ئايلىنىپ چىقالىسام، بەك خوش بولىمەن. تامنىڭ ئاستىدىكى سۇنۇپ كەتكەن قارىغاي غوللىرى مېنىڭ ئارام ئالىدىغان ئوبدان جايىم. بۇگۈن نەتىجەم خېلى ياخشى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپ بولدۇم. يۈگۈرگەنسېرى يولغا پىششىقلىشىپ، بارغانسېرى قىزىقىپ كېتىدىغان گەپكەن، شۇنداق قىلىپ يەنە بىرنى ئايلىنىپ، تۆت قىلىۋەتتىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. چېنىقىش ئوبدان ئىش، لېكىن ئۇنىمۇ چەكتىن ئاشۇرمىغان تۈزۈك. باش كۈز كىرىپ قالغان بىلەن ھاۋا يەنىلا ئىسسىق. قېلىن مويلىرىم بىلەن چېنىقىش ماڭا سەل ئېغىر كېلىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرىمدىن چىققان تەر ئېقىپ كەتمەي مويلىرىمغا بەزدەك چاپلىشىپ مېنى بىئارام قىلىدۇ. دۇمبەمنىڭ قىچىشقىنىغا گەپ كەتمەيدۇ، تەرلەپ قىچىشقان بىلەن، بۇرگە چېقىپ قىچىشقاندىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار مېنىڭ، ئاغزىم ۋە تىرناقلىرىم يەتكەن جايلارنىغۇ تاتىلىيالايمەن، لېكىن ھازىر قىچىشىۋاتقان جاي ئومۇرتقامنىڭ ئوتتۇرىسى بولغاچ، ئامالسىز قالدىم. بۇنداق چاغدا بىرەر ئادەمنى كۆرسەملا ئۇنىڭغا سۈركىلىپ كېتىمەن، قارىغاي پوستىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ئوڭدامغا يېتىپ سېركچى بولۇپ كېتىمەن. ئەگەر بۇنداق قىلىۋالمىسام بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايمەن.

ئادەملەر بەك ئەخمەق كېلىدىكەن. بىر - ئىككىنى مىياڭلاپ قويسام، مېنى ياخشى كۆرۈپ ئەركىلىدى دەپ ئويلاپ، بېشىمنى سىلاپ كېتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئۇچامدا بۇرگە دەيدىغان بىر پارازىت قۇرت پەيدا بولۇپ قېلىۋىدى، كىشىلەرگە يېقىن-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرسىتىدۇ. بەزىدە پۇت ساڭگىلاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ئوڭۇشلۇق ئايلىنىپ چىقالىسام، بەك خۇش بولىمەن. تامنىڭ ئاستىدىكى سۇنۇپ كەتكەن قارىغاي غوللىرى مېنىڭ ئارام ئالىدىغان ئوبدان جايىم. بۈگۈن نەتىجەم خېلى ياخشى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپ بولدۇم. يۈگۈرگەنسېرى يولغا پىششىقلىشىپ، بارغانسېرى قىزىقىپ كېتىدىغان گەپكەن، شۇنداق قىلىپ يەنە بىرنى ئايلىنىپ، تۆت قىلىۋەتتىم.

كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. چېنىقىش ئوبدان ئىش، لېكىن ئۇنىمۇ چەكتىن ئاشۇرمىغان تۈزۈك. باش كۈز كىرىپ قالغان بىلەن ھاۋا يەنىلا ئىسسىق. قېلىن مويلىرىم بىلەن چېنىقىش ماڭا سەل ئېغىر كېلىدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرىمدىن چىققان تەر ئېقىپ كەتمەي مويلىرىمغا بەزدەك چاپلىشىپ مېنى بىئارام قىلىدۇ. دۈمبەمنىڭ قىچىشقىنىغا گەپ كەتمەيدۇ، تەرلەپ قىچىشقان بىلەن، بۈرگە چېقىپ قىچىشقاننى پەرق ئەتكۈچىلىكىم بار مېنىڭ، ئاغزىم ۋە تىرناقلىرىم يەتكەن جايلارنىغۇ تاتىلىيالايمەن، لېكىن ھازىر قىچىشىۋاتقان جاي ئومۇرتقامنىڭ ئوتتۇرىسى بولغاچ، ئامالسىز قالدىم. بۇنداق چاغدا بىرەر ئادەمنى كۆرسەملا ئۇنىڭغا سۈركۈلۈپ كېتىمەن، قارىغاي پوستىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ئوڭدامغا يېتىپ سىركىچى بولۇپ كېتىمەن. ئەگەر بۇنداق قىلىۋالمىسام بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايمەن.

ئادەملەر بەك ئەخمەق كېلىدىكەن. بىر - ئىككىنى مىياڭلاپ قويسام، مېنى ياخشى كۆرۈپ ئەركىلىدى دەپ ئويلاپ، بېشىمنى سىلاپ كېتىدۇ، يېقىندىن بېرى ئۈچامدا بۈرگە دەيدىغان بىر پارازىت قۇرت پەيدا بولۇپ قېلىۋىدى، كىشىلەرگە يېقىن-



www.uyghurkitap.com



لاشسامىلا بوينۇمدىن تۇتۇپ يىراققا ئاتىدىغان بولدى. كىشىلەر-
نىڭ بۇرگىدىن قورقۇشى ماڭا كۈلكىلىك بىلىندى. شۇڭا ها-
زىر ئۈچام ھەرقانچە قىچىشىپ كەتسىمۇ، كىشىلەردىن ياردەم
تەلەپ قىلمايدىغان بولدۇم. شۇڭا، يەنىلا ئىككىنچى خىل ئۇ-
سۇل بويىچە ئۈچامنى قارىغاي پوستىغا سۈركىگىنىم تۈزۈك
ئوخشايدۇ. قارىغاي پوستى مايلىق ھەم يېپىشقاق، مويلىرىمغا
چاپلىشىپلا قالسا ئۇنى تازىلاپ چىقارماق قىيىن. مەن دېگەن
كۆڭلى-كۆكسۈم كەڭ، لاتاپەتلىك مۈشۈك تۇرسام ئۇنداق چاپ-
لاشقاق مەينەتلەردىن بىزار بولىمەن-دە، ئەلۋەتتە. دېۋىرقاي
ئۈچامدىكى كۈل رەڭ مويلىرىمنى بۇلغىسا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ
چىداپ تۇرغۇلۇق! بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئەپلەشمەيدىغان ئوخ-
شايدۇ. قانداقمۇ قىلارمەن؟ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرسام، بىر ئىش
يادىمغا كېلىپ قالدى.

غوجايىن دائىم لۆڭگە ۋە سوپۇننى ئېلىپ، نەگە بارىدى-
كىنتاڭ، قايتىپ كەلگەندە رەڭگىرويى بۆلەكچە بولۇپ قالىدۇ.
يۇيۇنۇش غوجايىندەك قاسماق ئادەمنى ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ
قويغان يەردە، مېنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتەمدۇ نېمە؟

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇنچا ئىنسانلار ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان
ياخشى بىر جاي ئىكەن. مېنىڭ بۇ يېڭىلىقنى بىر كۆرۈپ باق-
قۇم بار، ئىنسانلار كەڭچىلىك قىلىپ بىزدەكلەرنى كىرگۈزەم-
دۇ-يوق، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. لېكىن غوجايىن كۆرەڭلىگەن
ھالدا كىرگەن يەردە مەن بوسۇغىدا قالماسمەن، دەپ ئويلىدىم-
دە، مۇنچىغا قاراپ ماڭدىم.

مەھەللىمىزدىن چىقىپ، سولغا بۇرۇلسا يىراق بولمىغان
جايدا بامبۇك كانايدىن چىقىۋاتقان ئىس كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ
جاي دەل مۇنچا. مەن ئارقا ئىشىكتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ كىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىم. ئەلمىساقتىن تارتىپ، ئەقىللىك ئادەملەر ئارقا ئىشىكتىن كىرىشنى ئەمەس، چىقىشنى تاللىغان.

ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسام، سول تەرەپتە قارىغاي ياغاچلىرى ۋە كۆمۈر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. يىرقىنلا يەردىكى ئالتە چى كەڭلىكتىكى ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق، جىمجىت ئىدى. ئۇدۇل تەرەپتىن بىرلىرىنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاتالمىش مۇنچا دەل شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپتە بولسا كېرەك. ياغاچ كۆمۈر ۋە كۆمۈر دۆۋىسى ئارىسىدا شەكىللەنگەن جىلغىدەك جايدىن سولغا بۇرۇلدۇم. كېتىۋېتىپ يان تەرەپتىكى ئەينەك دېرىزىگە كۆزۈم چۈشتى. دېرىزىدىن ئىچىگە قارىسام، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك، پىرامىدا شەكىللىك چېلەكلەر تۇراتتى. يۇمىلاق چېلەكلەر ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تىزىلغانىدى. يۇمىلاق چېلەكلەرگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى!

چېلەكنىڭ يان تەرىپىدە تۆت-بەش چى كەڭلىكتە توسۇق تاختا بار ئىدى، مەن بىر سەكلەپلا تاختىغا چىقىۋالدىم. ئاتالمىش مۇنچا كۆز ئالدىمدا پۇلاڭشىۋاتقاندەك بىلىندى. ئەگەر دۇنيادا نېمە ئىش ئەڭ كۆڭۈللۈك دېسە، «يېمىگەننى يېيىش، كۆرمىگەننى كۆرۈش» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

نېمىنى كۆردۇم؟ سۆزلەشكە تىلىم ئۆيۈلىدۇ. كىشىلەر ئەينەك ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆياقتىن-بۇياققا پۇلاڭشىپ، شاۋقۇن كۆتۈرۈپ، خۇددى 20-ئەسىردىكى ئادەم ئاتىدەك ئانىدىن تۇغما هالەتتە يۈرەتتى. 18-ئەسىردە ياشىغان ئەنگلىيەلىك رېچارد ناش پارىژدىكى ئارىشاڭغا چۈشكەندە، مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن چوقۇم تولۇق كىيىنىپ چۈشۈش كېرەك، دەپ قائىدە چىقارغانىكەن. 60 يىل بۇرۇن ئەنگلىيەنىڭ قەدىمكى پايتەختىدە

رەسساملار مەكتىپى قۇرۇلغانىكەن، رەسساملار مەكتەپىدە يالىڭاچ رەسىم، يالىڭاچ ھەيكەل، سىيدام سىزما ۋە ھەر خىل مودېللار سىزىلىپتۇ، بۇ ئەسلىدە بىر ياخشى ئىش. لېكىن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى كۈنى ھوقۇقدارلاردىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارغىچە ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ كېتىپتۇ. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئېسىلزادە خېنىملار تەكلىپ قىلىنغانىكەن. ئۇ خېنىملارنىڭ قارىشىچە ئىنسان كىيىم بىلەن ئىنسان بولىدىكەن، كىيىم كىيمىسە تېرىسىنى سويۇۋەتكەن مايمۇندىن پەرقلەنمەيدىكەن. كىيىم كىيمىگەن ئىنسان خۇددى بۇرنى يوق پىلغا، ئوقۇغۇچى يوق مەكتەپكە، قورقۇنچاق ئەسكەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئىنسانلىق ماھىيىتىنى يوقىتىدىكەن. ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ئۇنۇتقان ئىنساننى ئىنسان دېگەندىن كۆرە ھايۋان دېگەن تۈزۈك ئىكەن. كۆرگەزمىدىكى تېز سىزما ۋە مودېللار ھايۋانلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇلغاچ، بۇ نەرسىلەر ئېسىلزادە خانىملارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. شۇڭا ئۇلار خاپا بولۇپ، مۇراسىمغا قاتناشماي كېتىپ قاپتۇ.

گەرچە ئوقۇتقۇچىلار غەرەز ئۇقمايدىغان ئۇ ئاياللاردىن رەنجىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھايۋان دەپ ھاقارەتلەنگەن ھەيكەللەرگە كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇپ، مۇراسىمنى داۋام ئېتىپتۇ. ۋادەرىخا! كىيىمنىڭ رولى نەقەدەر مۇھىم-ھە!

كىيىمنىڭ مۇھىملىقىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ ئۆزى كىيىممۇ ياكى كىيىمنىڭ ئۆزى ئادەممۇ پەرق ئېتەلمەي قالىمەن. مىياۋ! مېنىڭچە، ئىنسانىيەت تارىخىنى، ئەت تارىخى، ئۈستىخان تارىخى، قان تارىخى دېمەي، بەلكى كىيىم-كېچەك تارىخى دېيىش دۇرۇس بولسا كېرەك. شۇڭلاشقىمىكىن، كىيىمسىز ئىنسانلار ماڭا جىندەك كۆرۈنىدۇ.

يىراق قەدىمدە تەبىئەت ئىنسانلارنى باراۋەر يارىتىپ زى-
مىن قوينىغا ئەۋەتكەنىكەن. ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلۇشىدا يالى-
ڭاچ دۇنياغا كېلىدۇ. ناۋادا ئىنسانىيەت ماھىيەت جەھەتتە باراۋەر
بولسا ئۇنداقتا يالىڭاچ ياشىغان بولسا توغرا بولاتتى. بىر يالى-
ڭاچ كىشى «يالىڭاچ كىشىلەردە پەرق بولمايدۇ، پەرق بولمىسا
ئىلگىرىلەش يولى توسۇلۇپ، نەتىجە يارىتىلمايدۇ. شۇڭا ئىن-
سان بىر ئامالىلارنى ئىزدەپ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، مەن دېگەن
مەن، كىملا قارىسا يەنىلا مەن، باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، دەپ يا-
شىشى كېرەك. بىرەر نەرسە كىيىۋالسام ھەممە ئادەم ھەيران بو-
لۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالىدىكەن، بۇنىڭغا بىرەر چارە يوقمىدۇ؟»
دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئون يىل باش قاتۇرۇپ ئاخىر تامبالنى كەشىپ
قىلىپ كىيىۋاپتۇ ۋە «قاراڭلار، قالتىسمىكەن!» دەپ پەخىرلەن-
گەن ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ. بۇ كىشى دەل ھا-
زىرقى توكيودىكى هارۋىكەشلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەن.

تامبال هارۋىكەشلەرنى ناھايىتى خۇشال قىپتۇ. ئۇلار تام-
بالنى كىيىۋېلىپ، چوڭ يولدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، نا-
ھايىتى خۇشال بوپتۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان ئالۋاستى كالتە
كۆڭلەك دېگەن كىيىسىمۇ - كىيمىسىمۇ بولىدىغان بىر نەر-
سىنى ئىجاد قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تامبالنىڭ كۈرسى چۈشۈپ،
كالتە كۆڭلەك دەۋر سۈرۈپتۇ. مىلىچمال دۇكىنى، دورا ماتېرى-
يالىرى دۇكىنى، يىپەك مال دۇكىنى قاتارلىقلاردا بۇ داڭلىق
كەشپىياتچىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. تام-
بال، كالتە كۆڭلەكتىن كېيىن دەۋر سۈرگىنى كەمزۇل بوپتۇ.
بىر قىسىم ئالۋاستىلارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ «كالتە كۆڭلەك
دېگەن نېمىگە ھېساب؟» دەپ كەمزۇلنى لايىھەلەپ چىقىپتۇ.
ئالۋاستىلار بەس - بەس بىلەن ئۆزگىچە نەرسىلەرنى ياساپ، قى-

راك نۇسخىلىق ئاجايىپ كىيىملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ. بۇلار قەستەن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش، تاسادىپىيلىق ياكى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان نەرسىلەر ئەمەس. كۈچلۈكلۈك تالىشىش، كۆرەڭلىكنىڭ مەسئۇلىمۇ ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ «ئۆزگىچە بولىمىز» دېگەن غەلىتە پسىخىكىسىنىڭ ئالامىتى. بىز مۇشۇكلەر بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئاددىي - ساددا. بىز «ئەۋلىيا» لىق مەقامىغا يەتتۇق دېسەكمۇ بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ خىل باراۋەرلىكنى مەنسىتمەسلىك پسىخىكىسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. كىيىم - كېچەك ئىنسانلارنىڭ مۇھىم نەرسىسى ھېسابلانغانىكەن، ئوخشاش بولمىغان كىيىم كىشىلەرنىڭ قايسى تەبىقىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، كىشىلەر كىيىمدىن ئايرىلالمايدىغان ئوخشايدۇ.

مانا ئەمدى مېنىڭ نەزىرىمدىكى كىشىلەر زادى سالمايدىغان تامبال، كۆڭلەك ۋە شىملارنى خىجىل بولماي كىيىم جازىسىغا ئارتىپ، يالىڭاچ ھالىتىنى خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىپ، يەنە تېخى كۈلۈپ پاراڭلىشىپ بەخىرامان يۈرىدۇ.

بۇ كۆلچەك ئۈچ چى كەڭلىكتە، توققۇز چى ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئىككىگە بۆلۈنگەنىكەن. ئۇنىڭ يېرىمىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇلغان بولۇپ، بۇ «دورىلىق كۆلچەك» ئىمىش. كۆلچەك سۇيىگە ھاك ئارىلاشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى. سۇ بۇلدۇقلاپ تۇراتتى، سۇنى ھەپتىدە بىر قېتىم ئالماشتۇرىدىكەن. كۆلچەكنىڭ يەنە بىر تەرىپى سۇزۇك سۇ ئىدى، لېكىن باغلىشىمەن، ئۇ سۇنىمۇ سۇپسۇزۇك دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

سۇزۇك سۇ بار تەرەپتە ئىككى ياش بىر - بىرىگە قارىشىپ، قورساقلىرىغا سۇ چېچىشىپ تۇراتتى. ئارىسىدا بىرى لۆڭگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن قورسىقىنى سۈرتكەچ:

ــ ساناكانى، مۇشۇ يېرىم بەك ئاغرىۋاتىدۇ، نېمە بولغاندۇ؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۇ يەردە ئاشقازان بار، ئاشقازان ئاغرىقى يامان! سەللا دىققەت قىلمىساڭ خەتەرلىك جۇمۇ! ــ دېدى ساناكانى ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا.

ــ ياق، سول تەرەپ، ــ دېدى ئۇ ئۆپكىنىڭ سول قانىتىنى كۆرسىتىپ.

ــ ئۇ دېگەن ئاشقازان، ئاشقازان سول تەرەپتە، ئۆپكە ئوڭ تەرەپتە.

ــ شۇنداقمۇ، مەن تېخى ئاشقازان مۇشۇ تەرەپتە چېغى دەپتىمەن.

ئۇ بېلىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۇرۇپ، ھېلىقى ساناكانى دېگەن ئادەمگە كۆرسەتتى.

ــ ئۇ يەردە ئىنچىكە ئۈچەي بار، ــ دېدى ساناكانى.

بۇ چاغدا بۇرۇت قويۇۋالغان 25 ــ 26 ياشلاردىكى بىر يىگىت پولتۇڭ قىلغىنىچە سۇغا سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قېرى تاز بىلەن چېچى ئۇزۇن بىر كىشى بىلەن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، توختىماي مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى.

ــ قېرىغاندا كارغا كەلمەس بولۇپ قالىدىكەن كىشى، ياشلارغا يەتمەيدىغان گەپكەن! بۇ سۇ تېخىچە ئىسسىمايدىغۇ؟

ــ شۇنداق روھلۇق كۆرۈنىدىكەنسىز، ياخشى تۇرۇپسىز!

ــ روھلۇق كۆرۈنمەيمەن، پەقەت شۇ كېسىلىم يوق. ئىنسان ئەسكى ئىش قىلمىسىلا 120 ياشقىچە ياشىيالايدۇ.

ــ راستما؟ شۇنچە ئۇزاق ياشىيالامدا؟

ــ شۇنداق، ياشىغىلى بولىدۇ. مىجى يىلىدىكى يېڭىلىققا

كۆچۈش مەزگىلىدە توكوخوچى دېگەن ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدىكى بىر خىزمەتكار 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

— ئالامەت ياشاپ قويۇپتىكەن - ھە!

— بەك ئۇزاق ياشاپ كەتسە يېشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ يېشىنى تېخى مەن ھېسابلاپ بەرگەن، ئۇ 130 ياش چاغدا تېخى ھايات ئىدى، كېيىن قانداق بولدىكىن بىلمىدىم. ھازىرمۇ ھاياتمۇ تېخى، كىم بىلىدۇ! — دېدى بوۋاي كۆلچەك-تىن چىققاچ.

ئارقىدىن بەدىنىگە خەت چېكىتۋالغان بىرەيلەن سۇغا كى-رىپلا گەپ باشلىدى:

— ئاناڭنى، بۇ سۇ سوغۇقمۇ، قىزىقمۇ ئەمەس ئىكەنغۇ؟

بۇ چاغدا يەنە بىرەيلەن سۇغا شۇڭغۇپ كىردى.

— ۋايجان! تازىمۇ بىر! يەنە ئازراق سوغۇق بولغان بولسا......

ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، چىدىيالمىغاندەك چىرايى-نى پۈرۈشتۈردى. ئۇ ھېلىقى بەدىنىگە خەت چېكىتۋالغان ئادەمنى كۆرۈپ «غوجايىن» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. بەدىنىگە خەت چې-كىتۋالغان ئۇ كىشى «ھىم» دېدى - دە، بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

— ئاتامى يېقىنىدىن بېرى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قانداقراق؟ شۇ قىمار ئويناپ يۈرىدۇ.

— قىمارلا ئويناپ يۈرمىگەندۇ؟

— شۇنداق، ئۇ ئەسلىدىنىمۇ تازا دۇرۇس ئادەم ئەمەس، نېمە دېسەم بولار؟ باشقىلار ئۇنى تازا ياقتۇرمايدۇ. ئىشقىلىپ، مەن ئۇ-نىڭغا ئىشەنمەيمەن. ھۇنەرۋەن دېگەن ئۇنداق بولسا بولمايتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئاتامى كەمتەر ئەمەس، بەكلا كۆرەڭ، شۇڭا

ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

— شۇنداق. ئۇ ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلايدۇ...... ئۇنداق قىلىۋەرسە زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزى.

ھەي! غەلىتە ئىشقۇ بۇ، نېمانداق ھەممە ئادەم ئۇنى ياقتۇرمايدىغاندۇ؟ ئۇ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتمىگەچ باشقىلار ياقتۇرمامدىغاندۇ يا.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەن بەس-بەستە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

مىياۋ! كۆلچەكنىڭ سۇزۇك سۇ تەرىپىدىكى كىشىلەر ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىپ تۇراي، ئەمدى كۆلچەكنىڭ دورىلىق سۇ تەرىپىدىكىلەر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ قاراپ باقاي. ئۇ يەردىمۇ ئادەم كۆپ ئىكەن، ئادەملەر كۆلچەككە كىرىپتۇ دېگەندىن كۆرە، ئادەملەر سۇنى بىر ئاپتۇ دېگەن تۇزۇكتەك قىلاتتى. ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىسام كۇسايا ئەپەندىمۇ سول تەرەپ بىر بۇلۇڭدا سۇغا چىلىنىپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېھتىمال پۇل خەجلەپ كىرگەنگە تۇشلۇق بىر چىلىناي، دەپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن چېغى.

بۇ چاغدا غوجايىنىمنىڭ يېنىدىراق تۇرغان بىر كىشى قوشۇمىسىنى تۇرۇپ:

— سۇ بەك قىزىپ كېتىپتۇ، دۈمبەم كۆيۈپ كەتتى! — دېدى.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، تازا ياخشىغۇ! دورىلىق سۇ بۇنچىلىك قىزىق بولمىسا قانداق پايدا قىلىدۇ؟ بىزنىڭ يۇرتتا سۇ بۇنىڭدىن بىر ھەسسە قىزىق بولمىسا سۇغا چۈشمەيمىز، — دېدى بىرەيلەن پەخىرلىنىپ.

— بۇ سۇ زادى قانداق كېسەلگە داۋا؟ — دېدى بىرەيلەن تاز

بېشىنى لۆڭگە بىلەن ئورىغاچ.

— ئاڭلىسام بۇ سۇ نۇرغۇن كېسەلگە مەنپەئەت قىلارمىش.

— سۇغا دورا سېلىپ، ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن چىلانسا ياخشى دەيدۇ، بۈگۈن چىلانغىنىمىز تازا ياخشى بولدى، — دېدى بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

— بۇ سۇنى ئىچىۋەتسىمۇ پايدا قىلارمۇ؟

قاياقتىندۇر بىرەيلەننىڭ سورىغان بۇ سوئالى ئەتراپتىكىلەرنى غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى.

— سۇ سوۋۇغاندىن كېيىن ئازراق ئىچىپ ئارام ئالسا ئوبدان بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى، مۇنچا ھوردىلىپ تۇمانلىنىشىپ كەتتى. بۇ يالىڭاچلار مۇنچا ئىچىدە قىستىلىشىپ يۈرەتتى. پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، «نېمانداق قىزىق» دېيىشلىرى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەي، بېشىممۇ قېيىپ كەتتى. بۇ ئاۋازلاردىن قايتقان ئەكس سادامۇ مۇنچىنى بىر ئالدى. مەن ئىنسانلارنىڭ بۇ غەلىتە ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. بىردەمدىن كېيىن بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدا بەستلىك بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بوي تۇرقى باشقىلاردىن خېلىلا ئېگىز ئىدى. ئۇ ساقال - بۇرۇت باسقان يۈزىنى قىزارتىپ، ناھايىتى يېقىمسىز ئاۋازى بىلەن:

— ئازراق سوغۇق سۇ قۇيۇڭ، سۇ بەك قىزىپ كەتتى، بەك قىزىپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى.

مىياۋ! ئىنسانلار تامبال، ئىشتانلىرىنى سېلىۋېتىپ، سۇغا كىرىپ باراۋەر بولدۇق، دېيىشىدىكەن. لېكىن بۇ يالىڭاچلار ئارىسىدىمۇ باشقىلارنى بويسۇندۇرىمەن دەيدىغان يالىڭاچلار چىقىدىكەن. كىيىملىرىنى سېلىپ يالىڭاچلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لارنىڭ باراۋەرلىككە ئېرىشمىگى مۇشكۈل ئىشكەن.

ئۆيگە قايتقان چېغىمدا ئەتراپ ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىت ئىدى. غوجايىن يۇيۇنۇپ چىققاچ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ كەچلىك غىزا يەۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ لەمپە تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

— بۇ مۇشۇك نېمانچە ئەركىن، بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا نەلەرنى چۆرگۈلەپ كەلگەندۇ؟ — دېدى.

ئاش - تاماقلارغا كۆزۈم چۈشۈپ، يېنىمدا پۇل بولمىسىمۇ ئىككى - ئۈچ خىل كۆكتات ئېلىۋالدىم. يەنە تېخى قاقلاپ پىشۇرۇلغان بېلىقمۇ بار. ئۇ بېلىقنىڭ نامىنى بىلمىدىم، قارىغاندا توكيو پورتى ئەتراپىدىن تۇتقان بېلىق بولسا كېرەك! ئىلگىرى دېڭىزدا ياشىغان بېلىقلار يوغان بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. قايىنىتىپ پىشۇرۇپ بېلىقنىمۇ بېلىق بولغانغا تويدۇرىدۇ بۇلار. بىرەر نەرسە يېگۈم بولسىمۇ تاماق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا يالغاندىن پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇردۇم. غوجايىن بېلىقتىن ئازراق ئېلىپ، ئاستا يېنىمغا قويدى. بېلىق تازا ئوخشىمىغان چېغى! غوجايىننىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، غوجايىننىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە زەن سېلىۋاتاتتى.

— ھەي، مۇشۇكنىڭ بېشىغا ئىككىنى قويە! — دېدى غوجايىن خوتۇنىغا.

— ئۇنى ئۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟

— ئالدى بىلەن ئىككىنى قوي دەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئايال غوجايىن چوكا بىلەن بېشىمغا ئۇرۇپ قويدى، لېكىن بىرئازمۇ ئاغرىمىدى.

— مياڭلىمىدىغۇ؟

— شۇنداق.

— يەنە بىرنى قويە.
— يەنە ئۆرگىنىم بىلەنمۇ ئوخشاش.
ئايال غوجايىن قولى بىلەن بېشىمغا بىرنى ئۇردى، لېكىن يەنىلا ئاغرىمىدى، بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردىم. مېنى نېمىشقا ئۇ-رىدىغاندۇ؟ خېلى پاراسەتلىك بولساممۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يې-تەلمەي بولالمىدىم. كۆڭلۈمدە ئوغرىلىقچە بېلىق يېيىشنى ئوي-لىغان بولسامـمۇ تېخى يېمىدىمدە، «ئوغرىنى تۇتساڭ مېلى بى-لەن تۇت» دەپتىكەن، غوجايىن ئاق-قارىنى ئايرىماي، خوتۇنىغا بۇيرۇق قىلىپ مېنى ئۇرغىلى سالدى، بۇنداق بولغاندا ئايال غو-جايىنمۇ بىئارام بولىدۇ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ-دە. غوجايىن تېخىمۇ تېرىكىپ:
— چىڭراق ئۇرغىن، مىياڭلاپ كەتكۈچە ئۇرغىن، — دېدى.
— بىر ئوبدان تۇرغان مۈشۈكنى نېمىشقا ئۇرىدىكەنمەن؟ — دېدى ئايال غوجايىن.
ئەمما ئۇ بېشىمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.
ئەمدى غوجايىنىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، ئەسلىدە مىياڭلاپ قويسام كۆڭلى ئەمىن تاپار ئىكەن. بالدۇرراق مىياڭلىغان بولسام ئۈچ قېتىم ئارتۇق تاياق يېمەسكەنمەن. «ئۇر!» دەپ بۇيرۇق قىلىشتىكى مەقسىتى مېنى مىياڭلىتىپ، ئازابـ-لانغان ئاۋازىمنى ئاڭلاش ئىكەن. ئۇ باشتىنلا شۇنداق بولۇشىنى ئويلاپتىكەن، ئۇر دېگىنى ئەسلىي «ۋارقىرات» دېگىنى ئىكەن، نېمىدېگەن بىمەنىلىك! بۇ باشقىلارنى قەتئىي ھۆرمەت قىلمى-غانلىق بولماي نېمە؟ قاراپ تۇرۇپ مۈشۈكنى بوزەك قىلغانلىق-تە، بۇ. بۇ قىلىقنى ئىچى زەھەر كانىدا قىلغان بولسا، بەلكىم باشقىچە بىلىنمەس ئىدى. لېكىن غوجايىنىدەك ئۆزىنى نۇخسازـ-سىز دەپ ماختايدىغان ئادەم بۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرسە،

بەكلا بىمەنە تۇرىدىكەن. راستىمنى ئېيتسام غوجايىن مەككار سودىگەرلەردىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنى قۇۋلۇقتا چېكىگە يەتتى دې- سەك بولمايدۇ. بەلكىم شۇ چاغدا كاللىسى ئىشلىمەي قالغان چېغى. ئۇ بەلكىم قورساق تويسا ئاشقازان كۆپىدۇ، قول كېسى- لىپ كەتسە قان چىقىدۇ، پىچاق كىرسە پەرياد چېكىدۇ، دەپ چۈشەنگەچ، بىر شاپىلاق قويسا چوقۇم يىغلايدۇ دەپ ئويلىۋالغان گەپ. ئەپسۇس بۇ خىل قاراش تازا لوگىكىغا چۈشمەيدىكەن. مۈشۈ بويىچە بولغاندا تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. دەرياغا چۈشسە ئۆلۈپ كېتىدۇ؛ مائاش ئالغانىكەن چوقۇم ئىشلەي- دۇ؛ راك يېسە ئىچى سۈرىدۇ؛ ئوقۇسا يارامىلىق ئادەم بولىدۇ؛ بۇن- داق جەزملەشتۈرۈۋەتسە بەزىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ. بىرنى ئۇرۇپ بولغۇچە ۋارقىراپ جار سالمىسام، مېنىڭ تۇگەشكىنىم شۇ. مەن بىرنى قويسا سايرايدىغان قوڭغۇراق سائەت بولسامغۇ مەيلى- لىتى، لېكىن مەن يەنىلا مۈشۈك - تە. ئىچىمدە غوجايىننى تىللىۋېتىپ ئارقىدىن بىرنى چىقىراپ قويدۇم.

— مانا ئەمدى «ئاۋ» دەپ چىرقىرىدى، بۇ ئىملىق سۆزمۇ يا- كى رەۋىشمۇ؟— دېدى غوجايىن.

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالغا ئايال غوجايىن جاۋاب بې- رەلمەي قالدى. مېنىڭچىمۇ غوجايىن كاللىسىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ قوشنا - قولۇملار ئۇنى غەلىتە ئادەم دەپ قارايتتى. ئۇنى تېخى ساراڭغا چىقىرىۋەتكەنلەرمۇ بار. ئەمما غو- جايىن ئۆزىگە ئالامەت ئىشىنەتتى، كاللام جايىدا دەپ ئويلايتتى! ئۇنىڭچە جاھاندىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نېرۋىسى سەل چاتاق كېلىدىكەن. غوجايىننىڭ ئايالىدىن غەلى- تە سوئال سورىشى ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك. ئايال غوجايىن بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە بىر ئېغىزمۇ

گەپ قىلماي جىمىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمىدىم.

غوجايىن تۇيۇقسىزلا «ھەي» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋاي نېمە بولدى؟— دېدى ئايال غوجايىن چۆچۈپ.

— «ھەي» دېگىنىم ئىملىق سۆزمۇ ياكى رەۋىشمۇ؟

— نېمە بولسا بولمامدۇ؟ يوقىلاڭ گەپلىرىڭىزنى كىمگە دېسىڭىز دەڭە، ئادەمنى تېرىكتۇرمەي.

— «نېمە بولسا بولمامدۇ؟» دېگەن بۇ سۆز دۆلىتىمىزدىكى تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغان چوڭ بىر مەسىلە!

— ۋاي تىۋۋا، مۇشۇكنىڭ چىرقىرىشىنى دەمسىز ئادەمنى بىزار قىلىپ! مۇشۇك يا ياپون تىلىدا چىرقىرىمىسا.

— شۇڭلاشقا بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر پەن! ئۇنى سېلىشتۇرما تەتقىقات دەپ ئاتايمىز.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ھازىر ئايدىڭلاشتۇردىڭىزمۇ؟

ئايال غوجايىن خېلىلا ئەقىللىك ئىدى، ئۇ بۇنداق تۇتۇرۇقسىز مەسىلىلەرگە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى.

— مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى تېزلا ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولمايدۇ،— دېدى غوجايىن بېلىقنى كاراسلىتىپ چايناپ.

ئارقىدىنلا بېلىقنىڭ يېنىدا تۇرغان گۆش ۋە كولكازىغا قول ئۇزىتىپ ئاغزىغا سالدى.

— بۇ گۆشتۇ؟

— شۇنداق.

— ھىم!

غوجايىن گۆشنى مەززە قىلىپ يۇتۇۋەتتى، رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر رومكا ئىچەي، — دېدى.

— بۇگۇن هاراقنى خېلى كۆپ ئىچتىڭىز، يۈزلىرىڭىزمۇ قىزىرىپ كەتتى.

— خوشە! دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزاق سۆزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— سابىق ۋەزىر كامتوكومانىڭ ئىسمىنى دېمەكچىمۇ؟

— كىشى ئىسمىنى دېمىدىم، ئەڭ ئۇزاق سۆز قايسى دەپ سوراۋاتىمەن؟

— سۆز؟ توغرىسىغا يېزىلغان ئەجنەبىيچە خەتمۇ؟

— شۇنداق.

— بىلمەيدىكەنمەن، هاراق ئىچەمسىز؟ بولدىلا، تامىقىڭىزنى يەڭە!

— ئىچمەيمەن، ساڭا ئەڭ ئۇزاق سۆزنى دەپ بېرەي.

— دەپ بولۇپ، تامىقىڭىزنى يەڭ ئەمىسە.

— Archaiomelesidonophrunicheata

— جۆيلۈمىگە.

— جۆيلۈمىدىم، گىرېكچە سۆز بۇ.

— ياپونچە نېمە دېگەن گەپ بۇ.

— مەنىسىنى بىلمەيمەن، پەقەت يېزىلىشىنىلا بىلىمەن.

باشقا ئادەم بولغان بولسا بۇ گەپ ـ سۆزلەر بەلكىم هاراق سورۇندىكى قىزىقچىلىق هېسابلىناتتى. لېكىن غوجايىن ناهايىتى ئەستايىدىل سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇگۇن ئۇنىڭغا هاراق تەسىر قىلغان چېغى. ئادەتتە ئىككى رومكىلا ئىچىدىغان ئادەم بۇگۇن تۆت رومكا ئىچىۋەتتى. ئادەتتە ئىككى رومكا ئىچسە يۈزى قىزىراتتى، بۇگۇن تۆت رومكا ئىچىپ يۈزىگە ئوت كەتتى. ئۇنىڭ يەنە ئىچكۇسى بار دەك قىلاتتى. ئۇ رومكىنى

قولىغا ئېلىپ:

— يەنە بىر رومكا ئىچەي، — دېدى.

ئۇ شۇ كۈنى چىلىغان سەيدىن ئۈچ قاچا يېۋەتتى. ماڭىمۇ بايرام بولدى. ئۇ كۈنى مەنمۇ ئۈچ پارچە گۆش ۋە بىر بېلىق بېشى قاقلىمىسىنى سوقۇۋەتتىم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 5

ئىلگىرى تامدا يۇگۇرۇش ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەن چې-
غىمدا، غوجايىنىنىڭ ھويلىسى بامبۇك بىلەن قاشالانغان دېگە-
نىدىم. ئەگەر غوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى بامبۇك قاشا قوشنىسى-
نىڭ ئۆيىگە يانداش قويۇلغان بولسا ئۇقۇشماسلىق بولاركەن.
بامبۇك قاشانىڭ نېرىسى قۇرۇق يەر، ئۇنىڭ چېتىدە بۇك- باراق-
سان ئارچىزارلىق بار. لەمپىگە چىقىپ يىراقتىن نەزەر سالسى-
ڭىز، بۇك- باراقسان ئورمانلىق كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. غوجا-
يىن مەندەك نامسىز مۇشۇكنى دوست تۇتۇپ زېرىكىشلىك كۈن-
لەرنى مۇشۇ مەنزىرىلەردىن ھۇزۇر ئېلىپ ئۆتكۈزەتتى.
ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئارچىزارلىق مەن ئېيتقاندەك ئۇنچىۋالا
بۇك- باراقسانمۇ ئەمەس. ئارچىزارلىقنىڭ يېنىدىكى ئىسمى چى-
رايلىق، باھاسى ئەرزان «تۇرنىلار سارىيى»نىڭ ئۆگزىسىگە چى-
قىپلا ئارچىزارلىقنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. كوسايا ئەپەندىنى
مۇشۇ مېھمانخانىغا ئىسىم قويغۇچە خېلى ھەرەج تارتتىمىكىن
دەپ ئويلايمەن. ئۇ مېھمانخانىسىغا «تۇرنىلار سارىيى» دەپ ئىسىم
قويغان يەردە، ياتاق ئۆيىنى «ئەجدىھا ھۇجرىسى» دېۋالسىمۇ ھەر-
گىز ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئىسىم قويغانغا باج ئالمىغاندىن كېيىن
نېمىدەپ قويغۇسى كەلسە، شۇنداق دەپ قويۇۋالسۇن.
جەنۇب تەرەپتىكى ئارچىلار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ، «ئەجدىھا ھۇجرىسى»نىڭ شىمالىدا ئارچىدىن باشقا يەنە
يەتتە- سەككىز تۇپ چىنار بار. چىنارلار بىر چى توملۇقتا يو-

غىنىدى. بۇلارنى ئالىدىغانغا سودىگەر چىقسا ئوبدان باھادا ساتقىلى بولاتتى. غوجايىنىنىڭ ھازىر ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق ئىدى، كۈنلىرى خېلىلا غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتاتتى.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەكتەپتىن بىر ئىشچى كېلىپ، چىنارنىڭ شاخلىرىدىن پۇتاپ كەتتى. ئۇ كېيىنكى قېتىم كەلگەندە يېپيېڭى ياغاچ كەش كىيىۋاپتۇ. خىجىل بولماي ئالدىنقى قېتىم ئېلىپ كەتكەن چىنار شېخىدىن ياسىدىم دەيدۇ، نېمە دېگەن يۈزى قېلىنلىق!

بۇ يەردىكى چىنارلارنىڭ ئەمەلىيەتتە غوجايىنىمغا ھېچقانداق پايدىسى يوق. كونىلاردا «ئارتۇق بايلىق باشنى يارماس» دەيدىغانغۇ گەپ بار. ئەمما غوجايىنىنىڭ شۇنچىۋالا چىنار دەرىخى تۇرۇپمۇ يەنە مۇشۇنداق غۇربەتچىلىكتە يۈرگىنىگە ئادەمنىڭ ئىچى پۇشىدۇ! مانا بۇ بايلىق قولىدا تۇرۇپ سېسىپ كەتتى دېگەنلىك بولماي نېمە؟ ئەخمەق ئادەم ئەسلىي غوجايىن ئەمەس، مەنمۇ ئەمەس، ئەخمەق ئادەم ئۆي ئىگىسى دېنىبى. غوجايىن نەچچە قېتىم ئۇنىڭدىن:

— ياغاچ كەش سودىگىرى كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىسا، ئۇ قەستەن ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى.

ئۇ ئۆي ئىجارىسى سۆيلەشنىلا بىلىدۇ، مېنىڭغۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋىتىم يوق، شۇڭا ئۇنىڭ يامان گېپىنى ئازراق قىلاي.

گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، يەنىلا ئاشۇ قۇرۇق يەر توغرىسىدا توختىلاي. بىرىنچىدىن، بۇ يەر قورۇق تامغا ئېلىنمىدى. شامال چىقسىلا ھەممە نەرسە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئىجازەتسىزلا بۇ يەردىن ئۆتەلەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىگە سەل قارالدى. بۇ ئۆيدىن داۋاملىق بىر نەرسىلەر يىتىپ تۇرىدۇ. ھويلا تېمى ياغاچتىن يا-

سالغان سالاسۇن، تىكەنلىك تور دېگەندەك نەرسىلەر غوجايىن ئۈچۈن بىھۇدە. ئېھتىمال بۇ نەرسىلەرنى قۇرۇق يەرنىڭ ئۈدۈلىدا ئادەم ياشامدۇ ياكى ھايۋانمۇ؟ دېگەنگە بېرىلگەن بەلگە، خالاس.

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۈدۈلدىكى يەردە تۇرىدىغانلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش زۆرۈر. «بۇلۇت سارىيى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ شەخسىي مەكتەپ 800 دەك ئوقۇغۇچىنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىمىز دەپ كۆچەۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەر ئايدا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى يۈەندىن ئوقۇش ھەققى ئالىدۇ. «بۇلۇت سارىيى» دىكى كىشىلەرنى ئابرۇيلۇق كىشىلەر دەپ قارىساق پۈتۈنلەي خاتالاشقان بولىمىز. نامىغا قاراپ باھا بېرىشكە بولمايدۇ. «تۇرنىلار سارىيى»دا تۇرنا تۇرمايدىغۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەجدىھا ھۇجرىسى»دىمۇ مانا مەندەك بىر مۈشۈك تۇرىدۇ. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا غوجايىنىم كوسايادەك سارائىلارمۇ بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «بۇلۇت سارىيى»دىكى جانابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىل ئادەملەر دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. يەنە كاللىڭىزدىن ئۆتمىگەن بولسا غوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرسىڭىز ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ.

بايا ئېيتقاندەك، غوجايىن بۇ يەرگە دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەندە ھېلىقى بوش يەرنىڭ ئەتراپىدا قورۇق تام يوق ئىدى، «بۇلۇت سارىيى» دىكى جانابلار ھارۋىكەشنىڭ قارا مۈشۈكىدىن پەرقلەنمىگەچ، چىنارلىقتا ئۈسۈپ كىرىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، تاماق يەپ...... خىيالىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىپ يۈردى، تاماق يەپ بولۇپ تاماق قاچىسى، ئەسكى ياغاچ ئاياق، ئىشقىلىپ ئەخلەتنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە تاشلاپ ماڭدى. يەرنى قورۇق تام ئىچىگە ئالمىغان غوجايىنمۇ بۇلارنى بىلمەسكە سې-

لىۋېلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈۋەردى. ئۇ راستىنلا بىلمەمدۇ ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئەيىبلىمەمدۇ، بۇنى بىلمىدىم. مەكتەپتىكى دەرس بېسىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلار خۇددى قۇملۇقتىكى سۇغا زار كارۋانلاردەك پاۋلونىيە دەرىخىدىن يىراقلىشىپ ئارچىغا يېقىنلاشتى. ئارچا غوجايىنىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئىدى. قاپ يۈرەكلەردىن بىرنەچچىسى بەزىدە تېخى ئارچا شاخلىرىنى ئانچە - مۇنچە سۇندۇرىدىغان بولدى، ئۇلار بىر - ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، بولۇشىغا سۇندۇرىدىغان بولدى.

ئۇلارغا بېرىلگەن تەربىيە قەيەرگە كەتتىكىن بىلمىدىم، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئۇلار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋالغاننى ئاز دەپ، يەنە تېخى ناخشا توۋلاپ كېتىدۇ. غوجايىن پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، كىتابخانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— بۇ سەنلەر ئوينايدىغان جاي ئەمەس، يوقىلىش! — دەپ ئىككى - ئۈچ قېتىم قوغلاپ قويىدۇ.

بۇ ئوقۇمۇشلۇق ئىنسانلار ئۇنداق بىر - ئىككى ئېغىز گەپتىن چۆچۈيدىغانلار ئەمەس. غوجايىن ئەمدى قوغلىۋەتسە، هايال ئۆتمەي يەنە كېلىۋېلىپ، بەزىلىرى ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى ۋارقىراپ - جارقىرىشىدۇ. ئۇلار تېخى بىر - بىرىنى «سولتەك»، «قاپاقباش» دەپ تىللىشىپ كېتىدۇ. ئىلگىرى بۇ سۆزلەر هارۋىكەشلەر ئارىسىدا مودا بولغان. مانا 20 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ سۆزلەر تەلىم ئېلىۋاتقان جانابلارنىڭ ئاغزىدىن چىققىلى تۇردى.

غوجايىن كىتابخانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، «مودا ئېقىمدا سۆزلەش» كە ئۇستا ئوقۇغۇچىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟— دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ يەرنى مەكتەپنىڭ ئارقا ھويلىسى دەپ قاپتىمەن، — دېدى.

غوجايىن ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئامالسىز قويۇۋەتتى.

غوجايىننىڭ ئۇنى شۇنداقلا قويۇۋەتكىنى پەقەتلا بولمىدى. ئەمەلىيەتتە غوجايىن، ئۇنى خېلى ئەدەپلەپ قويدۇم، ئەمدى قائىدە بىلىدىغان بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئىش غوجايىننىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي يەنە داۋاملىشىۋەردى، غوجايىن يەنە بىر قېتىم يېڭىلگەنىدى، بالىلار ئالدى ئىشىكتىن ئۆتۈپ، شىمال تەرەپتىن ھويلىغا كىردى.

چوڭ ئىشىك تەرەپتىن جاق قىلغان ئاۋاز چىقىۋىدى، غوجايىن ئۆيگە مېھمان كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا پاۋلونىيە دەرىخى تەرەپتىن كۆلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. بىچارە غوجايىن ئامالسىز «بۇلۇت سارىيى»نىڭ مەكتەپ مۇدىرىغا قول ئاستىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ھەققىدە خەت يازدى. مەكتەپ مۇدىرى غوجايىننىڭ خېتىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، غوجايىنغا قورۇق تام قوپۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ئۈچ - تۆت تامچى كېلىپ، يېرىم كۈن ۋاقىت ئىچىدە «بۇلۇت سارىيى» بىلەن غوجايىننىڭ ئۆيىنىڭ پاسىلىغا ئۈچ گەز ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇپ بېرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن غوجايىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. غوجايىن ھەقىقەتەن ھاماقەتكەن، بۇنداق پاكار تام ئوقۇغۇچىلارنى توسۇپ قالالارمۇ؟ مەن مۇشۇك جىنسىمدا ئۆيدىكىلەرنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايمەن. شۇڭا «بۇلۇت سارىيى» دىكى كىچىك جانابلار كۆسايا ئەپەندىنى يۈزدەيۈز ئەخمەق قىلالايدۇ.

ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن مۇنداق شەرتلەر ھازىرلىنىشى

كېرەك: بىرىنچى، ئەخمەق قىلىنغۇچى پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالسا بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئەخمەق قىلغۇچى مەيلى كۈچ جەھەتتە بولسۇن ياكى سان جەھەتتە بولسۇن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى كېرەك.

غوجايىن ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ كەلگەندىن بېرى، ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بىر ئىشنى پات - پات سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى: تۆگە بىلەن ئىت سوقۇشۇپ قاپتۇ، ئىت تۆگىنىڭ ئەتراپىدا ساراڭدەك ئايلىنىپ قاۋاپ كېتىپتۇ، ئەمما تۆگە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي لوككىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، مىت قىلماي تۇرۇپتۇ. ئىت ھەرقانچە قاۋاپ يۈگۈرۈپ جاھاننى بېشىغا كىيسىمۇ تۆگە مىت قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىت زېرىكىپ قاۋاشتىن توختاپتۇ. غوجايىن تۆگىنىڭ ئىنكاسى بەك ئاستىكەن دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. بۇ مىسالنى مۇشۇ ئەخمەق قىلىش ئىشىغا تەتبىقلىسىمۇ بولغۇدەك، ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان نوچىلارغا تۆگىدەك ئىنكاس قايتۇرماي تۇرۇۋالغاندا، ئەخمەق قىلغۇچىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگۇدەك. ئەگەر قارشى تەرەپ بەكلا ھەدىدىن ئېشىپ كەتكەندە يولۋاس، شىردەك ھەيۋە قىلىپ قويسا، ئەخمەق قىلغۇچى پەسكويغا چۈشۈپ جىم بولغۇدەك. ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى، باشقىلار ئەخمەق قىلاي دېگەندە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قورقۇتسىلا بولىدىكەن. كۆڭۈل خاتىرجەم چاغدا باشقىلارنى پاراكەندە قىلسا تازا قىزىق بولىدىكەن. نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ دېگەندە بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ. باشقىلارنى ئەخمەق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، زېرىككەندە ساقىلىنى سىناپ باقسىمۇ بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن جىنايەتچىلەر تۈرمىدە ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تامغا ئۈچ بۇلۇڭ سىزىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، دۇنيادا ئىچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇشقىدىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك.

باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىر خىل ئويۇن. ئەگەر قارشى تەرەپ تىرىكمىسە، جىلە بولمىسا، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسا ئۇ چاغدا ئۇ ئويۇننىڭ قىزىقى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم ئۆلتۇرۇش، باشقىلارنى يارىلاندۇرۇش ۋە زىيان سېلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانسا ئەلۋەتتە ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدىغان گەپ. ئادەم دېگەن مەنمەنچى كېلىدۇ، مەنمەنچىلىك قىلمايدىغان يەردىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، شۇڭا باشقىلارغا ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلار ۋاستە تاللىماي غەلىبە قازىنىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ. بۇ خۇددى رۇداۋچىلار قارشى تەرەپنى يېڭىشنىڭ كويىدا بولغاندەكلا بىر ئىش. رۇداۋ سەۋىيەسى تۆۋەن ماھىر خۇددى ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن سەۋىيەلىك ماھىر بىلەن چېلىشىپ، كەسىپ ئەھلى بولمىغان رەقىبىنى بىرلا يىقىتىۋالسا خۇش بولغاندەكلا ئىش. ئاشۇ رەزىل كىشىلەرنىڭ كوچىدا ئۇياقتىن - بۇياققا گىدىيىپ مېڭىپ يۇرۇشى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن سەۋەبلەر بار، دەپ كەلسەم گەپ جىق، مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەپ تۇراي. يەنە ئاڭلىغۇڭىز بولسا، بىر قۇتا بىلىق قېقى ئېلىپ كەلسىڭىز، سۆزلەپ بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار مەن.

مەنمۇ خېلى ئىش كۆرگەن مۇشۇك، بايا يۇز بەرگەن ئىش-

لارغا قاراپ مۇنداق ئويلاپ قالدىم، ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى
مايمۇن بىلەن ئوقۇتقۇچىنى ئەخمەق قىلسا تازا ياخشى بولغۇ-
دەك. ئوقۇتقۇچى بىلەن مايمۇننى سېلىشتۇرۇش سەل چەكتىن
ئاشۇرۇۋېتكەنلىك، بۇنداق قىلساق ئوقۇتقۇچىغا ئۆۋال بولۇپ قا-
لىدۇ. لېكىن ئىككىسى بەكلا ئوخشايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە
ئامال؟!

ھەممەيلەنگە مەلۇم، باغچىدىكى مايمۇن زەنجىر بىلەن باغ-
لاقلىق بولغاچ، ھەرقانچە خىرىس قىلسىمۇ، باشقىلارنى زە-
خىملەندۈرەلمەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ قول-پۇتى باغلاقلىق بول-
مىغىنى بىلەن، ھەر ئايلىق مائاشقا باغلىنىشلىق بولغاچ، ئۇنى
ھەرقانچە ئەخمەق قىلسىڭىزمۇ، ھەرگىز خىزمىتىدىن ئىستې-
پا بېرىپ، سىزنىڭ ئەدىپىڭىزنى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردا
ئىستېپا بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان يۈرەك بولسا ئىدى، ئەي-
نى چاغدا ئوقۇتقۇچىلىقنى تاللىمىغان بولاتتى. مېنىڭ غوجا-
يىنىممۇ ئوقۇتقۇچى، گەرچە ئۇ «بۇلۇت سارىيى»دا ئوقۇتقۇچى-
لىق قىلمىسىمۇ، يەنىلا ئوقۇتقۇچى، بۇنىڭ گۇمانلانغۇدەك يې-
رى يوق. باشقىلارنى ئەخمەق قىلماقچى بولسىڭىز، غوجايىنىم
ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ياخشى، ئەڭ بىخەتەر نامزات. «بۇلۇت سارىيى»
دىكى ئوقۇغۇچىلار تېخى كىچىك، ئۇلار باشقىلارنى ئەخمەق قى-
لىپ ئوينىمىسا، بۇ كاساپەتلەر پۇت-قوللىرىنى قويىدىغان يەر
تاپالماي كاللىسى قىزىپ، تەتىلىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەندەك
ھېس قىلمايدۇ. ئەخمەق بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان غوجايى-
نىمنىڭ ئۆزگىمۇ ئاز.

تۆۋەندە «بۇلۇت سارىيى» دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غوجايى-
نىمنى قانداق ئەخمەق قىلغانلىقى، غوجايىنىمنىڭ قاپاقباش-
لىقتا ئۇچىغا چىققانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈشقىدىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك.
باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىر خىل ئويۇن. ئەگەر قارشى تەرەپ تىرىكمىسە، جىلە بولمىسا، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسا ئۇ چاغدا ئۇ ئويۇننىڭ قىزىقى بولمايدۇ.
ئەمەلىيەتتە، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنى يارىلاندۇرۇش ۋە زىيان سېلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانسا ئەلۋەتتە ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدىغان گەپ. ئادەم دېگەن مەنمەنچى كېلىدۇ، مەنمەنچىلىك قىلمايدىغان يەردىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىسە ئامراق، شۇڭا باشقىلارغا ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسەتمىسە ئۇرۇنىدۇ. بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلار ۋاستە تاللىماي غەلىبە قازىنىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ. بۇ خۇددى رۇداۋچىلار قارشى تەرەپنى يېقىتمىشنىڭ كويىدا بولغاندەكلا بىر ئىش. رۇداۋ سەۋىيەسى تۆۋەن ماھىر خۇددى ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن سەۋىيەلىك ماھىر بىلەن چېلىشىپ، كەسىپ ئەھلى بولمىغان رەقىبىنى بىرلا يېقىتىۋالسا خۇش بولغاندەكلا ئىش. ئاشۇ رەزىل كىشىلەرنىڭ كوچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا گىدىيىپ مېڭىپ يۈرۈشى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ!
ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن سەۋەبلەر بار، دەپ كەلسەم گەپ جىق، مۇشۇ يەرگىچە سۆزلەپ تۇراي. يەنە ئاڭلىغۇڭىز بولسا، بىر قۇتا بىلىق قىيقى ئېلىپ كەلسىڭىز، سۆزلەپ بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار مەن.
مەنمۇ خېلى ئىش كۆرگەن مۇشۇك، بايا يۇز بەرگەن ئىش-

لارغا قاراپ مۇنداق ئويلاپ قالدىم، ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى
مايمۇن بىلەن ئوقۇتقۇچىنى ئەخمەق قىلسا تازا ياخشى بولغۇ-
دەك. ئوقۇتقۇچى بىلەن مايمۇننى سېلىشتۇرۇش سەل چەكتىن
ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، بۇنداق قىلساق ئوقۇتقۇچىغا ئۇۋال بولۇپ قا-
لىدۇ. لېكىن ئىككىسى بەكلا ئوخشايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە
ئامال؟!

ھەممەيلەنگە مەلۇم، باغچىدىكى مايمۇن زەنجىر بىلەن باغ-
لاقلىق بولغاچ، ھەرقانچە خىرىس قىلسىمۇ، باشقىلارنى زە-
خىملەندۈرەلمەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ قول - پۇتى باغلاقلىق بول-
مىغىنى بىلەن، ھەر ئايلىق مائاشقا باغلىنىشلىق بولغاچ، ئۇنى
ھەرقانچە ئەخمەق قىلسىڭىزمۇ، ھەرگىز خىزمىتىدىن ئىستېپ-
پا بېرىپ، سىزنىڭ ئەدىپىڭىزنى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردا
ئىستېپا بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان يۈرەك بولسا ئىدى، ئەي-
نى چاغدا ئوقۇتقۇچىلىقنى تاللىمىغان بولاتتى. مېنىڭ غوجا-
يىنىممۇ ئوقۇتقۇچى، گەرچە ئۇ «بۇلۇت سارىيى»دا ئوقۇتقۇچى-
لىق قىلمىسىمۇ، يەنىلا ئوقۇتقۇچى، بۇنىڭ گۇمانلانغۇدەك يې-
رى يوق. باشقىلارنى ئەخمەق قىلماقچى بولسىڭىز، غوجايىنىم
ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ياخشى، ئەڭ بىخەتەر نامزات. «بۇلۇت سارىيى»
دىكى ئوقۇغۇچىلار تېخى كىچىك، ئۇلار باشقىلارنى ئەخمەق قى-
لىپ ئوينىمىسا، بۇ كاساپەتلەر پۇت - قوللىرىنى قويىدىغان يەر
تاپالماي كاللىسى قىزىپ، تەتىلىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەندەك
ھېس قىلمايدۇ. ئەخمەق بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان غوجاي-
ىنىمنىڭ ئۆزىگىمۇ ئاز.

تۆۋەندە «بۇلۇت سارىيى» دىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غوجاي-
ىنىمنى قانداق ئەخمەق قىلغانلىقى، غوجايىنىمنىڭ قاپاقباش-
لىقتا ئۇچىغا چىققانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«چاسا چىتلاق» نىڭ نىمىلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئۇ ھاۋا ئوبدان ئۆتۈشىدىغان ئاددىي بىر تام. بىز مۈشۈكلەر بۇنداق تامنىڭ ئاراچلىرىدىن بىمالال ئۆتۈپ يۈرىمىز. بۇنداق چاسا چىتلاقنىڭ بولۇش- بولماسلىقى بىزگە بەربىر. ئەمما «بۇلۇت سارىيى»نىڭ مۇدىرىمۇ چاسا چىتلاقتىن بىزنى ئۆتمىسۇن دېمەدى. ئۇلار ئۆزلىرى تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىتلاقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشىنى توسۇش ئۈچۈن تامچىلارنى تەكلىپ قىلىپ بۇنى ياساتقان. شۇڭا، چاسا چىتلاقتىن ئادەمنىڭ ئۆتۈشىنى خىيال قىلمىساقمۇ بولىدۇ. بۇ چىتلاق قورۇق تاملىق رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇردى. غوجايىن بۇ تامنى كۆرۈپ، ئەتراپ ئەمدى تىنجىيدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن غوجايىنىنىڭ يەكۈنىدە چاسا چىتلاقتىكى كامارىدىنمۇ چوڭ يوچۇق پەيدا بولدى. غوجايىن تام بولغاندىكىن بەڭباش ئوقۇغۇچىلار ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەرقانچە قوپال قوپۇرۇلغان تام بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تامنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار تامنى ئىككى جاينى ئايرىيدىغان پاسىل دەپ بىلىپ ھەرگىز ئۇنىڭغا يامىشىپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆتمەيدىغۇ؟ دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئۇ ئارقىدىنلا بۇ پەرىزىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئەگەر بىرسى ئۆسۈپ كىرسىمۇ ھېچ گەپ يوق، بۇ كىچىك ماڭقىلار چاسا چىتلاقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ئويلىدى. ئويلا- ئويلا ئۇ ئاخىرقى قارارنى چىقاردى: ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيدۇ، توغرا! ئۇلار مۈشۈك ئەمەس، شۇڭا چىتلاقنىڭ كامىرىدىن ئۆتەلمەيدۇ، ئۆتەي دېسىمۇ ئامالى يوق. لېكىن ئۇلار ئاتلىسا، سەكرىسە چىتلاقتىن ئۆتەلەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا كۈچى كەتمەيدۇ، بۇ دېگەن بىرخىل تەنھەرىكەت تۇرسا!

چىتلاق ياسىلىپ ئەتىسى، بەڭباشلار خۇددى تام قوپۇرۇلمىغان چاغدىكىدەكلا شىمال تەرەپتىكى قۇرۇق يەرگە تاقلاپ ئۆتۈشتى. ئۇلار بىرى قوغلاپ قالسا قاچىدىغان يول قالسۇن دەپ ئۆينىڭ ئالدىغا بەك يېقىن كېلىشۋالمىدى. ئۇلار قاچىدىغان ۋاقىتنىمۇ ھېسابلاپ، تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يوق جايلاردا لاغايلاپ يۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ياندىكى ئۆيدە تۇرغان ئادەم بىلەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ شىمال تەرەپتىكى قۇرۇق يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغان ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ قارشى يۆلىنىشتە تۇرۇپ كۆزەتسە ياكى ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قارىسا ئۇ يەردىكى ئىشلار ئايان بولاتتى. لېكىن دۇشمەننى بايقاپ قالغان تەقدىردىمۇ دېرىزىنى ئېچىپ تىللاشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئەگەر ئىشىكتىن چىقىپ ئۇلارنى تۇتماقچى بولسا، ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بالىلار تۇتۇق بەرمەي چىتلاقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتەتتى.

غوجايىن ھاجەتخانىدا پوستتا تۇرمايدۇ-دە، ئۇ تىۋىش ئاڭلانغان ھامان ۋادەكنى ئېچىپ، دەرھال تالاغا چىقسا، ئۇلارنى تۇتىمەن دەپ مۇشۇ جايدىلا ئولتۇرسا خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ مۇشۇ ئىشنىلا قىلسا بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنى تۇتالمايدۇ. غوجايىنىنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ تۇتالىشىمۇ ئاسانغا چۇشمەيدۇ. كۇتۇپخانىدا ئاۋازنى ئاڭلىغان بىلەن ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇلارنى كۆرگىلى بولغان بىلەن تۇتۇشقا ئامالسىز. قارشى تەرەپ غوجايىنىنىڭ بۇ كەمچىللىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى. بۇ كەپسىزلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ، غوجايىنىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ھەممە ئىش كاللىسى قىزىغاندىن چىقىدۇ، «كاللىسى قىزىش» دېگەن خەتتىنىمۇ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، قىزىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوت كىرەك بولىدۇ، بۇ ئوت زادى نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ بۇنىڭدا بىر مەسىلە بار، بۇمۇ مۇنازىرە قىلىشقا تېگىشلىك قىزىق نۇقتا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ياۋروپالىقلار ئادەم بەدىنىدە تۆت خىل سۇيۇقلۇق ئايلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدىكەن. بىرىنچىسى، «غەزەپ سۇيۇقلۇقى» بولۇپ، ئۇ ئۆرلەپ كەتسە يەر - جاھان زىلزىلىگە كېلىدىغان گەپكەن؛ ئىككىنچىسى، «پاسسىپ سۇيۇقلۇق»، بۇ ئۆرلەپ كەتسە دۆتلىشىپ كېتىدىغان گەپكەن؛ ئۈچىنچىسى، «ھەسرەت سۇيۇقلۇقى» بولۇپ، ئۇ ئۆرلەپ كەتسە غەم باسىدىغان گەپكەن. تۆتىنچىسى «قان» بولۇپ، ئۇ ئۆرلەپ كەتسە قول - پۇتنى چاققانلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «غەزەپ سۇيۇقلۇقى»، «پاسسىپ سۇيۇقلۇق»، «ھەسرەت سۇيۇقلۇقى» ئىنسانلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۈشتۈمتۇت يوقىلىپ، پەقەت «قان»لا ئادەم بەدىنىدە ساقلىنىپ قاپتۇ. ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتسە، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى «قان» قىزىپ كەتكەندىن باشقا گەپ ئەمەس. قانمۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە بېقىپ ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ھەر - بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئاساسەن 2.7 لىتىر بولىدۇ. ئەگەر 2.7 لىتىر قان تەتۈرسىگە ئايلانسا، ئۇنداقتا قان بارغانلىكى جايلار ناھايىتى جانلىنىپ، باشقا جايلاردا قان كەمچىل بولۇپ، مۇزلاپ كېتىدىكەن. خۇددى ساقچىخانىغا ئوت كەتسە ھەممە ساقچى ئىدارىسىگە يۈگۈرۈپ، كوچىدا ساقچى قالمىغاندەكلا بىر ئىش. شۇڭا بەزىلەر ساقچىنىڭ مىجەزى مۇشۇ سەۋەبلىك چۇس بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتا، قاننى بۇرۇنقىدەك بەدەننىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى تارقىتىش زۆرۈر. شۇڭا كاللا قىزىش ياخشى ئىش ئەمەس. بۇنى داۋالايدىغان ھەر خىل ئۇسۇللار بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، غوجايىنىنىڭ چوڭ دادىسى ئىلگىد-

رى لۆڭگىنى ئىلمان سۇدا نەمدەپ بىشىغا قويۇپ، بەدىنىنى مەشكە قاقلايدىكەنتۇق. «كىرزىكنى داۋالاش ھەققىدە» دېگەن كىتابتىمۇ: باش تەرەپ قىزىپ، پۇت ئىسسىمىسا، ساقسىزلىقنىڭ ئالامىتى، دەپ يېزىلغان. شۇڭا ھۆل لۆڭگىنى بېشىغا قويۇش كالىلىسى قىزىشقا ئوبدان مەنپەئەت قىلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنى بىر كۈنمۇ تەرك ئەتمەي داۋام قىلىشقا بولىدۇ. ماكانى مۇقىم ئەمەس بالا راھىبلار جاھان كېزىپ يۈرگەندە داۋالىق دەرەخنىڭ ئاستىدا يېتىپ قالىدۇ. ئاتالمىش «دەرەخنىڭ سايىسىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاش» دېگەنلىك، بىرىلىپ ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا كاسا مۇزلايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كاسا مۇزلىسا قىزىتما چۈشىدۇ، بۇمۇ تەبىئىي ئەھۋال، گۇمانلانغۇدەك يېرى يوق.

قىزىتمىنى چۈشۈرىدىغان مۇشۇنداق ئوبدان چارىلەر ئوتتۇرىغا چىققىلى خېلى يىللار بولدى، ئەپسۇسلىنارلىقى، «كالىلىسى قىزىپ كېتىش» نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئوبدان تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ئادەتتە، «كالىلىسى قىزىپ كېتىش»نىڭ زىيىنى بولسا باركى، پايدىسى يوق بىر ئىش، لېكىن بەزىدە بەك بالدۇر يەكۈن چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. بەزى كەسىپلەردە كالىلىسى قىزىمىسا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك كالىلىسى قىزىشقا تېگىشلىكى شائىرلاردۇر. شائىرلارغا كالىلىسى قىزىش زۆرۈر بولغىنى، خۇددى پاراخوت كۆمۈرگە ئېھتىياجلىق بولغاندەكلا ئىش. ئۇلارنىڭ كالىلىسى قىزىمىسا، ھېچبىر نەرسە يازالمايدۇ. دۇرۇس، «كالىلىسى قىزىپ كېتىش» ساراڭلىقنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. ھازىر ساراڭلىق قىلمىسا بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈش، نام چىقىرىشمۇ تەس بولۇپ كەتتى. شۇڭا شائىرلار

«كاللىسى قىزىپ كېتىش» دېگەن نام ئاستىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار بۇنى «ئىلھام كېلىش» دەپمۇ ئاتىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قويۇۋالغان نامى، خالاس. ئەمەلىيەتتە بۇ «كاللىسى قىزىپ كېتىش» تىن باشقا گەپ ئەمەس. پىلاتون پۈتى سېسىق شائىرلارغا «مۇقەددەس ساراڭ» دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان. ھەرقانچە «مۇقەددەس» بولسىمۇ يەنىلا «ساراڭلىق» بولغاچ كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. شۇڭا، بۇ خۇددى يېڭى چىقىۋاتقان دوردلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش شائىرلارغا «ئىلھام» سۆزى بەكرەك ماس كېلەمدۇ نېمە؟ توخۇ گۆشى قەلەمچىسى شورپىسى دېگەنبىلەن ئىچىدە قاغا گۆشى بار، كالا گۆشى شورپىسى دېگەنبىلەن ئىچىدىن ئات گۆشى چىقىدۇ، دېمەك «ئىلھام كەلدى» دېگەنلىك «كاللام قىزىدى» دېگەندىن باشقا گەپ ئەمەس. كاللام قىزىدى دېگەنلىك ساراڭلىقىم تۇتتى دېگەنبىلەن ئوخشاش، بۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ياتقۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. بىراق بىردەملىك ساراڭلىق قىلىش ئۆمۈرلۈك ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن مۇشكۈل ئىش. ئەلمىساقتىن تارتىپ، كاللىسى قىزىش بىلەن ياللۇغ ئوخشاش كېسەللىك دەپ قارىلىپ كەلگەن، ئالىملار بۇنىڭغا كۆپ باش قاتۇرغان. بەزىلەر تېخى «ئىلھام» نى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىرتاق ئەبنۇستىن 12نى يېۋەتسە ئوبدان بولىدۇ، دېيىشكەن. بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرسەك بولغۇدەك: قىرتاق ئەبنۇس يېسە قەۋزىيەت بولۇپ قالىدىغان گەپ، بۇنداق ئەھۋالدا كاللىسى چوقۇملا قىزىيدۇ-دە. ھاراق بوتۇلكىسىنى كۆتۈرۈپ مۇنچىغا چۈشىدىغان نوچىلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ تۇرۇپ ھاراق ئىچكەندە قىزىق يۇقىرىغا ئۆرلەيدىكەن. ئەگەر ئۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە، ھاراق تۇڭىنىڭ ئىچىگە سەكرەپلا

چۈشسە ئاندىن كاللىسى قىزىشى مۇمكىن. پۇل بولمىسا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ، ھەي، كەمبە-غەل بولسا نېمىدېگەن بىچارە!

يەنە بەزىلەر بۇرۇنقىلارنى دورىغاندا «ئىلھام» كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، مۇنداق بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: مە-لۇم بىر ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى دورىغاندا، دورىغۇچىنىڭ پىسخىكىسىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەستنى دوراپ كاسىلا-دىسىڭىز، بىلىپ - بىلمەي ئۆزىڭىزمۇ مەستتەك بولۇپ قالى-سىز. ئەگەر كۆچە كۆيۈپ تۈگىگۈچە ئېتىكاپتا ئولتۇرالىسا-ڭىز، ئۆزىڭىزنى بۇدساتۋاغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلى-سىز. قەدىمدىكى كامالەتكە يەتكەن شەخسلەرنى دورىسىڭىز، چوقۇم ھاياجانلىنىسىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھېيوگو كېمە ئۈستىدە يېتىۋېلىپ، ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلاركەن. شۇڭا پاراخوتتا ئولتۇرۇپ دىققىتىڭىزنى يىغىپ، تەپەككۇر قىلى-سىڭىز كاللىڭىزنىڭ قىزىشىدا گەپ يوق. ئاڭلاشلارغا قارىغان-دا، سىتېفىنمۇ رومانىنى يېتىپ تۇرۇپ يېزىپ تۈگەتكەنىكەن. قارىغاندا يېتىپ تۇرۇپ يازغاندا، كاللا تېخىمۇ قىزىسا كېرەك، ئوخشىمىغان ئادەملەر ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى ئويلاپ تاپ-قان، لېكىن بىرەرسىمۇ ئۇتۇق قازانغان ئەمەس. ئاساسلىق سە-ۋەبى، ھازىرقى ئادەملەر ھاياجانلىنىش دېگەننى بىلمەس بولۇپ كەتتى.

كاللا قىزىپ كېتىش ھەققىدە مۇشۇنچىلىك سۆزلىسەم بولار! ئەمدى رەسمىي تېمىغا كېلەي.

«بۇلۇت سارىيى» دىكى دۈشمەن قوشۇنى يېقىندىن بېرى دۇمدۇمىس ئوقى ياساپ، دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ياكى دەرستىن چۈشۈپ، شىمال تەرەپتىكى مەيدانغا ھۇجۇم قىلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان بولۇۋالدى. دۇمدۇمىس ئوقى ئادەتتە كالتەك توپ دەپمۇ ئاتىلاتتى. بالىلار ئۇنى دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىغا قارىتىپ ئاتاتتى. دۇمدۇمىس ئوق بولامدۇ ياكى باشقا نەرسە بولامدۇ؟ غوجايىنىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشى. ئوق «بۇلۇت سارىيى»دىن ئېتىلغاچقا قانداقلا بولمىسۇن كۇتۇپخانىدا قامىلىپ ئولتۇرغان غوجايىنىغا تەگمەيتتى، بۇ شاكىچىك دۈشمەنلەر ئارىلىقنى توغرا ھېسابلاشنى بىلمەيدۇ-دە. ئەمما بۇ پەقەتلا بىر ئىستراتېگىيە، خالاس. ئۇلار ھەر قېتىم ئوق ئاتقاندا، «پوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، غوجايىنىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، قول-پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، قانلىرى تەتۇر ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، غوجايىنىنى راسا جىلە قىلاتتى.

قەدىمكى گرېتسىيەدە ئايسوكرات دەيدىغان يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالىم، يازغۇچىغا ماس كاللا بار ئىكەن. ئالىم، يازغۇچىغا ماس كاللا بار دېگىنىم، ئۇ بىر تاز ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىدا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي چاچ چىقالمىغان چېغى. ئالىم، يازغۇچىلار تولا كاللا ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەل بولغاچ شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ! شۇڭا دەيمەن، ئالىم، يازغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ھەممىسى تاز بولۇپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئالىم بېشىنى گىلدىڭشىتىپ، كۈچلۈك ئاپتاپ نۇرىدا مېڭىپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى قىلچىمۇ سەزمەپتۇ، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ تاقىر بېشى بەكلا يورۇپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۇستىدە تاشپاقىدىن بىرنى قاماللىۋالغان بىر بۈركۈت ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن. تاشپاقىنى قېپىدىن چىقىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن بۈركۈت پەستە نۇر چېچىۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ

نېمىدېگەن ياخشى! تاشپاقىنى نۇر بار تەرەپكە تاشلىسام، تاشپاقىنىڭ قېپى چېقىلىپ كېتىدۇ، شۇنداق بولغاندا مەنمۇ يەرگە چۈشۈپ تاشپاقا گۆشى يېيەلەيمەن، ئىشلار ئاسانلىشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ. بۈركۈت تاشپاقىنى ھېلىقى يازغۇچىنىڭ تاقىر بېشىغا قارىتىپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭ بېشى تاشپاقىنىڭ قېپىدەك قاتتىق بولمىغاچ، يازغۇچىنىڭ بېشى يېرىلىپ، شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. بىچارە يازغۇچى! بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، بۈركۈتنىڭ بۇ ئىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ نۇر چېچىۋاتقان نەرسىنىڭ يازغۇچىنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تاشلىغانمىدۇ ياكى ئۇنى سىلىق تاش بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىپ قالغانمىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش قىيىن، بۈركۈتنى «بۇلۇت سارىيى»دىكى ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

غوجايىنىمىنىڭ بېشى ئايسوكراتنىڭكىدەك داڭلىق باشلاردىنمۇ ئەمەس، لېكىن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى راست. غوجايىنىمىنىڭ بېشى تېخى تاز ئەمەس، شۇڭا ئۇ تېخى تازلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ چېچى قالمايدىغاندەك تۇرىدۇ. «بۇلۇت سارىيى» دىكى ئوقۇغۇچىلار كۈچىنى توپلاپ غوجايىنىمىنىڭ بېشىغا ھۇجۇم قىلغىلى تۇرسا، غوجايىنىمنى تاز بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر دۈشمەن ئىككى ھەپتە مۇشۇنداق ھۇجۇم قىلسا، غوجايىنىمنىڭ بېشىغىمۇ ئوزۇق يېتىشمەي تولۇق «تاز»غا ئايلىنىشى مۇمكىن.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئادىتىم بويىچە لەمپىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى يولۋاسقا ئايلىنىپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە غوجايىنىمغا: «توخۇ گۆشى ئې-

www.uyghurkitap.com

لىپ كەل!» دەۋاتقۇدەكمەن. غوجايىن دىر ـ دىر تىترەپ: «خوپ» دېگىنىچە توخۇ گۆشى ئېلىپ كەپتىمىش. مېنى ئەپەندىمۇ كەپتىمىش. مەن: «بوركۇت گۆشى يېگۈم بار، سەن بېرىپ ئۆي قۇشلىرى ئاشخانىسىدىن بىر خىل قورۇما ئېلىپ كەلگىن» دې ـ گۈدەكمەن. مېنى ئالىجوقىدەك سۆزلەپ: «تېتىمىسۇ بىلەن چىد ـ لىغان سەينى ئارىلاشتۇرۇپ قورۇسا بوركۇت گۆشىنىڭ تەمى چىقىدۇ» دەۋاتقۇدەك. «ئۇنداق بولسا كالا گۆشى يەپ تۇراي، دەر ـ هال مىشىكاۋانىڭ گۆش دۇكىنىدىن بىر جىڭ گۆش ئېلىپ كەل! دەرهال بېرىپ كەلمەيدىغان بولساڭ سېنى يېۋېتىمەن» دەپ ئۈنى قورقۇتۇۋاتقۇدەكمەن. مېنى سۆزۈمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ قۇيۇندەك چىقىپ كېتىپتىمىش......

تۇيۇقسىز ئۆينىڭ ئىچىدىن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭ ـ لىنىپ، كالا گۆشى قورسىقىمغا كىرمەي تۇرۇپ، چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتتىم. بايىلا چۈشۈمدە ئالدىمدا كۈچۈكلىنىپ تۇر ـ غان غوجايىن مانا ئەمدى هاجەتخانىدىن ئوقتەك چىقىپ قورسى ـ قىمغا بىرنى تەپتى. مەن «ئاۋ» دەپ چىرقىرىشىمغا، ئۇ ياغاچ كە ـ شىنى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، «بولۇت سارد ـ يى» تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. مەن بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا يولۋاس ـ تىن كىچىكلەپ مۈشۈككە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى هەم كۈلكىلىك بىلىندى. غوجايىن ئاچ ـ چىقىدا قورسىقىمغا بىرنى تېپىپ ئاغرىتىۋەتكەچكە، چۈشۈمدە يولۋاسقا ئايلىنىپ قالغان ئىشىنىمۇ بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالدىم.

غوجايىن دۈشمەن بىلەن ئېلىشقىلى ماڭغانىدى. مۈشۈ ئا ـ ئىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىم ئۈچۈن غوجايىن بىلەن دۈش ـ مەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرمىسام بولمايتتى. غوجايىننىڭ «قاراقچىلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قارىسام 18



www.uyghurkitap.com



ياشلاردىكى ئوقوغۇچىلار بۆكى كىيىۋالغان بىر بالا چىتلاق تام تەرەپكە قاراپ قېچىۋېتىپتۇ. ئۇ تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ بالا يەل تاپاندەك يۇگۇرۇپ ئۆز بازىسىغا قېچىپ بېرىۋالدى. غوجايىن «قاراقچى» دەپ ۋارقىراپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەندەك ھېس قىلدى، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنى باسالمىدى، ئۇ شۇ ۋارقىرىغىنىچە ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. غوجايىن «قاراقچى»نى تۇتۇشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، چىتلاقنىڭ يېنىغىچە يۇگۇرۇپ ئاستا پەسكويغا چۈشتى. بىر توپ بالىلارنىڭ ئارىسىدىن بىر گېنېرال ئوتتۇرىغا چىقىپ، غوجايىن بىلەن گەپ تالىشىپ كەتتى:

— ئۇ دېگەن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

— ئۇنىڭ نەرى ئوقۇغۇچىغا ئوخشىسۇن؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ھويلىسىغا ئۇسۇپ كىرىدۇ؟

— بايا توپ سىلەرنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەتكەن.

— توپنى ئالغىلى گەپ قىلمايلا ئۇسۇپ كىرگەن بارمۇ؟

— بۇندىن كېيىن دىققەت قىلايلى.

— بۇ قېتىم بولدى قىلىۋېتەي.

مەن تېخى ئالامەت بىر جەڭ قىلىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتىمەن، بۇ جەڭنىڭ خۇددى نەسىر يازغاندەك بىر مۇنازىرە بىلەنلا ئاياغلىشىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمەپتىمەن. غوجايىن مۇشۇنداق گۇلدۇرى بار يامغۇرى يوق ئادەم، ھەرقانداق ئىشنى مۇشۇنداق تۇتۇرۇقسىزلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ، خۇددى مەن چۇشۇمدە يولۋاس بولۇپ ئويغىنىپلا مۇشۇككە ئايلىنىپ قالغاندەك. مەن بايا دېگەن كىچىك ۋەقە مانا مۇشۇ. كىچىك ۋەقە مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. ئەمدى چوڭراقىدىن بىرنى سۆزلەپ ئۆتەي.

غوجايىن مېھمانخانا ئۆيىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ «بۇلۇت

سارىيى»دا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسكە قۇلاق سېلىپ ياتقانىدى. تەنتەر-بىيە مەيدانى ئىمتاس ئىدى. ئوقۇتقۇچى ئەخلاق توغرىسىدا چا-ڭىلداپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، گەپلىرى ئېنىق بولۇپ، ئۇ تونۇگۈنكى جەڭدە غوجايىن بىلەن سۆھبەتلەشكەن ھېلىقى گېنېرال ئىدى.

— ...... شۇڭا، ئەخلاقلىق بولايلى، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلايلى. غەربتىكى دۆلەتلەرگە قارايدىغان بولساق، مەيلى فى-رانسىيە، گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيەدە بولسۇن، ئۇ يەردىكى كى-شىلەر شۇ قەدەر ئەخلاقلىق، ھەتتا ئەسكى ئەبلەخلەرمۇ ئومۇ-مىي ئەخلاققا رىئايە قىلىدۇ. بىزدىكى ئەھۋال نېمىدېگەن ئېچى-نىشلىق! بۇ جەھەتتە ئۆزىمىز بىلەن ئۇلارنى سېلىشتۇرالماي-مىز. ئاراڭلاردا جامائەت ئەخلاقى چەت ئەلدىن كىرگەن دەيدىغان-لارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئويلىساڭلار پۈتۈنلەي خاتالاشقان بولىسىلەر. مەنمۇ بىر ئاددىي ئادەم، بەزىدە ئاۋازىمنى قويۇپ بې-رىپ ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ، لېكىن كىتاب ئوقۇۋاتقىنىمدا قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانسا، پەقەتلا ئوقۇيالماي-مەن، مانا بۇ مېنىڭ مىجەزىم. شۇڭا «تاڭ شېئىرلىرىدىن تال-لانما» دېگەن كىتابنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ خۇشاللىق تاپاي دې-گىنىمدە، قوشنام ماڭا ئوخشاش غەلۋە خالىمايدىغان بولۇپ قال-مىسۇن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، شېئىر ئوقۇش نىيىتىمدىن ياند-مەن. شۇڭا سىلەرمۇ ئەخلاقلىق بولۇڭلار. باشقىلارغا دەخلى قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار......

غوجايىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلى-دى. ئاخىرقى گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. غوجايىنىنىڭ تەنە كۈلكىسى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي. كىنايە قىلغۇچىلار تەنە كۈلكىسىگە مەسخىرە ئارىلاشقان

بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن غوجايىن ئۆنچىۋالا ناچار ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇنى ئەسكى دېگەندىن كۆرە، كالۋاراق دېگەن ياخشى. غوجايىننى نېمىشقا كۈلدى؟ دەپ سورىسىڭىز جاۋابىم شۇكى، ئۇ خۇشال بولغاچ كۈلدى. ئۇ ئەخلاقتىن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ تەربىيەسىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن دۇمدۇمىس ئوقىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تەنە قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن تەنەپپۇس بولغان چېغى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن 800 كىشىلىك چوڭ قوشۇننىڭ نەرە تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دۈشمەنلەر قۇيۇندەك سىنىپتىن چىقتى، ئۇلار ئەتراپنى ئوڭدا-دۈمدە قىلىپ، چىققىلى بولىدىغانلىكى كاماردىن ئېتىلىپ چىقتى. مانا بۇ چوڭ بىر قالايمىقانچىلىقنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

گەپنى ھەرە ئۇۋىسى ئىستىھكامىدىن باشلاي. بۇنداق جەڭگە ئىستىھكامنىڭ نېمە كېرىكى دېسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز. ئادەملەر ئادەتتە جەڭ ھەققىدە گەپ بولسا ئۇرۇش مەيداندىكى ئىشلارنى ئاشۇرۇپ سۆزلەشكە ئامراق كىشىلەر «يەن قوشۇندىكى جاڭ فېي چاڭبەنپو كۆۋرۈكىدە نەيزە - قالقانلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، مىليون كىشىلىك ساۋ قوشۇنىنى چېكىندۈرگەن» دېگەندەك دەبدەبىلىك كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەپ سۆزلەشنى ياقتۇرىدۇ.

قەدىمدە بەلكىم ئاشۇنداق قالايمىقان ئۇرۇشلار بولغاندۇ، لېكىن جاھان تىنچىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلۇغ ياپونىيە دۆلىتىنىڭ توكيو شەھىرىدە ئۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ مۆجىزىلەرچە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئوقۇغۇچىلار ھەرقانچە مالىمانچىلىق چىقارسىمۇ، ساقچىخانىغا ئوت كەتكەن-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ـدەك بىـمـەنە بولـمـايدۇ. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، «ئەجدىھا ھۇجرىسى» نىـڭ ساھىبـى بولـمـىش غوجايـىن كۆسايا ئەپەندى بىلـەن «بۇلۇت سارىيـى» دىكـى 800 ئەزىمەتنـىـڭ ئۇرۇشـىنـى توكيو يېقىنقى زا-مان تارىخىدىكى چوڭ ئۇرۇش دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

زو چيۇمىـڭ يەنلـىـڭ ئۇرۇشـىـنـى (يەنلـىـن ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى يەنلىڭنىڭ شىمالىدا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 575 - يىلـى پۇ قـوشۇنى چۇ قـوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان، بۇ تارىختا «يەنلىـڭ ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان) تەسۋىرلىگەندە، دۈشمەن قوشۇ-نىنـىـڭ بارگاھـىدىن باشلاپ يازغان. تارىختىن بۇيان يازغۇچىلار ئۆتكـۈر قەلەملىـرى ئارقىلىق مانا مۇشۇنداق تارىخىي ۋەقەرلەرنى خاتىرىلـەپ كـەلدى. شۇڭا گەپنى دۈشمەن ئىستىھكامىدىن باش-لىسام تازا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئالدى بىلـەن دۈشمـەن گازارمىسىنىـڭ قانداق ئىستىھكام-لىـرى بار قاراپ باقايلى. چىتلاق تامنىڭ سىرتىدا بىر قاتار قو-شۇن تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ غوجايىن تەرەپكە ھۇجۇمغا ئۆ-تىدىغـان قوشۇن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇ. دۈش-مەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ:

— ئۇ تەسلىم بولمامدىكەن؟

— ئالدى بىلەن ئۆزى تەسلىم بولسۇن!

— ئۇ چىقمايدىغۇ، قېچىپ كەتمىگەندۇ - ھە؟

— ياق، قېچىپ كەتمەيدۇ.

— توۋلاپ باقايلى.

— ھوي...... ھوي...... ھەي...... ھەي......

ئارقىدىن ھەممىسى بىراقلا ۋارقىراشتى.

قوشۇن مەيداندا ساقلاپ تۇردى، زەمبىرەكچى قوشۇن ئۇي-دان جاينى تېپىپ ئىستىھكام قۇردى. بىر سەركەردە توقماق تۇ-

تۇپ، «ئەجدىھا ھۇجرىسى» تەرەپكە قاراپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئۈنىڭ سەل نېرىراقىدا يەنە بىرەيلەن بار ئىدى. توقماقنىڭ كەينىدە يەنە بىرەيلەنمۇ شۇ تەرەپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق تىزىلغىنىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ زەمبىرەكچى قوشۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇلار كالتەك توپ مەشىق قىلىۋېتىپتىمىش، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى ئەمەسكەن. مەن توپ تۇرلىرىنى چورتلا بىلمەيمەن، كالتەك توپ دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەرسىزمەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ توپ تۇرى ئامېرىكىدا پەيدا بولغانىكەن، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئەڭ مودا ئويۇنكەن. ئەمدى دۇمدۇمىس ئوقنى ئېتىش ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلاي. قاتار تۇرغان توپچىلار ئارىسىدىن بىرەيلەن ئوڭ قولىغا دۇمدۇمىس ئوقنى ئېلىپ، كالتەك تۇتقان ئادەم تەرەپكە قارىتىپ ئاتىدۇ. دۇمدۇمىس ئوقى نېمىدىن ياسالغان؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. قارىماققا تاشتەك قاتتىق، تېرىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تىكىلگەنىكەن. بايا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇ توپچىنىڭ قولىدىن چىقىپلا كەتسە، ئالامەت ئۇچىدۇ. قارشى تەرەپتە تۇرغان ئادەم كالتەك بىلەن توپنى ئۇرىدۇ. توپنى ياخشى ئۇرالمىسا توپ باشقا ياققا ئۇچۇپ كېتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا «پوڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، ئوق ئۇچۇپ چىقىدۇ، بۇ ئوق نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان غوجايىنىمنىڭ كاللىسىغا تېگىپ كەتسە، ئۇنىڭ يېرىم تاقىر بېشىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى تەبىئىي.

زەمبىرەكچى توپنى ئۇرالىسىلا بولدى، ئەتراپتا تاماشا كۆرىدىغانلار ساماندەك. ھەر قېتىم ياغاچ كالتەك توپقا «پوڭ» قىلىپ تەگكەندە، ئەتراپتىكىلەر چاۋاك چېلىشىپ، ۋارقىرىشىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئوغۇل بالا، ئەزىمەت!
— تەگكۈزدۈڭ، تېخىمۇ كۈچە!
— قورقما!
— تەسلىم بول!

ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىسىلا ھېچ گەپ يوق ئىدى. لېكىن، كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان زەمبىرەك ئوقى ئۈچ قېتىم ئۆچۈپ چىقسا بىر قېتىم جەزمەن غوجايىننىڭ ھويلىسىغا چۈشەتتى. ئۇلار «توپ ‹ئەجدىھا ھۇجرىسى›غا كىرمىسە ئىناۋەتسىز» دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردىمىكىن دەيمەن. ھازىر ھەممە يەردە دۇمدۇمىس ئوقى ياساۋاتىدۇ، باھاسىمۇ بەك قىممەت. گەرچە جەڭگە كىرەك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتە ھەربىر زەمبىرەكچى قوشۇندا بۇنداق توپتىن بىردىن ئىككىنگىچە بار. لېكىن «پوڭ ـ پوڭ» قىلىپ، ئۇنى كېرەكتىن چىقارسا بولمايدۇ ـ دە. شۇڭا، ئۇلار مەخسۇس توپ تېرىپ كېلىدىغان قوشۇندىن بىرنى قۇرۇپ، ئۇلارنى توپ قوغلاشقا مەسئۇل قىلدى. توپ يېقىنراق جايغا چۈشسە توپنى تېرىپ كېلىش ئاسان ئىدى، ئەگەر توپ غوجايىننىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ كەتسە تېرىپ كېلىش مۇشكۈللىشەتتى. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە توپنى ئامالىنىڭ بارىچە تېرىپ كېلىش ئاسانراق تەرەپكە ئۇرسا توغرا بولاتتى. لېكىن ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. توپچىلارنىڭ مەقسىتى ئويۇن ئويناش ئەمەس، ئۇرۇش قىلىش ئىدى. شۇڭا ئۇلار دۇمدۇمىس ئوقنى قەستەن غوجايىننىڭ ھويلىسى تەرەپكە ئۇراتتى. توپ ھويلىغا چۈشكەنىكەن، ئۇنى ھويلىدىن ئېلىپ چىقىش كېرەك. ھويلىغا كىرىشتىكى ئەڭچىل چارە چاسا چىتلاقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈش. ئۇنداق بولغاندا غوجايىننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەيتتى ـ دە، توپنى ئۇلارغا ئاسان قايتۇرۇپ بەر ـ

مەيتتى. غوجايىن بۇنداق چىچىلىپ يۇرۇيدىغان بولسا ھامان بىر كۈنى تاز بولماي قالمايدۇ.

دۈشمەن قوشۇنى ئاتقان زەمبىرەك ئوقىنىڭ بىرى چىتلاق تامدىن ئۆتۈپ چىنار دەرىخىنىڭ شېخىدا تۇرۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېنىقلا چىتلاققا تېگەتتى، توپىنىڭ چىتلاققا تەگكەندىكى ئاۋازى بەك يۇقىرى چىقاتتى. نيۇتوننىڭ بىرىنچى قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇچۇپ چىققان جىسىم سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندا تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر كالتەك توپىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى مۇشۇ قائىدىگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنداقتا غوجايىنىنىڭ بېشىغا بالا كېلىپ، تەقدىرى ئايسوكرات بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغۇدەك. ھەرنېمە بولسا نيۇتون بىرىنچى قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئىككىنچى قانۇنىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئىككىنچى قانۇنىدا: ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سىرتقى كۈچنىڭ قارشىلىقى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، لېكىن بۇ تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، دېيىلگەن. دۇمدۇمىس ئوقىنىڭ چىتلاق تامدىن ئۆتۈپ، دېرىزىگە چاپلانغان قەغەزنى تېشىپ، غوجايىنىنىڭ كاللىسىغا تېگىشى نيۇتوننىڭ تۆھپىسى بولسا كېرەك.

ھايال ئۆتمەي دۈشمەن قوشۇنىدىن بىرنەچچەيلەن ھويلىغا سەكرەپ چۈشتى، ئۇلار قولىدىكى كالتەك بىلەن بامبۇك يوپۇرمىقىنى ئۇرۇپ:

— دەل مۇشۇ يەر، سول تەرەپتىنرەك ئۇرغىن، — دېيىشتى.

دەرۋەقە، دۈشمەن دۇمدۇمىس ئوقىنى ئېلىش باھانىسىدا ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى، ئۇلار توپىنى ئالغۇچە ۋارقىراپ-جارقىراشتى. ئەگەر ئۇلار جىمجىتلا كىرىپ، توپىنى ئېلىپ چى-

www.uyghurkitap.com

قىپ كەتسە غوجايىنغا زەربە بېرىش مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى. گەپنىڭ قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى غوجايىننى تېرىكتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلان.

بۇنداق ئەھۋالدا غوجايىننىڭ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۇرۇشقا ئاتلىنىشى تۇرغانلا گەپ. بايا ئەخلاق دەرسىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ ئولتۇرغان غوجايىن ئەمدىلىكتە ئاچچىقىنى باسالماي قوپۇندەك چىقىپ، دۈشمەن ئەسكىرىدىن بىرنى قولغا چۈشۈردى. بۇ غوجايىنغا نىسبەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى.

ئەمدى دۈشمەننىڭ ئۇرۇش ماھارىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرەي. دۈشمەن تۇنۇگۇن غوجايىننىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. شۇڭا ئۇلار بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزى ئۇتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغاندەك قىلاتتى. غوجايىن قېچىپ ئۈلگۈرەلمىگەن بالىنى تۇتۇۋالغاچقا، دېلو مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنى توپنى تېرىپ كېلىشكە بۇيرۇشتىن ئارتۇق خەتەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇ بالا تۇتۇلۇپ قېلىپ، كاسىلداپ كەتتىمۇ دەيلى، لېكىن «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىپ قالغىنى يامان بولدى. غوجايىن ئازراقمۇ سالماق ئەمەس ئىدى، ئۇ كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولسا ئېنىقلا باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالاتتى. دۈشمەن تەرەپمۇ شۇنداق ئويلايدۇ-دە. ئادەتتىكى ئادەممۇ بۇنى ھېس قىلالايدۇ. لېكىن، دۈشمەن ھۆكۈم قىلىشتا بىر ئىشقا سەل قاراپ قالدى. غوجايىن نورمال ئادەم بولسا تۇنۇگۇن ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. كاللىسى قىزىپ كەتكەنلەر داۋاملىق نورمال ئادەملەرنى ئەيىبلەپلا يۈرىدۇ.

— ئەجەبا سىلەر قاراقچىمۇ؟ — دېدى غوجايىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

غوجاينىڭ ئاچچىقى راسا كەلگەن چېغى، ئۇنىڭ بۇرنى لىپىلداپ كەتتى.

— ياق، بىز قاراقچى ئەمەس، «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى!

— ئالدىما! «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوسۇپ كىرەمدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، بېشىمغا كىيىۋالغان بۆكنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مەكتەپ ئىزنىكى تۇرمامدۇ؟

— ساختا! «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئوقۇغۇچىسى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرگەن نەدە بار؟

— هويلىغا توپ ئۇچۇپ كىرىپ كەتكەچ كىرگەن.

— توپ ئۇچۇپ چۈشتى دېگەن نېمە گەپ ئۆزى؟

— شۇ ئۇچۇپ چۈشكەن تۇرسا.

— ئەبلەخ!

— بۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ قېتىم بولدى قىلىۋېتىڭ، بولامدۇ!

— بۇنداق باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەن ئادەمنى نەدىمۇ بوش قويۇۋەتكەن بار؟

— مەن «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئوقۇغۇچىسى، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

— «بۇلۇت سارىيى»نىڭ ئوقۇغۇچىسى بولساڭ زادى نەچچىنچى يىلىقتا ئوقۇيسەن؟

— ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇيمەن.

— ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ؟

— شۇنداق.

— تېزدىن بىرەرسىڭلار كېلىڭلار، — دېدى غوجاينىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆي تەرەپكە ۋارقىراپ.

ئايال خىزمەتكار قەغەز ئىشىكنى «غارت» قىلىپ ئېچىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— «بۇلۇت سارىيى»دىن بىرسىنى چاقىرىپ كەلگىن.

— كىمنى چاقىرىپ كېلىمەن؟

— كىم بولسا مەيلى، دەرھال چاقىرىپ كەل.

— كىمنى؟

— ۋاي كىم بولسا مەيلى دېدىمغۇ، چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ مەكتەپ مۇدىرى بولامدۇ، خىزمەتچى بولامدۇ...... كىملا بولسا مەيلى.

ئايال خىزمەتكار «ماقۇل» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. لې-كىن نېمىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلمىدى. غوجايىن كۆڭلى-دە، ئۇششاق ئىشلارنى قىلىدىغان كالۋادىن بىرنى چاقىرىپ كې-رەرمۇ؟ دەپ تۇرسا، بايا ئەخلاقتىن دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچى كې-رىپ كەلدى. غوجايىنىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، سۆھبەتنى باشلىدى.

— ئۆيۈمگە رۇخسەتسىزلا بېسىپ كىرگەن ماۋۇ كىچىك هاماقەت سىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئەخلاقتىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم تەمكىنلىك بىلەن ئالدى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئەزىمەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن نە-زىرىنى غوجايىنغا ئاغدۇرۇپ، مۇنداق جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بىزنىڭ ئوقۇغۇچى. بىز ئىزچىل ئۇلارغا بۇن-داق ئىشلارنى قىلماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىپ كېلىۋاتى-مىز، لېكىن ئۇلار يەنىلا گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ...... سىلەر نې-مىشقا تامدىن ئارتىلدىڭلار؟

ئوقۇغۇچى دېگەن يەنىلا ئوقۇغۇچىكەن. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ

ئالدىدا غىڭ-پىڭ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى، خۇددى قاردا قالغان بىر توپ قويلاردەك.

— توپنىڭ ھويلامغا ئۇچۇپ كىرىشىمۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال! مەكتەپ بىلەن قوشنا بولغاندىكىن بۇنداق ئىش بولۇپ تۇرىدۇ! لېكىن...... ئۇلار چەكتىن بەكلا ئاشۇرىۋەتتى، تامدىن ئارتىلىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي، توپنى جىمجىتلا ئېلىپ چىقىپ كەتسە بولاتتىمغۇ؟!

— دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق، مەنمۇ دائىم ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ تۇرىمەن، ئادەم كۆپ بولغاچ...... بۇندىن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىسۇن. تەنتەربىيە مائارىپتىكى مۇھىم دەرس، ئۇنى چەكلىسەك بولمايدۇ. بۇندىن كېيىن توپ كىرىپ كەتسە، چوقۇم ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ توپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟...... مەكتەپ چوڭ بولغاچ، باش قاتۇرىدىغان ئىش بەك جىق، بەزىدە ئامال بولمايدىكەن.

ئەخلاقتىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئېيتقان ئاتالمىش «چوڭ ۋەقە» مانا مۇشۇ. «مۇشۇنىمۇ چوڭ ۋەقە دېگىلى بولسۇنمۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلسىڭىز كۈلۈۋېرىڭ. كىچىك ۋەقەنى سۆزلەپ بولۇپ چوڭ ۋەقەنى سۆزلىۋەتتىم. ئەمدى چوڭ ۋەقە ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى قالدۇق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، ئىشنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالسۇن.

تۆۋەندە سۆزلەيدىغانلىرىم «قالدۇق» ۋەقەلەر. چوڭ ۋەقە يۈز بېرىپ ئەتىسى سەيلە قىلىپ ئىشىك سىرتىغا چىقتىم. شۇ ئارىدا كانىدا غوجايىن بىلەن سۇزۇكى ئەپەندىنىڭ پارىڭىغا قۇلىقىم چۈشۈپ قالدى. كانىدا غوجايىن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ مەھكى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىگە مېڭىپتۇ، سۇزۇكى ئەپەندى كانىدا غوجايىن بىلەن كۆرۈ-
شەلمەي قايتىشىدا ئۇنىڭغا يولۇقۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن
دىدارلىشىپتۇ.

مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا بولغاچ، پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كى-
رىپ قالدى. بۇ مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس. مەن ئۇلارنىڭ گېپى-
نى ئوغرىلىقچە ئاڭلىمىدىم. ئاڭلاش خىيالىممۇ يوق. لېكىن
ئۇلارنىڭ پاراڭلاشقاندىكى ئاۋازى خېلىلا چىڭ ئىدى، شۇڭا ئاما-
لىم بولمىدى.

— بايا مەھكىمىگە بارغانتىم، ھېلىمۇ ياخشى قايتىشىمدا
ئۇچراپ قالدىڭىز، — دېدى سۇزۇكى ئەپەندى تۇزۇت قىلىپ، بەل-
لىرىنى ئېگىپ سالام قىلغاچ.

— ھە، شۇنداقمۇ! راست گەپنى قىلسام مەنمۇ سىز بىلەن
كۆرۈشۈشنى ئويلاپ يۈرگەن.

— شۇنداقمۇ؟ بەلەن بوپتۇ ئەمىسە، خوش، قانداق تاپشۇرۇ-
قىڭىز باركىن؟

—قەدىناس دوستىڭىز كۇسايا ئەپەندى يېقىندىن بېرى
ياخشىدۇ؟

— كۇساياغا بىرەر ئىش بوپتىما؟

— ياقەي، قارىسام يېقىندىن بېرى بەكلا ھاكاۋۇرلىشىپ
كېتىپتۇ.

— بۇ دېگىنىڭىز راست.

— پۇلغا باش ئەگمەيمەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۇ-
رىدۇ، يېقىندىن بېرى سەل ئۆزىنى بىلىۋالدى. لېكىن ئۇ بەكلا
جاھىل، كالىدەكلا. ھەيرانمەن ئۇنىڭغا.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق نۇقسانلىرىمۇ بار دەڭ! زى-
يان تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىرئازمۇ ئۆكۈنمەيدى-

كەن، ئازراقمۇ غەرەز ئۇقمايدىكەن.
— ھا...... ھا...... ھا...... راستتىنلا غەرەز ئۇقمايدۇ. مەن باشقىچە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەدەپىنى بېرىپ قويدۇم.
— بۇ ئۇسۇلىڭىز بولىدىكەن! ئۇنۇمى قانداقراق بولدى؟
— ئۇ ئاداش بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ چوقۇم يېنىمغا يالۋۇرۇپ كېلىدۇ.
— ئوبدان بوپتۇ، ھەرقانچە كۆرەڭلىسىمۇ، سىزنىڭ رەقىبىڭىز ئەمەستە ئۇ.
— ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان ئۇ غەلىتە ئادەم قانداقمۇ ماڭا تەڭ كېلەلىسۇن؟ شۇڭا يېقىندىن بېرى خېلى يىغىشتۇرۇلۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ سىز بىر ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنى بىر كۆزىتىپ باقسىڭىز بولاتتى.
— ھە، شۇنداقمۇ، چاتاق يوق. جاھىل ئادەم پەسكويغا چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ چوقۇم يەنە باشقا غەرىزى بار.
— ئوبدان، كېيىنچە كۆرۈشەرمىز، خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن.
— ماقۇل ئەمىسە، سالامەت بولۇڭ.
مىياۋ، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىش سۈيىقەست بولۇپ چىقتىغۇ؟ سودىگەر دېگەن يامان بولىدىكەن. يەر شارى زادى نېمىنىڭ كۈچىدىن ئايلىنىۋاتاندۇ؟ زادى بىلەلمەي قالدىم. لېكىن جەمئىيەتنىڭ پۇلنىڭ كۈچىدە ئايلىنىۋاتانلىقى راست. سودىگەردىن باشقا ھېچكىم پۇلنىڭ كۈچىنى تونۇپ، ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، ھەتتا قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشىمۇ سودىگەرلەرنىڭ شاپائىتىدىن بولسا كېرەك. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ نۇقتىنى غوجايىن تېخى تونۇپ يېتەلمىدى (مۇشۇك جېنىمدا ھېس قىلغان ئىشنى غوجايىنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېس قىلالماسلىقى ئۈنىڭ دۆتلۈكى، خالاس). مۇشۇك بولسامۇ غوجايىنىمنىڭ ئىشلىرىغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلىمەن. سۈزۈكى ئەپەندى بىلەن خەيرلىشىپ، ئاستا ئۆيگە قايتىپ قالاي، مياۋ!

سۈزۈكى ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئادەم. بۈگۈن ئۇ كاندا غوجايىنىنىڭ دېگەنلىرىنى غوجايىنغا قەتئىي تىنماي، ئۆيدىكى ئۇششاق - چۈشەك گەپلەر ئۈستىدە توختالدى.

— رەڭگىڭىز تازا جايىدا ئەمەس، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، ئوبدان تۇردۇم، — دېدى غوجايىن.

— رەڭگىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ! دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇيقۇڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېچىسى ئۇخلىيالاۋاتامسىز؟

— شۇنداق.

— بىرەر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىش بولسا قولۇم كۆكسۇمدە! ھەرگىز خىجالەت بولماڭ، قېنى تارتىنماي ئېيتىڭ.

— ئەنسىرەيدىغان ئىش دېدىڭىزما؟ نېمىدىن ئەنسىرەپتىمەن؟

— يوق بولسا تېخى ياخشى، ئەگەر بار بولسا دېمەكچى. ئەندىشە سالامەتلىكنىڭ دۈشمىنى! جاھاندا كۈلكە ئىچىدە ئۆتكەنگە نېمە يېتىدۇ دەيسىز. قارىسام چىرايىڭىز تۇتۇلۇپ قالغاندەكلا.

سۈزۈكى ئەپەندى غوجايىنىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە كۆز سېلىۋاتاتتى، ئالدى ئىشىك تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن تېخى مېھمان كەلگەن چېغى دەپتىمەن، ئەسلىدە ئىش باشقا ئىكەن.

— توپ ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى، كىرىشىمگە رۇخسەت قىلسىڭىز.

ئايال خىزمەتكار ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ «مەرھەمەت» دېيىشى-

گە توپ قوغلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچى ئايلىنىپ ئارقا ئىشىك تەرەپ-
كە كەتتى.
— ئۆينىڭ كەينىدىكى ئوقۇغۇچىلار توپنى ھويلىغا چۈ-
شۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ.
— ئۆينىڭ كەينىدىكى ئوقۇغۇچى دەيسىزغۇ؟ ئارقىدا ئوقۇ-
غۇچىلار بارما؟
— ئارقا تەرەپتە «بۇلۇت سارىيى» دەيدىغان بىر مەكتەپ بار.
— شۇنداقمۇ؟ تازا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىدىغاندۇ؟
— ۋاراڭ - چۇرۇڭ دەپ قاپسىز! ئۇلار زادىلا كىتاب كۆرمەي-
دۇ. ئەگەر مەدەنىيەت مىنىستىرى بولغان بولسام بۇ مەكتەپنى
ئاللىبۇرۇن تاقاتقان بولاتتىم.
— ھا - ھا - ھا! ئەلپازىڭىز بەكلا يامانغۇ! بېشىڭىزنى ئاغ-
رىتىۋاتقان بىرەر ئىش بار ئوخشىمامدۇ؟
— سوراش كېتەمدۇ؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە مۇشۇ خاپى-
لىقتا مەن.
— ئۇنچىۋالا خاپا بولىدىغان ئادەم كۆچۈپلا كەتسىڭىز بول-
مامدۇ؟ ئۇششاق بالىلار بىلەن تەڭ بولماي.
— سىز قىلالىغان بىلەن مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. تۇنۇ-
گۈن ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى چاقىرىپ سۆزلەشتىم.
— تازا قىزىق ئىش بوپتۇ، ئۇلار قورقتىمۇ؟
— ھەئە.
بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، يەنە بىر ئوقۇغۇچى كىردى - دە:
— توپ ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى، خاپا بولمىسىڭىز ئېلى-
ۋالغان بولسام، — دېدى.
— نېمانداق ئايىغى يېنىك بۇلارنىڭ! — دېدى سۆزۈكى
ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە، ئۇلارنى ئالدى ئىشىكتىن كىرىڭلار دەپ قويغان.

— شۇنداقمۇ؟ ئايىغى چاققانكەن بۇلارنىڭ، چۈشەندىم.

— نېمىنى چۈشەندىڭىز؟

— توپ ئالغىلى كىرگەنلىك سەۋەبىنى.

— بۈگۈن 60 - قېتىم كىرىشى.

— ھارمىدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنى كىرگۈزمىسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— كىرگۈزمەمتىم؟ ئۇلار كېلىۋالىدىغان تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال.

— ئامالسىز بولسىڭىز، بۇ ئىشنى تەگمەيلى. لېكىن سىز ئۇنداق جاھىللىق قىلماڭ، جاھاندا گىجىك ئادەم زىيان تارتىپ قالىدۇ. سىلىق ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئوڭ بولىدۇ، نەگىلا بارسا نېنىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ؛ ئەمما گىجىك ئادەم قانداقلا ئىش قىلسا پۇتلىكاشاڭغا ئۇچراپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى بىرلا ئادەم بىلەن ئاقمايدۇ. باشقىلار ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشىنىمۇ خالىمايدۇ! ھەي، نېمىلا دېگەنبىلەن، پۇلدار ئادەم بىلەن قارشىلاشقانلار زىيان تارتماي قالمايدۇ، ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش ئۆزىنى ئۇپرىتىشتىن باشقا گەپ ئەمەس. ھېچكىم سىز تەرەپتە تۇرمايدۇ، سىز بىلەن پەرۋايى پەلەك. ئۇلار ئۆيىدە ئولتۇرۇپلا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ دېگەن شۇ، شۇڭا ئۇلار بىلەن ئېيتىشقاننىڭ پايدىسى يوق. ئازراق جاھىللىق قىلسىڭىز مەيلى، لېكىن ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسىڭىز، ئۆگىنىشىڭىزگە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزغا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىسىز، ئاخىرى چارچايسىز، زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز.

— كەچۈرۈڭ، توپ ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى، كىرىپ ئېلىۋالسام بولامدۇ؟ — دېدى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى.

— مانا، يەنە كەلدى، — دېدى سۈزۈكى كۆلۈپ كېتىپ.
— ھۆ، بەتقىلىقلار، — دېدى غوجايىن قىزىرىپ.
سۈزۈكى ئەپەندىمۇ زىيارەت قىلىش مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ ئويلىدى بولغاي:
— خوش، مەن ماڭاي، ۋاقتىڭىز بولسا بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈڭ، — دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.
دەل مۇشۇ پەيتتە ئامايى دوختۇر ئۆيگە كىردى.
تارىختىن بۇيان ئۆزىنى «كاللىسى قىزىپ كەتكەن» داۋالاش مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىۋالغانلار يوقمۇ ئەمەس. غوجايىنىڭ ئىشلىرى ئەپلەشمەي قالسىلا ئۇنىڭ كاللىسى قىزىپ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. غوجايىنىنىڭ كاللىسى تونۇگۇنكى چوڭ ۋەقەدە ئالامەت قىزىپ كەتكەنىدى. غوجايىن سۈزۈكى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىشتا «بۇلۇت سارىيى»دىكىلەر ئەيىبلىكمۇ ياكى ئۆزىمۇ، بۇ تېخى يېشىلمىگەن سىر ئىدى. لېكىن، يېقىنىدىن بېرى ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقى ئېنىق. غوجايىن كۆڭلىدە، مەكتەپ بىلەن قوشنا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ يىل بويى خاپىلىق ئىچىدە ئۆتسەممۇ تازا توغرا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، ئەپلەشمىگۈدەك يېرى بولسا بىرەر چارە ئويلىشىم كېرەك، نېمىلا چارە ئويلىغان بىلەن پايدىسى يوق، ئەڭ ياخشىسى دوختۇر بەرگەن دورىنى ئىچىپ كۆرەي، دېگەنلەرنى ئويلىغانىدى. ئۇ ھازىر كاللىسىنىڭ قىزىپ كەتكىنىنى ھېس قىلغانىدى، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ كاللىسى سەل ئىشلەيدىغان بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ.
ئامايى دوختۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالاماقلىق بىلەن:
— يېقىندىن بېرى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دوختۇر، ھېچبىر ياخشى بولغاندەك ئەمەس.
— نېمە؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— بەرگەن دورىڭىزنىڭ ئۈنۈمى بارمۇ - يوق؟
ئامايى دوختۇر سەل ھەيران بولدى. لېكىن ئۇ مۇلايىم ئادەم بولغاچ تىرىكمەي، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى.
— ئازدۇر - كۆپتۇر ئۈنۈمى بولغاندۇ؟
— لېكىن نېمىلا دورا يېسەم ئاشقازىنىمغا مەنپەئەت قىلمايۋاتىدۇ.
— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ.
— ئىشەنمەمسىز؟ ئاشقازان ئاغرىقىم ئېغىرلىشىپ كەتكەندىمۇ يا؟
— ئاشقازان ئاغرىقى ئۇنداق تېز ساقىيىپ كەتمەيدۇ، ئاستا - ئاستا ياخشى بولىدۇ. ھازىر بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ قاپتۇ.
— شۇنداقمۇ؟
— يەنە شۇنداق تېرىككەكمۇ سىز؟
— تېرىكمەن. چۈشۈمدىمۇ ئاچچىقلىنىپ كېتىمەن.
— بەدەن چېنىقتۇرسىڭىز ياخشى بولۇپ قالاتتىڭىز.
— چېنىقسام تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتمەمدۇ؟
— كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئامايى دوختۇر ھەيران بولۇپ.
دىياگنوز قويۇش باشلاندى. غوجايىن دوختۇرغا قاراپ ئەدەپ سىقىلدى بولغاي، تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:
— دوختۇر! بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر كىتاب ئوقۇدۇم، ئۇنىڭدا ئۆيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ھەققىدە مەزمۇن بار ئىكەن. ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە قولى جىم تۇرمايدىغانلارنى داۋالىغىلى بولىدىكەن، يەنە تېخى نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا بولىدىكەن، سىزچە بۇ راستمىدۇ؟

— راست، شۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بار.
— ھازىرمۇ شۇنداق داۋالايدىغانلار بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە بار.
— ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى تەسمۇ؟
— نەدىكىنى؟ بەك ئاسان. مەنمۇ بىمارلارنى داۋاملىق شۇنداق داۋالايمەن.
— سىزمۇ شۇنداق داۋالامسىز؟
— شۇنداق، سىزنى ئۇخلىتىپ سىناپ باقايمۇ؟ ئەسلىدە ھەممە ئادەم بۇ خىل ئۇسۇلدا داۋالىنىپ كۆرسە بولىدۇ. ئەگەر قوشۇلسىڭىز، سىناپ باقسام بولىدۇ.
— بۇ قىزىق ئىشكەن، ئۇنداق بولسا سىناپ كۆرۈك، مەن خېلى بۇرۇنلا سىناپ كۆرۈشنى ئويلىغان. لېكىن ئۇخلاپ قېلىپ ئويغىنالماي قالسام تۈگەشكىنىم شۇ-دە!
— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، ھېچ ئىش بولمايدۇ! ئۇنداق بولسا باشلايلى!
بۇ گەپ بىلەن غوجايىن ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە داۋالاشنى قوبۇل قىلدى. مەن ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. كۈلگۈم كېلىپ تامنىڭ بۇلۇڭىدا كۆزىتىپ ياتتىم. دوختۇر ئەپەندىم داۋالاشنى غوجايىننىڭ كۆزىدىن باشلىدى. داۋالاش ئۇسۇلى ئىككى كۆزنىڭ كىرپىكىنى ئۈستىدىن پەسكە ئاۋايلاپ سىلاش ئىكەن. گەرچە غوجايىن كۆزىنى ئاچمىسىمۇ، دوختۇر بىر يۆلىنىشتە سىيپاۋەردى. بىردەمدىن كېيىن دوختۇر غوجايىندىن:
— قاپاقنى سىلاۋەرسە كۆز قاراڭغۇلاشقاندەك بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، — دېدى غوجايىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوختۇر ئوخشاش ئۇسۇلدا غوجايىننىڭ قاپىقىنى سىلاپ:
— كۆزىڭىز بارا - بارا قاراڭغۇلاشتى، چاتاق يوقتۇ؟
غوجايىن ئۇيقۇ كەلتۈرۈش داۋالىشىغا بەك ماسلىشىپ كەتكەن چېغى، دوختۇرنىڭ سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى. دوختۇر ئوخشاش ئۇسۇلدا داۋالاشنى يەنە ئۈچ - تۆت مىنۇت داۋاملاشتۇردى. ئاخىرىدا ئامايى دوختۇر:
— كۆزىڭىزنى ئاچالمايلا قالدىڭىزغۇ؟— دەپ سورىدى.
نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! غوجايىننىڭ كۆزى راستتىنلا ئېچىلمايلا قالدى.
— ئەمدى ھەرگىزمۇ ئاچالمىدىم، — دېدى غوجايىن.
— شۇنداق، ھەرگىزمۇ ئاچالمايسىز، — دېدى دوختۇر.
غوجايىن كۆزىنى ئاچماي ئولتۇردى. مەن تېخى ئۇنى ئەما بولۇپ قالغان چېغى دەپتىمەن. لېكىن بىردەمدىن كېيىن دوختۇر:
— كۆزىڭىزنى ئاچماقچى بولسىڭىز ئاستا ئېچىپ بېقىڭ. لېكىن ئېچىلمايدۇ - دە، — دېدى.
— شۇنداقمۇ؟
غوجايىننىڭ گېپى ئاياغلىشىپ بولغۇچە كۆزىمۇ ئادەتتىكىدەكلا ئېچىلدى.
— ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئۇسۇلىڭىز مەغلۇپ بولدى، — دېدى غوجايىن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— شۇنداق، مەغلۇپ بولدى، — دېدى ئامايى دوختۇرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئۇخلىتىش ئۇسۇلى مەغلۇپ بولغاچ ئامايى دوختۇرمۇ ئاستا كېتىپ قالدى.
ئۇ كېتىپ تۇرۇشىغا يەنە بىرەيلەن ئۆيگە كىردى. غوجايىننىڭ ئۆيگە ئەزەلدىن بۇنداق جىق ئادەم كېلىپ باقمىغان. ئۇ

كىشىلەر بىلەن بەكمۇ ئالاقە قىلىپ كەتمىگەچ، ئارقا ـ ئارقىدىن مېھمان كېلىۋەرسىمۇ ئادەم كۆزىگە ئىشەنمەي قالىدىكەن، ھا ـ زىر كەلگىنى كەمدىن ـ كەم كېلىدىغان بىر مېھمان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنى ئىنچىكە كۆزەتمىسەم بولمايتتى. بايا ئېيتقىنىمدەك، مەن چوڭ ۋەقە ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى قالدۇق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان، بۇ مېھمان توغرىسىدىكى مەزمۇنلار چۇشۇپ قالمىسۇن دەيمەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمە ـ دىم، ئۇ يۈزى سوزۇنچاق كەلگەن، كەكە ساقال قويۇۋالغان، 40 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئەر كىشى ئىدى، مۇشۇنچىلىك تەس ـ ۋىرلىسەم يېتەرلىكتۇ! ئۇنى مېتىدەك سەنئەتكاردىن پەرقلەن ـ دۇرۇش ئۇچۇن پەيلاسوپ دەپ ئاتىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، مەن مېتىدەك قالايمىقان جۆيلۈمەيمەن، ئۇنىڭ غوجايىن بىلەن قى ـ لىشقان گەپلىرى ۋە تۇرقىغا قارىغاندا كىشىگە پەيلاسوپتەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئىككىيلەننىڭ قىزغىن پاراڭلىشىپ كەت ـ كىنىگە قارىغاندا ئۇمۇ غوجايىننىڭ ساۋاقدىشى ئوخشايدۇ.

— ھەي، مېتى بېلىققا بېرىدىغان كېپەكتەكلا ئادەم، سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ بىر ئاغىنى ـ سى بىلەن بىر باينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، «چاي ئىچىپ چىقايلى» دەپ ئاغىنىسىنىمۇ سۆرەپ كىرىپتۇ. ئۆزىنى سورىمىغانلىق ـ تە، بۇ.

— كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— قانداق بولدىكىن سوراپ باقماپتىمەن. قارىغاندا تۇغما غەلىتە ئادەم بولسا كېرەك. ئىشقىلىپ تايىنى يوقلا بىر ئادەم ئۇ، كېپەكتەك. سۇزۇكىنى دەمسىز؟ ئۇمۇ كەلدىما؟ ھە! ئۇمۇ ئىش ـ نىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ئادەم، لېكىن جاھاندارچىلىققا يامان، ئالتۇن قاپلىق سائەت تاقاشقا مۇناسىپ. لېكىن، بىر ئىشلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەكلا يۇزەكى قارايدۇ، سالماق ئەمەس. ئۇنى بۇ جەھەتتە يارامسىز دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ داۋاملىق سىلىق بولايلى، سىلىق بولايلى، دەيدۇ. لېكىن نېمىنىڭ سىلىق بولۇش ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئۇقمايدۇ. مېتىنى كېپەككە، سۆزۈكىنى تانىغا ئېسىپ قويغان لەگپۇڭغا ئوخشاتساق خاتالاشمايمىز، چۈنكى ئۇ لىغىلداپ جىم تۇرمايدۇ، داۋاملىق كاسىلداپ توختىمايدۇ.

غوجايىنغا بۇ ئوخشىتىشلار بەك ياراپ كەتتى بولغاي، ئۇ-زاقتىن بېرى ئاڭلانماي قالغان قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ياڭراپ كەتتى.

— ھە؟ ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز چۇ؟

— مەنما؟ ھە، مەن ماڭا ئوخشايمەن...... مېنى ياۋا ياڭيۇغا ئوخشاتساق بولارمىكىن، تۇپراقتا ئاستا-ئاستا يوغىنايدىغان.

— ھا...... ھا...... تۇپراقتىكى ياۋا ياڭيۇ؟ بۇ ئوخشىتىش نېمانداق قالتىس، سىزگە ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ!

— نەدىكىنى! ھەممىمىز ئادەتتىكى ئادەملەر، ماڭا ھەۋەس قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقىم شۇكى، مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا ھەۋەس قىلمايمەن.

— ھال-ئوقىتىڭىز خېلى ياخشىدۇ؟

— نەدىكىنى، لېكىن ئاچ قالمىدىم، ھەيران قالماڭ-ھە؟

— لېكىن مەن يېقىنىدىن بېرى تازا خۇشال ئەمەس، ئىچىم سىقىلىپلا تۇرىدۇ، ھېچ نەرسە كۆزۈمگە سىغمىغاچ ۋاتىلداپلا يۈرىمەن.

— ۋاتىلدىغانمۇ ئوبدان! ۋىتىلداپ تۇرسا كەيپىياتمۇ سەل ياخشى بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ بېشىغا ھەر خىل قىسمەتلەر كېلىدۇ. ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزگە ئوخشىتىپ باھا بەرسىڭىز بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ بولكىسىنى پارچىلاپ يېسىمۇ مەززى-

لىك تېتىيدۇ. كىيىمنى ئېسىل دۇكانغا بۇيرۇتۇپ تىكتۇرۇپ
كىيسىڭىز ئۇچىڭىزغا چۈشىدىغان قىلىپ ياخشى تىكىپ بې-
رىدۇ؛ لېكىن ئادەتتىكى يەردە تىكتۇرۇپ كىيسىڭىز بىر مەز-
گىل كىيگەندىن كېيىنلا كىيگۈڭىز كەلمەيدۇ. بىراق، ياخشى
تىكىلگەن كىيىمنى كەيگەنسېرى كىيگۈڭىز كېلىدۇ. باينىڭ
بالىلىرى بولساق ئەلۋەتتە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىنى كەچۈرۈپ بەختلىك ياشىغان بولاتتۇق. ئۇنداق بولمايدى-
كەن، پەقەت ئىككى خىل تاللاش بار: بىرى جەمئىيەت بىلەن
كۆرەش قىلىش؛ يەنە بىرى، جەمئىيەت رىتىمىغا ماسلىشىپ
چىداپ ياشاش.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن جەمئىيەت رىتىمىغا ماسلى-
شىپ ياشاپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

غوجايىن گەپنى «بۇلۇت سارىيى» ۋەقەسىدىن باشلاپ،
نارازى بولغان ئىشلار توغرىسىدا كاسىلداپ كەتتى. پەيلاسوپ
غوجايىنىنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، ئاخىر
غوجايىنغا مۇنداق دېدى:

— ئۆزىڭىز كۆزگە ئىلمايدىغانلارغا پىسەنت قىلمىسى-
ڭىزلا بولمىدىمۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى نېمىنى بى-
لىدۇ. «ئۇلار ماڭا زىيان سالدى» دەيسىز، ئۇلار بىلەن مۇنازىرى-
لىشىپسىز، سوقۇشۇپسىز، مەسىلە يەنىلا ھەل بولماپتىغۇ؟
مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ياپونىيەلىكلەر غەربلىك-
لەردىن كۆپ ئۇلۇغ ئىكەن. يېقىندا غەربتە «ئاكتىپ» دەيدىغان
بىر گەپ مودا بوپتۇ، بۇ توغرا گەپ ئەمەس. «ئاكتىپ» لاشقۇدەك
نېمە ئىش بار؟ بىرەر ئىشنى ھەرقانچە ئاكتىپلىشىپ قىلغان
بىلەنمۇ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇدۇلدا ئارچا
دەرىخى تۇرمامدۇ؟ يىراقنى كۆرەلمىدۇق، دەپ دەرەخنى كېسى-

ۋەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى قورۇلۇش ئوخشاشلا كۆرمەكچى بولغان يېرىمىزنى توسۇۋالىدۇ. ئۇنىمۇ كۆزدىن يوقاتتۇق دەيلى، ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكى ئاۋۇ ئۆي ئوخشاشلا توسىدۇ. كىرىشىپ قالغىنىڭىز بىلەن يەنىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيسىز. غەربلىكلەرنىڭ ئىش قىلىشى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەيلى ناپولېئون بولسۇن ياكى ئالېكساندىر بولسۇن ھېچقايسىسى ئۆزى رازى بولغۇدەك غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەمەس. باشقىلار كۆزۈمگە سىغمىدى دەپ ئۇرۇشساق، قارشى تەرەپ قايىل بولماي سوتقا ئەرز قىلسا، سوتتا ئۇتسا ئۇ رازى بولىدۇ، دەپ قارىساق خاتالاشقان بولىمىز. داۋاملىق ھەممە ئىشتىن رازى بولسام دەيمىز، لېكىن رازى بولدۇقمۇ؟ دوكارلىق تۈزۈمىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنى پارلامېنت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش؛ پارلامېنت تۈزۈمىدىن نارازى بولۇپ، يەنە باشقا بىر تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش؛ دەريادىكى سۇ كۆزگە سىغمىسا كۆۋرۈك سېلىش؛ تاغ كۆزگە سىغمىسا، تونېل قېزىش؛ قاتناش قولاي ئەمەس دەپ تۆمۈريول ياساش. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتىمۇ دەيلى، ئەمما ئىنسانىيەت بۇنىڭلىق بىلەن رازى بولغان ئەمەس. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئىنسان قانچىلىك دەرىجىدە ئاكتىپلاشقاندا سۇبيېكتىپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؟ غەرب مەدەنىيىتىدە ئاكتىپ ئىلگىرىلەش ئامىللىرى بار، لېكىن ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولىدىغان ئىنسانلار بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت. ياپون مەدەنىيىتىدە سىرتقى ئامىلنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنى رازى قىلىش تەكىتلەنمەيدۇ. ياپونىيە بىلەن غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ پەرق شۇكى: ياپونىيە مەدەنىيىتى «ئەتراپتىكى مۇھىتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك» نى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تەرەققىي قىلغان. ئاتا - بالا چىقىشالمىدۇق دەپ، غەربلىك-

لەرنىڭ ئاتا - بالا مۇناسىۋىتىنى دوراپ، ياخشىلىشىپ قالغان بىلەن بولمايدۇ. ئاتا بىلەن بالا مۇناسىۋىتىدە چوقۇم بۇرۇندىن بار ھالەتنى ساقلاش، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك؛ پەقەت مۇشۇ مۇناسىۋەتنى قوغداش ئاساسىدا خاتىرجەم ياشاشقا بولىدۇ. ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ساموراي بىلەن سودىگەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرا ھەممە تەبىئەتكە بولغان تونۇش قاتارلىقلارغىمۇ مۇشۇنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ...... ئەگەر ئالدىمىزدىكى تاغ يولىمىزنى توسۇپ، قوشنا دۆلەتكە بارالماي قالساق، تاغنى يۆتكەشنى ئويلىماي، قوشنا دۆلەتكە بارمايمۇ ياخشى ياشىيالايمەن، مەندە ياخشى ياشىيالىغۇدەك قابىلىيەت بار، دېگەن ئىرادىگە كېلىش ھەممە شۇنداق روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

— ھەرقانچە قالتىس بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت قەلبىڭىزنى پاكلىسىڭىزلا «بۇلۇت سارىيى»دىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرقانچە غەلۋە قىلسىمۇ، ئۇ قانچىلىك ئىشتى دەيدىغان بولىسىز. ئىلگىرى بىر راھىب بويىنىغا پىچاق تەڭلىنىپ تۇرسىمۇ خاتىرجەم تۇرۇپتىكەن. ئادەم ئۆز - ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزگەندە ھەممە ئىش جايىغا چۈشىدۇ. مەنغۇ ئۇنداق مۇرەككەپ قائىدىلەرنى چۈشىنىپ كەتمەيمەن. ئومۇمەن، غەربنىڭ «ئاكتىپ» ئىلگىرىلەش روھىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. مانا سىز ئاكتىپلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىڭىزمۇ، ئوقۇغۇچىلار سىزنى ئوخشاشلا ئەخمەق قىلىپ كەپتۇ. بۇ قۇرۇق ئاۋارە بولغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىزدە شۇ مەكتەپنى پېچەتلىگۈدەك ھوقۇق بولسا ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلغان ئەسكى ئىشى ساقچىغا ئەرز سۇنغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن بولسا ئۇنىڭ يو-

لى باشقا. ئۇنداق بولمايدىكەن، سىز ئاكتىپلىشىپ، ئۇلارنى قوغلىغىنىڭىز بىلەنمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمايلا قالماي، يەنە تېخى ئۇلارغا باش ئېگىسىز. پالاقشىپ يۈگۈرۈپ چىققان بىلەن مەيلى ئىقتىساد، مەيلى جىسمانىي كۈچ جەھەتتە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز مولۇكدارلار ئال-دىدا باش ئەگمەي قالمايسىز؛ يەنە تېخى قەستەن سىزنى تېرىك-تۈرگەن بالىلاردىن كەچۈرۈم سورايسىز؛ بولۇپمۇ سىز دەك گاداي ئادەمنىڭ يەڭنى تۇرۇپ ئاكتىپلىشىپ ئۇلار بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىشى، كۆڭلىڭىزدە ئاپەتنىڭ مەنبەسى بولغان نارازىلىقنىڭ بولغانلىقىدىندۇر، قانداق! چۈشەندىڭىزمۇ؟

غوجايىن ئاڭلاشنىلا بىلىپ يا چۈشەندىم، يا چۈشەنمىدىم دېمىدى. كەمدىن - كەم كېلىدىغان بۇ مېھماندىن ئۇزىغاندىن كېيىن، ئۇ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، كىتاب ئوقۇماي چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

سۆزۈكى ئەپەندىنىڭ غوجايىنغا دېمەكچى بولغىنى، «پو-لى، ھوقۇقى بار كىشىلەرگە بويسۇنۇش كېرەك» ئامايى دوختۇر-نىڭ غوجايىنغا دېمەكچى بولغىنى، «ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ئارقىلىق نېرۋىنى ناركوز قىلىش كېرەك» ئەڭ ئاخىرى كەلگەن ماۋۇ كەم دىدار مېھماننىڭ دېمەكچى بولغىنى، «ئۆزىنى پاسسىپ قىلىپ تەربىيەلىگەندە خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ» ئىدى. غوجايىن زادى قايسىسىنى تاللايدۇ، بۇ غوجايىننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. لېكىن، بۇ ئىشلار بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆت-مەسمىكىن دەيمەن.

# 6

غوجايىن ھېلىقى پەيلاسوپنىڭ پىكرىنى ئىلىك ئېلىپ،
«بۇلۇت سارىيى»دىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ بولمايدىغان بول-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۇتۇپخانىغا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ تە-
پەككۇر قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئېھتىمال پەيلاسوپنىڭ ئا-
گاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىنچ ئولتۇرۇپ كەي-
پىياتىنى تەڭشىۋالغان چېغى. لېكىن غوجايىنىم ئىچى تار بىر
ئادەم، ئۇنىڭ بېكىنىپ ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشى ياخشى
ئىشنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئۇنداق غەلىتە ئادەمگە مۈشۈك نەسى-
ھەت قىلسىمۇ بىكار. شۇڭا ئۇ يەنىلا بىلگىنىنى قىلىۋەرسۇن!
شۇنداق قىلىپ، بەش-ئالتە كۈندىن بېرى غوجايىنىنى يىراق-
تىن كۆزىتىپ، كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

غوجايىن پەيلاسوپ بىلەن كۆرۈشكەن شۇ كۈندىن ھېساب-
لىغاندا ھازىر دەل يەتتە كۈن بولدى. بۇددىستلار يەتتە كۈننى
بىر سامسارا دەيدىكەن.

غوجايىنىنىڭ كىتابخانىسى جەنۇبقا قارايدۇ، كۆلىمى 20
كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ. كىتابخانىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۇزۇن-
لۇقى ئالتە چى، كەڭلىكى ئۈچ چى كېلىدىغان بىر شىرە قويۇل-
غان. بۇ ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلى ۋە كارىۋات ئورنىدا ئىشلىتىلىد-
غان ئېسىل جابدۇقى. غوجايىن نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈستەلنى ياسات-
قاندۇ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلاشنى ئويلاپ
قالغاندۇ؟ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەك مۈشكۈل. غوجايىنغا ئۇخ-

شاش ئەقلى كەمتۈك ئادەملەرلا مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ چىقالايدۇ. ئۇ بىز دائىم ئۈچرىتىپ تۇرىدىغان ساراڭلارغا ئوخشاش، ئالاقىسى يوق ئىككى نەرسىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تەپەككۇر قىلغاچ، ئۇستەل بىلەن كارىۋاتنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن گەپ. گەپنىڭ قىسقىسى، بۇنىمۇ غوجايىننىڭ بىر ئۆزگىچىلىكى دېيىشكە بولىدۇ، بىراق بۇ غەلىتىلىكتىن باشقا گەپ ئەمەس، زادىلا قاملاشمىغان بىر ئىش. مىياۋ! مەن غوجايىننىڭ چۈشتە مۇشۇ ئۇستەل ئۈستىدە ئۇخلاپ، يەرگە دۈم چۈشكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى سىپلىنچا تاماكىدا كۆيۈپ ئۈچ يېرى تېشىلىپ قالغاچ، ئۇنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن پاختىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىپلىنچا ئۈستىدە غوجايىن غەمكىن هالدا ئولتۇراتتى. غوجايىننىڭ كىرلىشىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بەلبېغى پۇتىنىڭ ئۇستىگىچە سوزۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا بەلباغنى تۇتۇپ ئوينىسام غوجايىن بېشىمغا ئۇراتتى. قارىغاندا بۇ بەلباغقا ئالدىراپ يېقىنلاشقىلى بولمىغۇدەك.

غوجايىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە كاللا قاتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بەزىلەر «ساراڭدەك ئويلىساڭ ساراڭ بولىسەن» دەپ قويىدىكەن. مەن ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارىدىم، ئۇستەل ئۈستىدە بىر نەرسە پارقىراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋېرىپ، كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن غەلىتە نەرسە ئىكەن. مەن كۈچلۈك نۇرغا چىداپ، ئۇ نەرسىگە تىكىلىپ تۇردۇم. شۇ چاغدىلا ئۇستەل ئۈستىدە تۇرغان نەرسىنىڭ ئەينەك ئىكەنلىكىنى ئاران پەرق ئەتتىم. غوجايىن كىتابخانىسىغا ئەينەك ئېلىپ كىرىپ نېمە قىلماقچى؟ ئەينەك دېگەن مۇنچىدا بولمامدۇ؟ مەن بۇگۇن ئەتىگەن تېخى مۇنچىدا ئاشۇ ئەي-

نەكنى كۆرگەن. شۇڭا ئۇ ئەينەك غوجايىننىڭ ئۆيىدىن باشقا ئۆيدە يوق دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن. غوجايىن كۈندە يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ، چېچىنى مۇشۇ ئەينەككە قاراپ تارايدۇ. غوجايىن باشقا ئىشقا پەرۋا قىلمىغان بىلەن چاچ تاراشقا ئەستايىل مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن كۈندىن ھازىرغىچە غوجايىن چېچىنى قىسقا قىلىپ ياستىپ باقمىدى، ھاۋا ھەرقانچە ئىسسىپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلمىدى، چېچىنى ئىككى سۇڭ ئۇزۇنلۇقتا قويغىنى قويغان. غوجايىن يەنە تېخى سول تەرەپتىكى چېچىنى ئىككىگە ئايرىپ سەل كۆپتۈرۈپ، ئوڭ تەرەپتىكىسىنى ئارقىغا چاپلاپ تارايتتى. ئېھتىمال، بۇمۇ ئەقلىي كەمتۈك ئادەمنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئەسلىي جايى مۇنچىدىكى ئەينەك قانداق بولۇپ تۇيۇقسىزلا كىتابخانىدا پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ ئەينەككە جان كىرىپ قالمىغان بولسا جەزمەن غوجايىن ئۇنى مۇنچىدىن ئېلىپ چىققان گەپ. ئېھتىمال، بۇمۇ ئۇنىڭ «ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش»تىكى زۆرۈر قورالى بولسا كېرەك. ئىلگىرى بىر ئۆلىما بىر راھىب ئاغىنىسىنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ ئاغىنىسى كاھىشنى يەرگە سۈركەۋاتقانىكەن. ئۆلىما ئۇنىڭدىن:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— كاھىشنى مۇشۇنداق سۈركەپ نېپىزلىتىپ ئەينەك قىلاي دېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ راھىب.

— ھەرقانچە نوچى راھىب بولساڭمۇ ئۇنى ئەينەك قىلالمايسەن، — دەپتۇ ئۆلىما ھەيران بولۇپ. راھىب قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بولدى قىلاي! — دەپتۇ.

بۇ ھەرقانچە كۆپ كىتاب ئوقۇغان بىلەنمۇ بەزى نەرسىگە

ئېرىشەلمەيسەن دېگەنلىك بولسا كېرەك. غوجايىنغا زادى نېمە ئىش تەسىر قىلىپ مۇنچىدىكى ئەينەكنى كۇتۇپخانىغا ئېلىپ چىقىۋېلىپ خۇشال يۈرىدىغاندۇ؟ ئىشنىڭ قىزىقى ئەمدى چىقسا كېرەك. مەن ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قاراپ تۇردۇم.

غوجايىن مېنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرمەي، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئارزۇلۇق ئەينىكىگە قاراپ تۇراتتى. ئەينەك دېگەن نەرسىمۇ بەزىدە ئادەمنى قورقىتىدىكەن. ئۆينىڭ ئىچىدە كېچىدە يالغۇز ئەينەككە قاراشمۇ جۇرئەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش. سىگارشى ئائىلىسىدىكى خانقىز مېنى تۇنجى قېتىم ئەينەككە قاراتقاندا قورققىنىمدىن ئۆينى ئۈچ قېتىم ئايلىنىۋەتكەنىدىم. قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان مۇشۇنداق چىرايلىق كۈندە، غوجايىندەك ئەينەككە تىكىلىپ قاراپ تۇرسا ئېھتىمال، ئادەمنىڭ ئۆزىدىن قورققۇسى كېلىدىغاندۇ؟ شۇنداقلا قارىسىلا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بىر چىراي كۆرۈنىدۇ. غوجايىن تېخى ئارىلاپ ئۆز - ئۆزىگە: «نېمانداق مەينەت چىراي بۇ» دەپ قوياتتى، غوجايىنىنىڭ ئۆزىنىڭ مەينەت چىراي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ساراڭغا ئوخشىغان بىلەن قىلغان سۆزلىرى ھەقىقەت ئىدى. ئۇ ئەينەككە يەنە قاراۋەرسە ئۆزىدىن قورقۇپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەم ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىسا، ئۇنى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن دېيىشكە بولمايدۇ. بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ئادەم ئاخىرىدا نۇرغۇن چۇشەكلەر ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، غوجايىن ئەسلىدە «ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!» دېيىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ «نېمىدېگەن مەينەت چىراي» دەپ قويدى، كۆڭلىدە يەنە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىنتاڭ.

غوجايىن يۈزىگە ئۆرۈپ قويۇپ، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ: «يۈز تېرىسىنى چىڭ تۇرۇۋالسا چوقۇرمۇ كۆرۈنمەيدىكەن» دېدى. ئارقىدىن يەنە كۈن نۇرى چۈشكەن يېرىم يۈزىگە ئەينەكنى قاراتتى، بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ: «ئەمدى چوقۇر ئېنىق كۆرۈندى، يەنىلا كۈن ئۇدۇل چۈشكەندە تۈز ھەم تەكشى كۆرۈنىدىكەن. دېمىسىمۇ ئەينەك دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن» دېدى. ئارقىدىن ئۇ ئوڭ قولىنى سوزۇپ ئەينەكنى يىراق تۇتۇپ قاراپ، ھەيران قالغان ھالدا: «ماۋۇ ئارىلىقتا چوقۇر كۆرۈنمەيدىكەن. يەنىلا يېقىن قارىمىغان تۈزۈككەن...... چىرايىمنىلا ئەمەس، ھەممە نەرسىگە» دېدى. ئارقىدىن ئەينەككىنى توغرىسىغا قويۇپ، كۆز، پېشانە، قاشلىرىغا قاراپ بۇرنىنى پۈرۈشتۈرۈپ كەتتى. بۇ تۇرقى غوجايىننىڭ ئۆزىگىمۇ بەك سەت كۆرۈنگەن چېغى، بۇنداق قارىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھال قاراشتىن توختىدى. «نېمانداق سەت تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. غوجايىن ئەينەكنى كۆزىدىن ئۈچ سۇڭ يىراققا قويۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىنى تۇتۇپ، ئۈستەلدىكى قارا قەغەزنى ئېلىپ بۇرنىنى سۈرتتى، ئۇنىڭ پوتلىسى قەغەزگە چاپلاشتى، كېيىن ئۇ بۇرنىنى سۈرتكەن قولى بىلەن ئوڭ قاپىقىنى تۇتتى، مانا ئەمدى «جىندەك بولۇۋېلىپ ئادەم قورقۇتۇش» دېگەن سۆز جانلىق ئىپادىسى ئۇنىڭدا ئۆزىنى تاپتى. ئۇ بۇ ئويۇننى ناھايىتى ئوبدان ئوينىدى. ئۇ زادى چوقۇرنى تەتقىق قىلىۋاتامدۇ ياكى ئەينەككە قاراش مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلمىدىم.

گۇمانىستارلىق ئىلمى ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەتقىق قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاسمان ۋە زېمىن، تاغ - دەريا، يۇلتۇزلار ئۆزلۈكىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. ھەرقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم ئۆزىنى قويۇپ باشقىلارنى تەنقىد قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۆزىدىن ھالقىيالىسا، ئۇنداقتا ئۆزىدىن ھالقىغان ھامان ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنى تەنقىد قىلىش باشقىلار ۋاكالىتەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنى ھەركىم ئۆزى قىلىشى كېرەك. باشقىلارنى تەنقىد قىلىش ياكى باشقىلارغا ئۆزىنى تەنقىد قىلدۇرۇش بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر باشقىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى چۈشەنمەك بولسا، ئۇ خۇددى باشقىلارغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدا كالا گۆشى يەپ بەرگىن دەپ، كالا گۆشىنىڭ يۇمشاق - قاتتىقلىقىنى ئايرىغاندەكلا ئىش. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا غوجايىنىنىڭ ئەينەككە قارشى ئىشىنىڭ يولىنى بىلگەنلىكى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بۇ قىلمىقى ھېلىقى ئۆزىنى ئوقۇمۇشلۇق چاغلاپ يوغانچىلىق قىلىدىغانلارغا قارىغاندا خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ.

ئەينەك ئۆزىنى مەغرۇر كۆرسىتىدىغان، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزىنى بىلەلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قورال. ئەگەر سۆلەتۋازلىق، شۆھرەتپەرەسلىك قىلىپ ئەينەككە قارىسىڭىز ئەينەكنىڭ ئەخمەقلەرنى كۈشكۈرتىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. قەدىمدىن تارتىپ بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنىڭ ئۆچدىن ئىككىسىنى ئەينەك پەيدا قىلغان. فىرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بىر دوختۇر «يېڭى تىپتىكى كاللا ئېلىش ماشىنىسى» نى ئىجاد قىلىپ، غايەت زور جىنايەت ئۆتكۈزگەن. ئەينەكنى ئىجاد قىلغانلارنىڭمۇ چوقۇم كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق. ئەمما ئۆزىدىن زېرىككەندە، ئىچى سىقىلغاندا، ئەينەككە قاراشتەك ئوبدان ئىش يوق. ئەينەككە قارىغان ئادەم ئۆزىنىڭ چىرايلىق ياكى سەتلىكىنى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ - دە: «مۇشۇ چىرايىم بىلەن ھازىرغىچە

كۆرەڭلەپ ياشاپ كەپتىمەن» دەپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇ نۇق-
تىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. ئۆزىنىڭ ئەخمەق-
لىقىنى تونۇپ يەتمەكتىنمۇ ئېسىل ئىش بولمىسا كېرەك. ئۆ-
زىنى چوڭ تۇتقان ھەرقانداق ئادەممۇ ئەينەك ئالدىدا پەسكويغا
چۈشىدۇ. مەن غوجايىنىنى سەل مەسخىرە قىلىپمۇ قويدۇم، مۇ-
شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، غوجايىنىمۇ ئەينەك ئالدىدا ئۆزىنىڭ يې-
ڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگەندەك قىلىدۇ. غوجايىن «ئەينەككە دۇم
چۈشكەن» لەردىنمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ ئەينەكتىن يۈزىدىكى ئە-
يىبىنى تاپقان نوچىلاردىن. ئۇ ئۆزىنىڭ سەتلىكىنى بايقىسا بەل-
كىم ئۆز روھىيىتىنى تونۇشقا پايدىسى بولۇپ قالار. ئۇ ناھايىتى
ئىستىقباللىق ئادەم! بەلكىم بۇمۇ ھېلىقى پەيلاسوپنىڭ غوجا-
يىنىنى تەنقىدلىگەنلىكىدىن بولغاندۇ.

غوجايىن بۇرتىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇرتى ئەسلى-
دىمۇ قالايمىقان كۆرۈنەتتى. گەرچە ھازىر خاسلىقنى نامايان
قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بۇرتنى بۇنداق قالايمىقان
قويۇۋالغانغا خاسلىق گەۋدىلەنمەيدۇ، غوجايىن بۇنداق بۇرۇت
قويۇپ يۈرسە ئېنىقلا ئاۋارىچىلىككە قالىدۇ. غوجايىن بۇ ئىش-
نىمۇ ھېس قىلغان چېغى، يېقىندا بۇرتنى رەتلەش قۇرۇلۇشىغا
تۇتۇش قىلدى. «ئەجىر يەردە قالماپتۇ» دېگەندەك، يېقىندىن بې-
رى غوجايىنىنىڭ بۇرتى سەل رەتلىنىپ قالدى. غوجايىن ھەتتا
پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «ئىلگىرى بۇرتنى ئۇزۇن قويۇش مودا بول-
غان بولسا، ھازىر بۇرتنى ئېلىۋەتمەسلىك مودا بولۇپ قالدى»
دېدى. غوجايىن بۇرتىنىڭ ئىستىقبالىنى پارلاق دەپ ئويلايدىغان
چېغى، بىكار ۋاقىت تاپسىلا بۇرتىنى تاراپ قويىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭ-
لىگە كىرىپ چىقسام، گېرمانىيە پادىشاھىدەك بىر بۇرۇت قو-
يۇۋالغۇسى باردەك قىلىدۇ. شۇڭا تەر تۆشۈكچىسىنىڭ توغرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىغا ياكى تىك ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، قولىغا چىققان بۇرتىنى ئۈستىگە قارىتىپ تاراش بىلەن ئاۋارە. ئويلاپ باقسام، ئۇ بۇرۇتنىمۇ بۇرۇت بولغانغا تويدۇرۇۋەتتى! بەلكىم بۇرۇت ئىگىسى بولغان غوجايىنىمۇ بەزىدە ئاغرىقنى ھېس قىلىدىغاندۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ بۇرتىنى ئۈستىگە قارىتىپ تاراپ ھارمايتتى. باشقىلارغا ئۇنىڭ بۇ قىلىقى غەلىتە كۆرۈنگىنى بىلەن غوجايىن بۇ قىلىقىنى مۇتلەق توغرا دەپ ئويلايتتى، خۇددى مائارىپچى كۇڭزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىنى بۇرمىلىغاندەك.

غوجايىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن بۇرتىنى تاراپ ئولتۇرغاندا، ئايال خىزمەتكار ئاشخانىدىن چىقىپ «خەت كەپتۇ» دېگىنىچە قىزىرىپ كەتكەن قولىنى كىتابخانا ئۆيگە سۇندى. غوجايىن ئاۋۋالقىدەكلا ئوڭ قولى بىلەن بۇرتىنى سىلاپ، سول قولىدا ئەينەكنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئايال خىزمەتكار غوجايىنىنىڭ تەتۈر يېزىلغان سەككىزدەك تۇرغان بۇرتىنى كۆرۈپ، ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. غوجايىن سالماق ئادەم بولغاچ، ئەينەكنى ئاستا قويۇپ خەتنى قولىغا ئالدى. بىرىنچى پارچە خەت مىخ مەتبەئەدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

*جانابلىرىغا خاتىرجەملىك ۋە بەخت تىلەيمەن. ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق، خەلق ئۇرۇش غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئوفىتسېر جەڭچىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ئۇلار ئۇزاق يىل ياقا يۇرتتا جەڭ قىلىپ، ئىسسىق - سوغۇقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ۋەتەن، خەلقنى كۆڭلىگە پۈككەچ ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ-*

*يۈشمىمىز مۇشۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى رايونىمىزدىكى پۈتۈن خەلققە ۋاكالىتەن زەپەر قۇچۇپ ۋەتەنگە قايتقان ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى ھەم شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئەمەلدارلارنى يىغىلىشىمىزغا چاقىردۇق. مۇراسىمنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن خالىس ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.*

*ھۆرمەت بىلەن: ئىنكى*

غوجايىن خەتكە مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ، كونۋېرتقا سېلىپ تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ياردەم قولىنى سۇنماسلىقى ئېنىق. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ئىككى كويمۇ ياكى ئۈچ كويمۇ پۇلنى شەرقىي شىمالدىكى ئاپەت رايونىغا ئىئانە قىلغاندا، كۆرگەنلا ئادەمگە:

— ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئىئانە قىل دەپ مېنى قاقتى - سوقتى قىلدى، — دەپ يۈردى.

ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ھەممە ئادەم خالىس ياردەم قىلىدۇ، نەدىمۇ قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ئىش بار. قاراقچى ئۇچرىسا ئاددىن «قاقتى - سوقتى قىلدى» دېسە بولىدۇ. بۇ خەتنى كۆرگەنگە غوجايىن ھەرگىزمۇ پۇل چىقارمايدۇ! غوجايىنچە بولغاندا، ئەسكەرلەر ئەمەس، غوجايىن قارشى ئېلىنىشى كېرەك، مىياۋ!

غوجايىن ئىككىنچى پارچە خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*ئائىلىڭىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن!*

*جانابلىرى، پېقىر مەكتەپ توغرىسىدىكى ئىشلاردىن ئۆز-*

*لىرىنى خەۋەردار قىلاي، ئالدىنقى يىلى ئىككى-ئۈچ قارا نىيەت ئەبلەخ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ، بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. مەكتەپنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قايتا قۇرۇش تۇغرىسىدا مۇۋاپىق لايىھە تۈزۈپ «تىككۈچىلىك ھەققىدە مەخسۇس تېزىس» چىقىرىشنى ئويلاشتۇق. بۇ كىتابقا قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت پرىنسىپلار، ئۇزاق يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى كىرگۈزۈلىدۇ، بۇ كىتابنىڭ ئائىلىلەردە پايدىلىنىش قىممىتى بار. تەننەرخىدىن باشقا ئازراق ئىش ھەققى ئېلىنىدۇ. بۇ ئىشىمىزنىڭ تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. سىزنىڭ «تىككۈچىلىك ھەققىدە مەخسۇس تېزىس» دېگەن كىتابنى سېتىۋېلىپ، ئايال خىزمەتكارىڭىزغا سوۋغا قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇمۇ بىزنى قوللىغىنىڭىز بولۇپ قالار، كىتاب كىرىمى مەكتەپنى قايتا قۇرۇش خىراجىتى قىلىنىدۇ. ئىشلىرىمىزنى قوللىغىنىڭىزغا رەھمەت.*

*ياپونىيە تىككۈچىلىك ئالىي بىلىم يۇرتى*

*مەكتەپ مۇدىرى: ئاينانىسىرۇ*

مانا مۇشۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىلغان خەتنىمۇ غوجايىن پۇرلەپ ئەخلەت چېلەككە ئاتتى. تىككۈچىلىك مەكتىپى مۇدىرىنىڭ ئەمگىكى بىكارغا كەتتى.

غوجايىن ئۈچىنچى پارچە خەتنى قولىغا ئالدى. بۇ خەت سەل ئالاھىدە تۇراتتى، كونۋېرت قىرلىرى قىزىل ۋە ئاق ئىككى خىل رەڭدە نەقىشلەنگەن بولۇپ، خەت كەمپۈت ئېلانىدەكلا نەپىس ئىدى. كونۋېرت يۈزىگە يوغان قىلىپ «كوسايا ئەپەندىگە تەگسۇن» دەپ يېزىلغانىدى، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

خەتنىڭ ئىچىدە قايسى مەشھۇر ئەربابنىڭ ئىسمى يېزىلغان؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك تەس.

*ئەگەر مەن جاھانغا ئىگە بولسام، نىشىگو دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر تىنىقتا ئىچىۋەتكەن بولاتتىم. ئەگەر جاھان ماڭا ئىگە بولسا، ئۇنداقتا مەن چىغىر يولدىكى چاڭ - توزان، خالاس. جاھان بىلەن سىزنىڭ نېمە ئالاقىڭىز دەپ سورىشىڭىز تەبىئىي. ئەڭ بۇرۇن دېڭىز ئادەمگىياھى يېگەن كىشىنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايدۇ؛ ئەڭ بۇرۇن دەريا سۈيىنى يۇتقان ئەزىمەتنىڭ غەيرىتىگىمۇ ئوخشاشلا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. كۇسايا ئەپەندىم، ئاچچىقسۇغا چىلانغان كۆكتاتنى يەپ ئولتۇرۇپ داڭلىقلاردىن بولغىلى بولامدۇ؟ بۇنداقلارنى مەن تېخى كۆرۈپ باقمىدىم......*

*ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىز سىزنى ساتىدۇ، ئاتا - ئانىڭىزنىڭمۇ شەخسىي غەرىزى بولىدۇ، ئايالىڭىزمۇ سىزنى تاشلاپ كېتىدۇ. بايلىقمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرۇۋەرمەيدۇ، سىزنىڭمۇ سۇنۇپ قالىدىغان چاغلىرىڭىز كېلىدۇ. بىلىمىڭىزمۇ كونىراپ قالىدۇ. سوراپ كۆرەي، جاھاندا سىز يەنە نېمىگە تايىنىپ ياشايسىز؟*

*ئىنسان خاپىلىقتا پاتقاقتا پاتقاندەك پېتىپلا قالىدۇ، ئۇلارنىڭ پوق - سۇيدۇكى سېسىپ دۆۋىلىشىپ كەتتى. كىشىلەر غۇۋا كۆرۈنگەن ئۈمىدكە ئىشىنىپ، كۆڭلىمىز ئارام تاپتى دېيىشىدۇ، بۇ پۇتۇنلەي ئالجىغانلىق. ھەممە ئادەم ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئاخىر قەبرىگە كىرىدۇ. ماي تۈگىسە چىراغمۇ ئۆچىدۇ؛ بايلىق قۇرۇسا نېمىنى قالدۇرىسىز؟ كوسايا ئەپەندىم! چاي ئىچكەچ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئولتۇرامسىز؟!*

www.uyghurkitap.com

*ئادەمنى ئادەمدەك كۆرمىگەنلىك، ھېچنېمىدىن قورقمىغانلىقتۇر. ئادەمنى ئادەمدەك كۆرمەسلىككە سوئال قويۇشتىن بۇرۇن، مېنى مەندەك كۆرمىگەن جەمئىيەتتىن ئاغرىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغان تەقدىردە يەنە نېمە بولماقچى؟ ئامىتى كېلىپ ئەمىلى تېز ئۆسكەنلەر ئادەمنى ئادەمدەك كۆرمەسلىكنى ئېسىل ئىشتەك بىلىشىدۇ. ئەبلەخلەر......*

*مەن باشقىلارنى ئادەمدەك كۆرسەم، باشقىلار مېنى مەندەك كۆرمىسە ئۇ چاغدا خاپىلىقتىن پارتلاپ، ئاسماندىن تاشلىنىۋەتكەندەك بولۇپ كەتمەمدىم؟ پارتلاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتنى ياپونىيە ئىنقىلابى دەپ ئاتايمىز. ئىنقىلاب تىنچلىقپەرەسلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پۇل-ھوقۇق ئىگىلىرىنى مەقسەت قىلىپ پارتلايدۇ.*

*چاۋشىيەندە ئادەمگىياھ كۆپ، نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىپ باقمايسىز؟*

جاھاننى ئادىل سوراش تەرەپدارى: ئاناشىرا ئاريۇ

ئىنئانە توغرىسىدا گەپ بولمىغان بىلەن بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى بەكلا مۇرەككەپ ئىدى. بۇ خەت ھەرقانداق بىر مەتبۇئاتقا ئەۋەتىلسە ئۇلار بۇ خەتنى ئېنىقلا تاشلاپ قوياتتى. شۇڭا، كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغان غوجايىن بۇ خەتنى يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بۇ خەتنى قايتا-قايتا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇ خەتتە چوقۇم بىر مەزمۇن بار دەپ ئويلاپ، شۇنى تېپىشقا ئۇرنىۋاتقان بولسا كېرەك. جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ، لېكىن ھەرقانچە مۇرەككەپ ئەسەرنىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. باشقىلارنى دۆت دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەقىللىك دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ ئاغ-

-زىڭىزدىن نېمە چىقسا شۇنى دەپ قويىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. «ئادەم دېگەن ئىت»، «ئادەم دېگەن چوشقا» دېگەننى ئىسپاتلاشمۇ ئۇنچە تەس ئەمەس. تاغنى ئازگال، كائىناتنى تار دەپ چۈشەندۈرسى-ڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. قاغىنى ئاق، كىرپىنى يۇمشاق، كوسايانى ئا-لىيجاناب كىشى دەپ چۈشەندۈرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئەھمىيەتسىز خەتكە ئازراق كاللا قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنى-بۇنى قوشۇپ، خىيالىڭىزغا كەلگەننى دەپ چۈشەندۈرسىڭىز بولۇۋې-رىدۇ. غوجايىن ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيەسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدۇ. ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ «ئەتە ھاۋا تۇتۇق» دېگەننى نېمىشقا «ئەتە-گەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دېمەيمىز؟ دېگەن سوئالىنى يەتتە كۈن ئويلانغان. يەنە بىرى «كولومبۇنى ياپونچە نېمە دەي-مىز؟» دەپ سورىسا ئۈچ كېچە-كۈندۈز تەپەككۇر قىلغان. ئاچ-چىقسۇغا چىلانغان تۇزلۇق سەينى يەپ ئۆزىنى داڭدارلاردىن چاغلايدىغانلار، چاۋشيەن ئادەمگىياھىنى يەپ ئىنقىلاب قىلىدى-غانلارمۇ باردۇ بەلكىم. غوجايىندەك ئادەملەرنى ئازراقلا دەيدەيگە سېلىپ قويسىڭىز بۇنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن كۆپ كاللا قا-تۇرىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن غوجايىن خۇددى «گۇدىمور» نىڭ مەنى-سىنى چۈشەنگەندەك، خەتتىكى چۈشىنىش تەس مەزمۇنلارنىمۇ ئۆزىچە چۈشىنىپ قالدى. ئۇ ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا «مەزمۇنى بەك چوڭقۇركەن، قارىغاندا بۇ كىشىنىڭ پەلسەپىدىن خېلى خەۋىرى بار ئوخشايدۇ. قالتىس! قالتىس!» دەپ كەتتى. غوجايىنىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. باشقىچە ئويلىساق، غوجايىن ئەزەلدىن لاۋزا، چۈشىنىك-سىز مەزمۇنلارنى ياقتۇرىدۇ. ئېھتىمال بۇنداق ئادەملار يەنە بو-

www.uyghurkitap.com

لۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا مۇشۇ چۈشىنىكسىز مەزمۇنلار، مۇجمەللىكلەر ناھايىتى سىرلىق بىلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بەزى بىلەرمەنلەر چۈشەنمىسىمۇ يالغاندىن بىلگەن بولۇۋالىدۇ؛ لېكىن بىلىملىك كىشىلەر چۈشىنىشلىك نەرسىنى چۈشىنىكسىز ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىدىكى بەزى چۈشىنىكسىز مەزمۇنلار دەبدەبىلىك سۆزلەنگەچكە كۆپچىلىك بۇ دەرسلىكلەرگە يۇقىرى باھالارنى بېرىدۇ، ئەمما چۈشىنىشلىك مەزمۇنلار تازا ئالقىشلانمايدۇ، قارىغاندا بۇ ئىشلار ئەزەلدىن مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئوخشايدۇ.

غوجايىن بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەتتىكى مەزمۇنلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكى، شۇنداقلا خەتتە ئادەمگىياھ، گەندە توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەتنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىمىكىن دەيمەن. غوجايىن «چۈشەنمىدىم» دېسە چىرايلىق تۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ يالغاندىن بىلگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان گەپ. يالغاندىن چۈشەنگەن بولۇۋېلىپ، ماختاپ قويۇش ئەلمىساقتىن خۇشاللىق ئىش دەپ قارالغان.

— ئادەم بارمۇ؟ ئادەم بارمۇ؟

ئالدى ئىشىكتىن بىرەيلەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز بىر تۇرۇپ مېتىنىڭكىگە ئوخشايتتى، بىر تۇرۇپ ئوخشىمايتتى. غوجايىن كىتابخانىسىدا تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، قولىنى سوزۇپ مىدىرلىماي ئولتۇردى. مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىش غوجايىننىڭ ئىشى ئەمەس، لېكىن ئايال خىزمەتكار سىرتقا سوپۇن ئالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئايال غوجايىن ئۆزىنى قاچۇرمىسا بولمايتتى. شۇڭا، مۇشۇك بولسامۇ مېھماننىڭ ئالدىغا چىقسام بولغۇدەك. لېكىن ماڭىمۇ خۇشياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن



www.uyghurkitap.com



مېھمان ئاياغ ئالماشتۇرىدىغان جايدىن پەلەمپەيگە سەكرەپ چىد-
قىپ، ئىشىكنى ئېچىپ، ئالچاڭشىپ كىرىپ كەلدى.
— ھەي، چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ،
مېھماننىڭمۇ ئالدىغا چىقمامسىز؟
— ھە، تېز كىرىڭ!
مەنمۇ مېتىمىكىن دېگەن، كەلگەن كىشى راستتىنلا مې-
تى ئىدى.
— ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى؟ مۇشۇ يەردە بولغاندىكىن مۆرەپ
قويسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇ يەر بىر خارابىلىككەنغۇ؟
— ھە، مەن تەپەككۇر قىلىۋاتقان.
— ھەرقانچە تەپەككۇر قىلىۋاتقان بولسىڭىزمۇ ھېچبول-
مىغاندا «مەرھەمەت» دەپ قويۇشىڭىز كېرەكقۇ؟
— دېسەمغۇ بولاتتى.
— ئالامەت ئېغىر - بېسىق - تە، سىز.
— بىرنەچچە كۈن بولدى، روھىي جەھەتتە ئۆزۈمنى تەربى-
يەلەۋاتقان.
— يېڭىلىققۇ بۇ! روھىي جەھەتتە ئۆزىنى تەربىيەلەۋاتقاندا
گەپ قىلسا بولمامدىكەن؟ بۇنداق چاغدا كەلگەن مېھماننىڭ
جېنىغا ۋاي! بۇنچىۋالا ئېغىر - بېسىقلىق قىلىپ نېمە كەپتۇ!
راست گەپنى قىلسام، بۇگۈن ئۆزۈملا كەلمىدىم! بىرمۇنچە مېھ-
مان باشلاپ كەلدىم، چىقىپ قاراپ بېقىڭە!
— كىملەرنى باشلاپ كەلدىڭىز؟
— كىملىكى بىلەن نېمە كارىڭىز؟ چىقىپ قاراپ بېقىڭ!
ئۇلار سىز بىلەن كۆرۈشمىز دەيدۇ.
— كىم!
— كۆرگەندە بىلىسىز، ئورنىڭىزدىن بىر تۇرىڭە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غوجايىن قولىنى سوزۇپ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى.
— يەنە ئادەم ئەخمەق قىلىندىغانلارمىكىن؟
غوجايىن پەرۋاسىز مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ياشاندغان بىر كىشى غوجايىنىنى ساقلاپ تۇراتتى. غوجايىن يېڭىدىن قولىنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي پەردىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن ئۇدۇلغا قاراپ ئولتۇرغاچ، بىر-بىرىگىمۇ سالام قىلىشمۇ قولايسىز ئىدى. غوجايىن بۇرۇن بۇزداق ئىشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى.
— ھوي، بۇياققا كېلىڭ! — دېدى غوجايىن تەكچە تەرەپنى كۆرسىتىپ.
غوجايىن ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مېھمانخانا ئۆينىڭ خالىغان يېرىدە ئولتۇرۇۋېرەتتى. كېيىن ئۇ بىرەيلەندىن تەكچە تەرەپنىڭ ئەزىز مېھمانلار ئولتۇرىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن تېخى پادىشاھلارنىڭ ئەلچىلىرىنى تەكچە تەرەپكە باشلايدىغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ تەكچە تەرەپكە زادىلا ئۆتمىدى. مانا ھازىر ئۇ ياشانغان بىر بوۋاينى بېسىپ ئولتۇرۇپ، سالام قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، بوۋاينىڭ سۆزىنى قايتىلىدى.
— بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ!
— تەكەللۇپ قىلماڭ، يەنىلا سىز يۇقىرى ئۆتۈڭ.
— ياق، ئۇنداقتا...... يەنىلا سىز مەرھەمەت قىلىڭ......
غوجايىن يەنە قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى.
— تەكەللۇپ قىلماڭ. مەن قانداقمۇ خىجىل بولماي ئۇ تەرەپكە ئۆتىمەن. يەنىلا سىز بۇياققا كېلىڭ. ھە...... مەرھەمەت......
— نېمانچە تەكەللۇپ قىلىسىز...... يەنىلا سىز......

غوجايىننىڭ يۈزىمۇ قىزىرىپ كەتتى، قارىغاندا روھىي جە-
ھەتتىن تەربىيەلىنىش ئۈنۈم بەرمىگەندەك قىلاتتى. مېتى قە-
غەز ئېكران كەينىدە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى،
ئۇ ھېلىمۇ ھارمىدى، دەپ ئويلىدى بولغاي، غوجايىننىڭ كاسى-
سىغا بىرنى قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— ھەي، سىز ئىشىككە يېقىن ئولتۇرۇۋالسىڭىز ماڭا ئو-
رۇن قالمايدۇ، يەنىلا سىز يۇقىرىغا ئۆتۈڭ.

غوجايىن ئامالسىز ئالدىغا چامدىدى.

— كۇسايا ئەپەندى، بۇ كىشى مەن سىزگە تولا گېپىنى قى-
لىدىغان سىزۇكادىن كەلگەن تاغام. بۇ كىشى كوسايا ئەپەندى، —
دېدى مېتى.

— ھە، دىدار غەنىيمەت! ئاڭلىسام مېتى تولا كېلىپ ئاۋارە
قىلىدىكەن سىزنى. خېلى بۇرۇنلا سىپايىلىق تەلىمى ھەققىدى-
كى قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىش خىيالىم بار ئىدى. بۈگۈن
ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئالاھىدە سىزنى يوقلاپ كەلدىم، كۆپ-
رەك تەلىم بەرگەيسىز.

ياشانغان كىشى كونىچە ئۇسلۇبتا ناھايىتى راۋان سۆزلىدى.

غوجايىن باشقىلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلمايدىغان، تىلى
كالۋاراق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كونىچە ئۇسلۇبتا
سۆزلەيدىغان ئادەملەرنىمۇ بۇرۇن ئۇچرىتىپ باققان ئەمەس. شۇ-
ڭا غوجايىن دەسلىپىدىلا سەل تەمتىرەپ، نېمە دېيىشىنى بى-
لەلمەي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بوۋاينىڭ بىر يۇرۇش تەكەل-
لۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا كاللىسى قېيىپ كەتتى. ئۇ ھازىر
چاۋشيەن ئادەمگىياھى، كەمپۇت ئېلانىدەك كونۋېرت دېگەنلەرنى
چۇرتلا ئۇنتۇپ، كاللىسى پىرقىراپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۇ-
گىلى تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن...... مەن...... ئەسلىي سىزنى زىيارەت قىلسام بولاتتى...... سەت بولدى......

غوجايىن سۆزلەۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ بوۋاينىڭ بې-شىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى-دە، يەنە بېشىنى پەس قىلدى.

بوۋاي بۇنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئېزو ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغان يىلى بىز سىزۇكاغا كۆ-چۈپ كەتكەن. مانا ئەمدى بۇ جاي پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مېتى باشلاپ كەلمىگەن بولسا ئېزىپ قالاركەنمەن. ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش چوڭكەن، ھەي......

بوۋاي تون كىيىۋالغان بولۇپ، يەنە تېخى ئاق چېچىنى ئازراق قۇيرۇق چىقىرىپ قويۇۋالغانىدى، تىزىنىڭ يېنىدا تۆمۈر يەلپۈگۈچ تۇراتتى.

ئەگەر غوجايىنىنىڭ چوقۇر يۈزىنى تارىخىي تېمىلار قاتا-رىدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بوۋاينىڭ چېچى بە-لەن تۆمۈر يەلپۈگۈچىنىڭمۇ تەتقىق قىلىش قىممىتى باردەك قىلاتتى. غوجايىن ئەسلىدە ئۇنىڭ يەلپۈگۈچىنىڭ تارىخىنى سورۇشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، گەپ يورغىلاتماي، ئەدەپ-سىزلىك بولمىسۇن، دەپ ئويلىدى-دە:

— كىملەرنى ئۇچراتتىڭىز؟— دەپ سوراپ قويدى.

— ھە، نېمىدېگەن كۆپ ئادەم! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ماڭا تىكىلىپ قاراپ...... ھەي، ھازىرقى ئادەملەر نېمانداق ھەم-مە ئىشقا ھەيران قالىدىغاندۇ؟ بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى......

— شۇنداق، ئىلگىرى كىشىلەر ئۇنداق قىلمايتتى، — دې-دى غوجايىن خۇددى مويسىپىتلاردەك.

غوجايىن ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتىش ئۈچۈن،

جۆيلۇپلا بۇ سۆزنى قىلدى.

— ھە راست، كىشىلەرنىڭ كۆزى مېنىڭ مۇشۇ تۆمۈر يەلپۈگۈچىمگىلا چۈشتى.

— تۆمۈر يەلپۈگۈچ ئېغىرمۇ؟

— كۇسايا ئەپەندى، سىز كۆتۈرۈپ بېقىڭە! تاغا، بېرىڭە، ئۇ بىر كۆتۈرۈپ باقسۇن.

بوۋاي تەستە يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ، خوجايىنىغا سۇنۇپ:

— قولىڭىز تېلىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى.

غوجايىن تۆمۈر يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى قەدىمكى قىلىچنى قولىغا ئالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ:

— ھەقىقەتەن ئېغىركەن، — دېدى - دە، بوۋايغا قايتۇرۇپ بەردى.

— ھەممەيلەن ئۇنى «تۆمۈر يەلپۈگۈچ» دەپ يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىنى «قالپاقسىمان قىلىچ» دەيمىز، تۆمۈر يەلپۈگۈچ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدى بوۋاي.

— ھە؟ بۇ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە؟

— دۈشمەننىڭ دۇبۇلغا - ساۋۇتىنى چېپىشقا ئىشلىتىدىغان نەرسە...... بۇ نەرسىنىڭ تارىخى ئۇزاق.

— ئېھتىمال. بىراق، كانىيېزى ئەپەندى بۇگۇن جاپا تارتىپ قالدى، كۇسايا ئەپەندى! بۇگۇن يىغىنىدىن يېنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم، شۇ پۇرسەتتە تەبىئىي پەن كافېدىراسىغا كىرىپ، فىزىكا تەجرىبەخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ چىقتىم. ماۋۇ دۇبۇلغا - ساۋۇت چاپىدىغان قىلىچ تۆمۈردىن ياسالغان بولغاچ تەجرىبەخانىدىكى ماگنىتلىق ئەسۋابلار ئىشلىمەي، چوڭ ئاۋارىچىلىك چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ گېپىڭىز بولمىدى! بۇ قىلىچ جيەنۋۇ زامانىسىدىكى ئېسىل تۆمۈردىن سوقۇلغان تۇرسا، ئۇنداق خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— ھەرقانچە ئەلا سۈپەتلىك تۆمۈر بولسىمۇ بىكار، بايا كانىېزى ئەپەندى ئېيتتى، ئۇنىڭمۇ ئامالى يوقكەن.

— كانىېزى دېگىنىڭىز ھېلىقى تۆمۈرشار سىلىقلايدىغان ئادەممۇ؟ ياپياش تۇرۇپ نېمانچە بىچارە! تۇزۇكرەك بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي.

— ھەقىقەتەن بىچارە! شۇنىمۇ تەتقىقات دېگىلى بولامدۇ! ئەينەك شارنى سىلىقلاپ قويسىلا داڭلىق تەتقىقاتچى دېگىلى بولامدۇ؟

— ئەينەك شارنى سىلىقلىغانغا تەتقىقاتچى بولغىلى تۇرسا، ھەممە ئادەم ئالىم بولۇپ كەتمەمدۇ؟ قېرىپ كەتكەن بولسامۇ مەنمۇ قىلالايمەن ئۇ ئىشنى، ئەينەكچىلەر تېخىمۇ قىلالايدۇ.

بوۋاي سۆزلىگەچ، غوجايىنىنى نېمە دەيدۇ دەپ قاراپ قويدى.

—دېگەنلىرىڭىز توغرا، — دېدى غوجايىن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

— ھازىرقى نۇرغۇن تەتقىقاتلاردا شەكىلۋازلىق ئېغىر، قا-رىماققا ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلىۋاتقاندەك، لېكىن ئەمە-لىي ئىشلارغا يولۇققاندا قىلچە پايدىلىنىش قىممىتى يوق. ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. قىلغان ئىشتا ساختىلىق يوق ئىدى، كىشىلەر تەمكىنلىك بىلەن ئىشقا كىرىشەتتى، بىرەر ئىش چىقىپ قالسىمۇ ھودۇقۇپ كەتمەيتتى. خەۋىرىڭىز باردۇ؟ ئەينەك شارنى سىلىقلاش، سىملارنى چېتىش دېگەنلەر ئادەتتى-كى ئىشلار ھېسابلىناتتى.

— ئىپتىقانلىرىڭىز توغرا، — دېدى غوجايىن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— تاغا! ئاتالمىش روھنى ئەمىن تاپتۇرۇش دېگەننى ئەينەك شارنى سىلىقلاپ يۇرمەي، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتىغۇ؟ — دېدى مېتى.

— بۇ دېگىنىڭ قاملاشمىدى، ئۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. سەن ساۋاكونىڭ «روھنى تىنچلاندۇرۇش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغانمۇ؟

— ياق، ئوقۇش توگول ئۇنداق كىتاب بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان.

— كۆڭۈل نەدە؟ دۇشمەن ھەرىكىتىدە ۋە دۇشمەننىڭ ئىرىشكىنىدە؛ دۇشمەننىڭ قولىغا قىلىچ ئېلىشى رەقىبىنى ئۆلتۇرۇش ئىستىكىدە بولغانلىقىدا ۋە قىلىچنى ئۇلارغا قاراتقىنىدا؛ مەندە قىلىچ بولۇشى قىلىچقا قىزىققانلىقىمدا؛ مەندە ئادەم ئۆلتۇرۇش ئىستىكى بولماسلىقى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۇرۈلمەسلىكىمگە ئىشەنگەنلىكىمدە؛ باشقىلارنىڭ قىياپىتى، ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ قانداقلىقىدا. دېمەك، كۆڭۈل ھەممە يەردە مەۋجۇت.

— بۇ گەپلەرنىڭ بىرىنى قويماي يادلىۋالدىڭىزما؟ تاغا، زېھنىڭىز نېمانچە ئۇچۇق! كۇسايا ئەپەندىم، چۈشەندىڭىزمۇ يا؟

غوجايىن «دۇرۇس» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆڭلىدىكىنى يوشۇردى.

— تاغا! كۇسايا ئەپەندى بۇنداق ئىشلارغا بەك قىزىقىدۇ! ئۇ يېقىندىن بېرى كىتابخانىدىن چىقماي روھىنى چىنىقتۇرۇۋاتىدۇ! مېھمان كەلسىمۇ ئالدىغا چىقمايدۇ، كۆڭلى باشقا يەردە. شۇڭا ئۇنىڭدا چاتاق يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداقمۇ، ئاپىرىن، ئاپىرىن...... سەنمۇ بىللە چىنىق-تۇرساڭ بولمامدۇ!

— ۋاي، مېنىڭ نەدىمۇ ئۇنداق بىكار ۋاقتىم بولسۇن، ئۆزى-ڭىز بىكار بولغاچ باشقىلارنىمۇ ئويناپ يۈرىدۇ دەيدىكەنسىز - دە؟

— ئەمەلىيەتتىمۇ ئويناپ يۈرسەنغۇ؟

— ئويناپ يۈرۈپ ئالدىراش شۇ.

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، مۇشۇ گېپىڭدىن قارىغاندىمۇ، روھىڭنى چىنىقتۇرمىساڭ بولماپتۇ. «بىكارچىلىقتىن بىكار بولالماپتۇ» دېگەن شۇ دە، «ئويۇن بىلەن ئالدىراش» دېگەن قانداق گەپ ئۆزى؟

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئاڭلىمىغان گەپتىن بىرنى قىلدى-ڭىز، — دېدى غوجايىن.

— ها...... ها...... ها...... گەپكە كۆمۈۋەتتىڭلارغۇ مېنى. تاغا، توكيونىڭ يىلان بېلىقنى يېمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، بېرىپ يەپ كېلەمدۇق؟ سىزگە نەچچە رومكا هاراقمۇ قۇيۇپ بېرىمەن. مۇشۇ جايدىن تىرامۋايغا ئولتۇرساق بىردەمدىلا بارىمىز.

— بۇغۇ ئوبدان گەپكەن، لېكىن بۈگۈن سەييۈەن بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويۇپتىكەنمەن، سىلەرگە هەمراھ بو-لالمايدىغان بولدۇم.

— شەنيۈەننى دەمسىز؟ مۆتىۋەر ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— شەنيۈەن ئەمەس، سەييۈەن. قالايمىقان جۆيلۈمە. باشقى-لارنىڭ ئىسمىنى خاتا ئاتاش ئەدەپسىزلىك. بۇندىن كېيىن دىق-قەت قىل!

— لېكىن، «شەن» دەپ يېزىلغان تۇرسا؟

— «شەن» دەپ يېزىلغىنى بىلەن بۇ يەردە «سەي» ئوقۇلىدۇ.

— هەيران قالارلىق ئىشكەن بۇ؟

— ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئوقۇلۇشتا پەرق بولۇش بۇرۇندىن بار ئىش، دىققەت قىلمىسا مەسخىرىگە قالىدىغان گەپ.

— ئۇنداقتا ھازىر سەييۇەنىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان گەپمۇ؟ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك.

— نېمە بولدى؟ بېرىشنى خالىمىساڭ مەيلى، ئۆزۈم باراي.

— ئۆزىڭىز بارالامسىز؟

— مېڭىپ بېرىش سەل قولايسىز، ماڭا بىر ھارۋا چاقىرىپ بەر.

غوجايىن گەپ قىلىپ بولغۇچە، ئايال خىزمەتكار ھارۋىكەشنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. بوۋاي غوجايىن بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ، يۇمىلاق دوپپىسىنى كىيىپ ئاستا كېتىپ قالدى.

— ئۇ سىزنىڭ تاغىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.

— ياخشى!

غوجايىن شۇنداق دېگىنىچە قولىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىشقا چۈشتى.

— ھا - ھا - ھا، نوچىمىكەن؟ مەنمۇ مۇشۇنداق تاغامنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. نەگىلا ئېلىپ بارسا يارىشىدۇ. ھەيران قالغانسىز؟— دېدى مېتى غوجايىنغا قاراپ.

— نەدىكىنى؟ بىر ئازمۇ ھەيران قالمىدىم.

— بۇنىڭغىمۇ ھەيران قالمىغان بولسىڭىز سىزنى تەپسە تەۋرىمەس دېسە بولغۇدەك.

— بىراق، ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە قايىل بولمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ روھنى چېنىقتۇرۇش تەشەببۇسى تولىمۇ ئورۇنلۇقكەن.

ــ قايىل بولامدۇق؟ ئەگەر سىز مۇ تاغامغا ئوخشاش 60 ياشتا بولسىڭىز سىزمۇ سەپتىن چۈشۈپ قالاركەنسىز، غەيرەت قىلىڭ، بولمىسا سەپتىن چۈشۈپ قېلىش نۆۋىتى سىزگە كېلىدۇ، ئۇنداق خىيالدا بولماڭ.

ــ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشتىن بەكلا ئەنسىرەيدىكەنسىز. لېكىن، مەلۇم زامان ۋە ماكاندا سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنىڭ رولىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھازىر توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش تەكىتلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بىز رازى بولمايۋاتىمىز. شەرق ئىلىم ـ پەندە پاسسىپ بولغان بىلەن، شەرقتە ئادەمنى قايىل قىلىدىغان نەرسىلەر كۆپ. ئېھتىمال بۇمۇ روھنى چېنىقتۇرۇشقا ئىنتىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، ــ دېدى غوجايىن ئىلگىرى پەيلاسوپتىن ئاڭلىۋالغان سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىپ.

ــ قالتىس سۆزلىۋەتتىڭىز! خۇددى ياگى دۇكۇسىنىڭ پەلسەپىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

غوجايىن «ياگى دۇكۇسىن» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئىلگىرى «ئەجدىھا ھۇجرىسى»نى زىيارەت قىلغان، كېيىنچە يوقاپ كەتكەن ھېلىقى پەيلاسوپنىڭ ئىسمى دەل ياگى دۇكۇسىن ئىدى. غوجايىن بايىقى گەپلەرنى دەل ياگى دۇكۇسىندىن ئاڭلىۋالغانىدى. مېتى ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالغاچ غوجايىن سەل پەسكويغا چۈشتى.

ــ سىز ياگىنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ــ دېدى غوجايىن سەل ھودۇقۇپ.

ــ ئۇ ئون يىلدىن بېرى مەكتەپتە شۇ سەپسەتىنى سېتىۋاتىدۇ، ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرماقتا، قىلچە ئۆزگەرگىنى يوق.

ــ شۇنداق، ھەقىقەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى دەل ئۇنىڭ

ئۆزگەرمىگەنلىكىدە، شۇڭا ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ.
— ۋاي مانا، ماختايدىغان ئادەم بولغاچ دۇكۇسىن ھازىرغىچە
جېنىنى بېقىپ كېلىۋاتىدۇ! ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «ياگى» دېگەن
ئىسمى ياخشى قويۇلغان. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئۆچكىنىڭكىگىلا ئوخ-
شايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپتە يېتىپ - قوپقاندىن بېرى
قىلچە ئۆزگەرتىپ باقمىدى. يەنە ئۇنىڭ «دۇكۇسىن» دېگەن
ئىسمىمۇ ئالامەت قويۇلغان. ئىلگىرى ئۇ بىزنىڭ ياتاقتا بارغان-
دىمۇ روھنى چېنىقتۇرۇش ھەققىدە كاسىلداپ بىر گەپنى تەك-
رارلاۋەرگەچكە، مەن ئۇنىڭغا «بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىڭ» دېسەم، ئۇ
كۈلگۈمنى كەلتۈرۈپ: «ياق، ئۇيقۇم كەلمىدى» دەپ كاسىلداۋەر-
دى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بۇرۇننى چاشقان چىشلىۋاپتۇ. يې-
رىم كېچىدە ئۇ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئاغزىدا ئۆلۈمدىن ئەنسىرەش-
نىڭ ھاجىتى يوق دەپ سۆزلىگىنى بىلەن، ۋاقتى كەلسە ئۇنىڭ-
غىمۇ جان تاتلىق ئىكەن. ئۇ ماڭا: «چاشقان ۋىرۇسى بىلەن يۇ-
قۇملىنىپ قالسام قانداق قىلىمەن! دەرھال ئامال تېپىڭە!» دەپ
تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېيىپ كەتتىم. ئاخىرى ئاش-
خانىغا كىرىپ قەغەزگە ئازراق خېمىرنى تەگكۈزۈپ ئۇنى ئەخ-
مەق قىلدىم.
— قانداق ئەخمەق قىلدىڭىز؟
— مەن ئۇنىڭغا: «بۇ دېگەن چەت ئەلنىڭ مەلھەملىك دورى-
سى، يېقىندا گېرمانىيەلىك بىر دوختۇر تەتقىق قىلىپ ياسى-
غانىكەن، ھىندىستانلىقلار يىلان چېقىۋالسا مۇشۇنى سۈركەي-
دىكەن، ئۈنۈمى بەك ياخشى ئىكەن، مۇشۇنى چاپلاپ قويسىڭىز
ئوڭشىلىپ كېتىسىز» دېدىم.
— ھا - ھا - ھا، ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان بۇنداق چارىنى نە-
دىنمۇ ئۆگەنگەنسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلىپ...... دۇكۇسىن ئەپەندى ئوبدان ئادەم بولغاچ مېنىڭ سۆزۈمگە قايىل بولۇپ، دورىنى بۇرنىغا چاپلاپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆچكە ساقىلى مەلھەم دورىغا چاپلىشىپ قاپتىكەن، بەكلا قىزىق ئىش بولغان.

— لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئۆچكە ساقىلى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەتىۋارلىق.

— يېقىندىن بېرى ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟

— بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا كەپتىكەن، ئۇزاق پاراڭلاشقانتۇق.

— مۇنداق دەڭ! دۇكۇسىنىنىڭ نەزەرىيەسىنى ساتقىنىڭىز بىكار ئەمەسكەن!

— راست گەپنى قىلسام، شۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆزى ماڭا شۇنداق تەسىر قىلىپ، كاللام قىزىپ روھىمنى چېنىقتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەنىدىم.

— كاللا قىزىش ياخشى ئىش، لېكىن روھنى چېنىقتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. باشقىلارنىڭ سۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتسىمۇ ئالدىنىپ قالىدىغان گەپ. سىز دائىم باشقىلارنىڭ سۆزىگە بەك ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىكەنسىز. دۇكۇسىنمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلەر ئۇ، ۋاقتى كەلسە ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش. توققۇز يىل ئالدىدىكى ھېلىقى يەر تەۋرەش يادىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا دۇكۇسىن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆزىنى ئېتىپ پۇتىنى يارىلاندۇرۇۋالغان. باشقا بىرىنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىدىم.

— ئۇ ئىشنى دۇكۇسىن ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتىدىغۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بەك تەلەيلىكمىش. شۇنداق جىددىي ئەھۋالدا شۇ يولنى تاللىيالىغانلىقىنى قالتىس

ئىش ھېسابلايدىكەن. باشقىلار ئۇنداق ئەھۋالدا ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي يۈرگەندە باتۇرلۇق بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۆزىنى ئاتىدىغان بۇنداق باتۇرلۇقنى پەقەت روھىنى چېنىقتۇرغان ئادەم قىلالايدىكەن. ئۇ بۇلارنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ كېتىدۇ تېخى...... ئىشقىلىپ، ئالامەت غەلىتە گەپلەرنى قىلىدىغان، ئالامەت غەيرىي ئىشلارنى قىلىدىغان ئاداش ئۇ!

— شۇنداقمۇ؟— دېدى غوجايىن خۇشياقمىغان ئاھاڭدا.

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كەلگەندە يەنە يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قىلغاندۇ؟

— ئۇ ماڭا «ئېلېكتىر نۇرى سايىسىدىكى باھار شامىلى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كەتتى.

— «ئېلېكتىر نۇرى» دېگەن گەپنى ئۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ چىققان، نېمىدېگەن كۈلكىلىك. ئۇ چاغلاردا «ئېلېكتىر نۇرى» دېسە ياتاقتا بىلمەيدىغان ئادەم يوق. بەزىدە ئۇ ئالدىراپ كېتىپ خاتا سۆزلەپ «باھار شامىلى سايىسىدىكى ئېلېكتىر نۇرى» دەپمۇ سالاتتى، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرۈپ. بۇ قېتىم كەلگەندە داڭقان پۈتى گەپلىرىنىڭ بېلىگە تېپىپ بېقىڭە، گېپىدىن ئېزىپ سۆزلەرنى ئۇڭدا - دۇمدە قىلىۋېتىدۇ.

— سىزدەك بۇزغۇنچى ئادەمگە ئۇچرىسا، كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟

— كىم بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھېچ بىلمىدىم! مەن ئۇنداق ئېتىكاپتا ئولتۇرغان راھىب، روھنى چېنىقتۇرۇش ھەققىدىكى گەپلەردىن بىزار. ئۆيۈمگە يېقىنلا جايدىكى مىنامىكويا ئىبادەتخانىسىدا 80 ياشلىق بىر راھىب بار. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ياغقان قارا يامغۇردا چاقماق ئىبادەتخانا ھويلىغا چۈشۈپ، راھىبنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى بىر قارىغاينى ئۆرۈۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راھىب ھېچ ئىش بولمىغاندەك جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ.
كېيىن سورۇشتۇرسەم، ئۇ بىر پاك ئىكەن. شۇڭا ھېچ ئىش بول-
مىغاندەك ئولتۇرغان گەپ. دوكوسىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماي
داۋاملىق باشقىلارغا كىرىشىۋېلىپ، ئۇلارنى يولدىن چىقىرىد-
غان ئۇسال ئادەم. مەن تونۇيدىغانلاردىن ئىككىسى ئۇنىڭ كەيند-
گە كىرىپ ساراڭ بولدى.

— كىمۇ؟

— كىم دېدىڭىزما؟ بىرى ئېرانو. ئۇ دوكوسىنىنىڭ دەستى-
دىن «ئىستىقامەت» كە كىرىشىپ قېلىپ، كاموكوراغا كېتىپ
شۇ يەردە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، ئۇ يەردىكى ئىبادەتخانا ئىشىكى-
نىڭ ئالدىدا بىر تۆمۈريول ئېغىزى بار ئىدىغۇ؟ ئېرانو تۆمۈر
رېلىسىدا ئولتۇرۇۋاپتۇ، يەنە تېخى پويىزنى توسىمەن دەپ خى-
رىس قىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى پويىز تېز تورمۇز تۇتقاچ، ئۇنىڭ
جېنى ئامان قاپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ «مېنىڭ بەدىنىم پو-
لاتتەك مۇستەھكەم، ئوتتىنمۇ، سۇدىنمۇ قورقمايمەن» دەپ يۈ-
رۈپتۇ، كېيىن يەنە ئىبادەتخانا ھويلىسىدىكى نىلۇپەر كۆلىگە
ئۆزىنى ئېتىپ، سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ.

— ئۆلۈپتىما؟

— تەلىيى كېلىپ يەنە ئامان قاپتۇ، دىنىي مۇراسىمغا ماڭ-
غان راھىب ئۇنىڭ سۇدا تىپىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى قۇتۇل-
دۇرۇۋاپتۇ. كېيىن ئۇ توكيوغا كەپتۇ، ئاندىن قورساق پەردە يال-
لۇغى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېسەل ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ،
لېكىن ئۇ كېسەلنى ئىبادەتخانىدا ئۇن تامىقى ۋە چىلىغان سەي-
نى كۆپ يەپ تاپقانىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن
بولغان ئادەم دەل دوكوسىن.

— قارىغاندا ئەستايىدىل بولغانىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يا-

مان تەرىپىمۇ بار ئىكەن، — دېدى غوجايىن روھى چۈشۈپ.

— شۇ ئەمەسمۇ! دۇكىنىمنى ۋەيران قىلغان يەنە بىر ئادەم بار.

— ۋاي، كىمۇ ئۇ؟

— تاتاماشى. باشتا بىزمۇ دىققەت قىلماپتۇق، ھازىر ئويلىسام ئەينى چاغدا ئۇ يوقىلاڭ سوئاللارنى سورايتتى! ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە «ئاۋۇ قارىغاينىڭ ئاستىدا ئۇچۇپ كەلگەن قوۋۇرغا گۆشى بارمۇ؟ مېنىڭ يۇرتۇمدا بېلىق تاختاينىڭ ئۈستىدە سۇ ئۈزىدۇ» دېگەندەك غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ ئاغزى بېسىقمايتتى. سۆزلىسىلا مەيلىتىغۇ، ئۇ تېخى ماڭا «ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەينەت سۇ ئازگىلىدىن تاتلىقياڭيۇ مومىسى قازايلى» دەپ تۇرۇۋالاتتى.

— ھوي؟ بۇ ئادەم ھېلىمۇ ئاريۇدىما؟

— شۇنداق. يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆرەڭلەپ يۈرىدۇ! يېقىندا «تاتاماشى دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى يوق ئىكەن، ئىسمىمنى ‹جاھاننى ئادىل سوراش› دېگەن مەنىدىكى ئىسىمغا ئۆزگەرتىمەن» دەپ يۈرگۈدەك. نېمىدېگەن ھەددىدىن ئاشقانلىق.

— جاھاننى ئادىل سوراش؟

— توغرا، جاھاننى ئادىل سوراش! ئۇ ساراڭ بولغىنى بىلەن ئىسمىنى ئوبدان تاللاپتۇ. بەزىدە «ئاناشىرا» دەپمۇ يازىدىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېزىتقۇمىش، شۇڭا ئۇلارنى توغرا تونۇش كېرەكمىش. شۇڭا ئۇ ئاغىنىلىرىغا قالايمىقان خەت يېزىپ يۈرىدىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن كەلگەن تۆت-بەش پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ بەزىدە خەتنى تېتىقسىز ھەم ئۇزۇن يازغاچقا، ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىپ ئىككى قېتىم جەرىمانە تۆلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راھىب ھېچ ئىش بولمىغاندەك جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن سورۇشتۇرسام، ئۇ بىر پاك ئىكەن. شۇڭا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرغان گەپ. دوكوسىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماي داۋاملىق باشقىلارغا كىرىشىۋېلىپ، ئۇلارنى يولدىن چىقىرىدىغان ئوسال ئادەم. مەن تونۇيدىغانلاردىن ئىككىسى ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ سارالڭ بولدى.

— كىمۇ؟

— كىم دېدىڭىزما؟ بىرى ئېرانو. ئۇ دوكوسىنىنىڭ دەستىدىن «ئىستىقامەت» كە كىرىشىپ قېلىپ، كاموكوراغا كېتىپ شۇ يەردە سارالڭ بولۇپ قاپتۇ، ئۇ يەردىكى ئىبادەتخانا ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر تۆمۈريول ئېغىزى بار ئىدىغۇ؟ ئېرانو تۆمۈر رېلىسىدا ئولتۇرۇۋاپتۇ، يەنە تېخى پويىزنى توسىمەن دەپ خىرىس قىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى پويىز تېز تورمۇز تۇتقاچ، ئۇنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ «مېنىڭ بەدىنىم پولاتتەك مۇستەھكەم، ئوتتىمۇ، سۇدىمۇ قورقمايمەن» دەپ يۈرۈپتۇ، كېيىن يەنە ئىبادەتخانا ھويلىسىدىكى نىلۇپەر كۆلىگە ئۆزىنى ئېتىپ، سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قاپتۇ.

— ئۆلۈپتىما؟

— تەلىيى كېلىپ يەنە ئامان قاپتۇ، دىنىي مۇراسىمغا ماڭغان راھىب ئۇنىڭ سۇدا تىپىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. كېيىن ئۇ توكيوغا كەپتۇ، ئاندىن قورساق پەردە ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېسەل ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ، لېكىن ئۇ كېسەلنى ئىبادەتخانىدا ئۇن تامىقى ۋە چىلىغان سەيىنى كۆپ يەپ تاپقانىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئادەم دەل دوكوسىن.

— قارىغاندا ئەستايىدىل بولغانىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يا-

مان تەرىپىمۇ بار ئىكەن، ــ دېدى غوجايىن روھى چۈشۈپ.
ــ شۇ ئەمەسمۇ! دۇكىنىمىزدىن ۋەيران قىلىنغان يەنە بىر ئادەم بار.
ــ ۋاي، كىممۇ ئۇ؟
ــ تاتاماشى. باشتا بىزمۇ دىققەت قىلماپتۇق، ھازىر ئويلىسام ئەينى چاغدا ئۇ يوقىلاك سوئاللارنى سورايتتى! ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە «ئاۋۇ قارىغاينىڭ ئاستىدا ئۈچۈپ كەلگەن قوۋۇرغا گۆشى بارمۇ؟ مېنىڭ يۇرتۇمدا بېلىق تاختىنىڭ ئۈستىدە سۇ ئۈزىدۇ» دېگەندەك غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ ئاغزى بېسىقمايتتى. سۆزلىسىلا مەيلىتىغۇ، ئۇ تېخى ماڭا «ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ مەينەت سۇ ئازگىلىدىن تاتلىقياڭيۇ مومىسى قازايلى» دەپ تۇرىۋالاتتى.
ــ ھوي؟ بۇ ئادەم ھېلىمۇ ئاريۇدىما؟
ــ شۇنداق. يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆرەڭلەپ يۈرىدۇ! يېقىندا «تاتاماشى دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى يوق ئىكەن، ئىسمىمنى ‹جاھاننى ئادىل سوراش› دېگەن مەنىدىكى ئىسىمغا ئۆزگەرتىمەن» دەپ يۈرگۈدەك. نېمىدېگەن ھەددىدىن ئاشقانلىق.
ــ جاھاننى ئادىل سوراش؟
ــ توغرا، جاھاننى ئادىل سوراش! ئۇ ساراڭ بولغىنىنى بىلەن ئىسمىنى ئۇبدان تاللاپتۇ. بەزىدە «ئاناشىرا» دەپمۇ يازىدىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېزىتقۇمىش، شۇڭا ئۇلارنى توغرا تونۇش كېرەكمىش. شۇڭا ئۇ ئاغىنىلىرىغا قالايمىقان خەت يېزىپ يۈرىدىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن كەلگەن تۆت - بەش پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ بەزىدە خەتنى تېتىقسىز ھەم ئۇزۇن يازغاچقا، ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىپ ئىككى قېتىم جەرىمانە تۆلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن خەتنىمۇ تاتاماشى ئەۋەتىپتىكەن - دە؟

— سىلەرنىڭ ئۆيگىمۇ خەت ئەۋەتىپتىمۇ؟ نېمانداق قىزىق! قىزىل كونۋېرتمىكەن؟

— شۇنداق، ئوتتۇرىسى قىزىل، ئىككى تەرىپى ئاق، ناھايىتى ئالاھىدە.

— ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاسمان ئاق، زېمىن ئاق، بۇلار ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا نۇر چاچىدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى گەۋدىلەندۈرەمەن دەپ شۇنداق قىلارمىش. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ كونۋېرتنى ئالايىتەن جۇڭگودىن ئەكەلدۈرۈپتۇ.

— ھە، بۇنىڭغىمۇ خېلى باش قاتۇرۇپتۇ.

— شۇنداق، ساراڭ بولغىنى بىلەن بەزى ئىشلارغا بەك باش قاتۇرىدىكەن، ھەربىر پارچە خېتىدە ئۆزۈقلىنىشقا دائىر مەزمۇنلارنى يازىدۇ تېخى، توۋا دەيمەن، سىزگە يازغان خېتىدىمۇ مۇشۇ مەزمۇنلار بارمۇ؟

— ھە، دېڭىز ئادەمگىياھى توغرىسىدا يېزىپتىكەن.

— تاتاماشى دېڭىز ئادەمگىياھى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا يازماي قويمايدۇ، يەنە نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— دەريا دېلفىنى، چاۋشيەن ئادەمگىياھى دېگەندەك مەزمۇنلارنى يېزىپتۇ.

— دەريا دېلفىنى بىلەن چاۋشيەن ئادەمگىياھى تازا ماس كەپتۇ! ئۇ ئېھتىمال دەريا دېلفىنى يەپ زەھەرلىنىپ قالسىڭىز، چاۋشيەن ئادەمگىياھى شورپىسى ئىچىڭ دېمەكچى.

— ئۇنداقتەك قىلمايدۇ.

— ئۇنداق يازمىغان بولسىمۇ ئىشقىلىپ، ئۇ دېگەن بىر ساراڭ.

غوجايىن نۇرغۇن زېھنىنى خورىتىپ، تەھلىل قىلىپ ئۇقۇغان ئۇ خەتنىڭ ئەسلىي ساراڭدىن كەلگەنلىكىنى، خەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ، ئۇنى تەھلىل قىلىپ بىكار ئاۋارە بولغانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ ساراڭنىڭ خېتىدىكى مەزمۇنلارغا قىزىقىپ كەتكىنىدىن يۈزى قىزاردى؛ ئاخىرىدا ساراڭنىڭ ئەسىرىنى ماختاپ كەتكىنىنى ئويلاپ، «كاللامنىڭ سەل دەردى بارمىدۇ؟» دەپمۇ قالدى. گۇمانلىنىش، ئاچچىقلىنىش، خىجىللىق غوجايىننى تەڭلا بىئارام قىلىپ، ئۆزىنى مىخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغاندەك ھېس قىلدى.

شۇ ئەسنادا بىرەيلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى.

— غوجايىن، سىز ئۆيدىمۇ؟

غوجايىن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە مېتى ئالدىراپ كېتىپ، ئايال خىزمەتكارنىڭ چىقىشىنى ساقلىماي «كىمۇ؟» دېگىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بولدى.

مېتى غوجايىننىڭ ئۆيىگە كەلسە ئىشىك چەكمەي، ئۇسۇپلا كىرەتتى، بۇ ئېنىقلا ئەدەپسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. ئەمدى ئۇ ھازىر خىزمەتكارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشىك ئاچقىلى چىقتى، بۇمۇ بىر قىزىق ئىش - تە. مېھماننى ئىشىك ئاچتۇرۇپ كۇسايا ئەپەندىنىڭ مىدىرلىماي ئولتۇرغىنىنى قاراڭ، شۇمۇ ئىشمۇ! ھەرقانداق ئادەم ئۆيىنىڭ ئىشىكى چېكىلسە ئورنىدىن مىدىراپ قويىدۇ. لېكىن مېنىڭ غوجايىنىم ئەزەلدىن ئۇنداق قىلغان ئەمەس، قارىغاندا غوجايىنىممۇ غەلىتە ئادەم ئوخشايدۇ.

مېتى ئىشىك ئالدىدا كىمدۇر بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەي ئۆي ئىگىسى، بۇياققا چىقىڭە، ئۆزىڭىز ھەل قىلالمىسىڭىز بولمايدىغان ئىشكەن، — دېدى.

غوجايىن ئامالسىز مىسىلداپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. مېتى قولىدا بىر نام كارتىنى تۇتۇۋېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ مېھمان بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. نام كارتا ئۈستىگە «ساقچىخانىدىن توراكىرا» دەپ يېزىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ يېشىدا 25 — 26 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ئۇچىسىدا ئىمپورت قىلىنغان يوللۇق چاپان كىيىۋالغان كېلىشكەن يىگىت ئۆرە تۇراتتى. قىزىقارلىق يېرى، ئۇمۇ غوجايىنغا ئوخشاش قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ ئوبدانراق ئويلاپ باقسام بولغۇدەك، مىياۋ! ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كېچىدە كېلىپ پېچەكگۈلنى ئوغرىلاپ ماڭغان جانابكەن ئەمەسمۇ! ئەمدى كۈپكۈندۈزدە ئالدى ئىشىكتىن بۇ ئۆيگە كىرمەكچىمىدۇ؟

— بۇ كىشى ساقچى ئىكەن، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيىڭىزگە كىرگەن ئوغرى تۇتۇلۇپتۇ، ئالايىتەن سىزگە خەۋەر قىلغىلى كەپتۇ.

غوجايىن ساقچىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ ئوغرىغا قاراپ سالام قىلدى. بۇ ئوغرى توراكىرا ئەپەندىدىن كېلىشكەنرەك بولغاچ شۇڭا غوجايىن ئۇنىمۇ ساقچى دەپ ئويلاپ قالدى. ئوغرى چوقۇم ھەيران قالىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ «مەن ئوغرى» دېيىشكە خىجىل بولىدۇ - دە، شۇڭا ئۇ يالغاندىن ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە، قولىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋەردى (چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا كويزا بولغاچ قولىنى تېشىغا چىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى). نورمال ئادەم بولسا بۇنى ھېس قىلالايدۇ، لېكىن غوجايىن نور-

مال ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلدارلار ۋە ساقچىدىن قورقىدىغان كېسىلى بار، ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەيۋىسىدىن بەك قورقىدۇ. ئەسلىدە ساقچى دېگەن كىشىلەر پۇل خەجلەپ ياللىۋالغان قاراۋۇل ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ بىلىدۇ. لېكىن ئۇ ساقچىغا يولۇققاندا تەمتىرەپ گېپىنى تاپالمايدۇ. غوجايىنىنىڭ دادىسى ئىلگىرى كەنت باشلىقى بولغانىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئۆزىدىن مەنسىپى يۇقىرى ئەمەلدارلارغا ئېگىلىپ ياشاپ كەلگەچ، بۇ مىجەزىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ كەتكەن چېغى. نېمىدېگەن بىچارە!

ساقچى تۇراكىرا غوجايىنىنىڭ ئۆزىنى ئوغرى دەپ قالغىنىنى كۆڭلىگە ئالمىدى، پەقەت ئوغرىنى ساقچى دەپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق بىلىنىپ كەتكەچ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئەتە ئەتىگەن 9 دىن بۇرۇن ياپونىيە ساقچى تارماق ئىدارىسىگە بېرىڭ. نېمە نەرسىلىرىڭىز يىتىپ كەتكەن؟

— يىتكەن نەرسىلەر......

غوجايىن گەپنىڭ بېشىنى دەپلا، كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى، يادىغا پەقەت تاتارا بەرگەن ئەلا سۈپەتلىك پېچەككۈللا كەلدى. ئۇ يىتكىنى پەقەت پېچەككۈل، باشقا نەرسە يوق، دەي دېسە، «يىتكەن نەرسىلەر...... » دەپ گەپ باشلاپ قويدى، ئەمدى گەپ قىلماي تۇرۇۋالسا ئۇنىڭ گېپى ھېچنېمىگە ھېساب بولماي قالىدۇ. شۇڭا غوجايىن سەل غەيرەتكە كېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىتكەن نەرسە بىر ساندۇق پېچەككۈل.

غوجايىن ھازىر كۆز ئالدىدىكى ئىككى ئادەمنى ساقچى دەپ قالغانىدى.

غوجايىنىنىڭ بۇ گېپى ئوغرىغا بەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلدى بولغاي، ئوغرى ئېغىشىپ يۈزىنى يېڭى بىلەن توسۇۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پىچەكگۈل يىتكەنگە كۆڭلىڭىز بەكلا يېرىم بولۇپ كېتىپتۇ - دە، — دېدى مېتى گەپ قىستۇرۇپ.

غوجايىن مېتىغا قاراپ قويدى. ساقچى توراكىرا غوجايىننىڭ گېپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

— پىچەكگۈل ئەمدى تېپىلمايدۇ. باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى. خوش، ساقچىخانىغا بېرىپ كۆرسىڭىز ھەممىسى ئېنىق بولىدۇ. ھە راست، نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالغاندا بىر ھۆججەت يېزىپ بېرىسىز، شۇڭا تامغىڭىزنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. چوقۇم 9 دىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭ، ئاسوكىتا ساقچىخانىسىغا قاراشلىق ياپونىيە تارماق ساقچىخانىسى، مەن ماڭاي، خوش ئەمىسە!

ئوغرىمۇ ساقچىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئوغرىنىڭ قولىدا كويزا بولغاچ ئىشىكنى ياپالماي، ئىشىك ئوچۇق قالدى. غوجايىن ئالاقزەدە بولۇپ دەرھال ئىشىكنى ياپتى.

— ھا - ھا - ھا! ساقچىنى بەك ھۆرمەت قىلىدىكەنسىز - ھە! ساقچىنى ھۆرمەت قىلىسىڭىزغۇ بوپتۇ، ئەمما ئوغرىغىمۇ تەكەللۇپ قىلىپ كەتكىنىڭىز پەقەتلا بولمىدى.

— كىم ئوغرىغا تەكەللۇپ قىپتۇ؟

— سىز!

— مەن قاچان ئوغرىنى ئۆچرىتىپتىمەن؟

— بايا، تېخى ئېگىلىپ سالام قىلدىڭىزغۇ؟

— جۆيلۈمەڭ! ئۇ دېگەن ساقچى!

— ھە، ئويلاپ باقمامسىز، ساقچى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كەلسە قولىنى يېڭىدىن چىقارماي ئۆرە تۇرامدا؟

— ساقچى قولىنى يېڭىگە سىلىقۋالسا بولمايدۇ، دەپ كىم دەيدۇ؟

— نېمانچە خاپا بولىسىز؟ سىز ئۇنىڭغا تەزىم قىلغاندا ئۇ مىدىرلىماي تۇردىغۇ؟

— بەلكىم ساقچى دېگەن شۇنداق قىياپەتتە تۇرىدىغاندۇ؟

— ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى راست قىلىپ، نېمىلا دېسە ئاڭلىمايدىكەنسىز.

— شۇ ئاڭلىمايمەن! ئۇنى ئوغرى دېگىنىڭىز بىلەن سىز ئوغرىنى نەق مەيداندا كۆرگەنمۇ؟ خىيالىمغا كەلدى دەپ باشقىلارنى چىشلەپ تارتىسىڭىز بولمايدۇ.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، مېتى غوجايىنغا گەپ تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. غوجايىن «مېتىنى بىر قېتىم بولسىمۇ قايىل قىلدىم» دەپ ئويلاپ خۇش بولدى. مېتىنىڭ نەزىرىدە غوجايىن بەكلا هاماقەت، ئادىمىيلىك قىممىتىنى يوقاتقان بىرى ئىدى. لېكىن غوجايىن جاهىل بولغاچقا مېتىدىن ئۈستۈن تۇردۇم، دەپ قارايتتى. جاهاندا مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلارمۇ بولىدىكەن. بەزىلەر جاهىل بولغاندا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. لېكىن بۇ كۇندە ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۇرسى چۇشۇپ كەتتى. غەلىتە يېرى شۇكى، جاهىل ئادەم ئۆلگۇچە ئابروي قوغلىشىدىكەن، لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۇشىدىمۇ كۆرمەيدىغاندۇ؟ بۇنداق بىردەملىك خۇشاللىقنى «يارىماسنىڭ خۇشاللىقى» دېيىشكە بولىدۇ.

— قىسقىسى، ئەتە بارامسىز؟

— بارىمەن! 9دىن بۇرۇن بېرىڭ، دېدى. شۇڭا 8دە ئۆيدىن چىقىمەن.

— مەكتەپكە نېمە دەيسىز؟

— دەرس ئۆتمەيمەن! مەكتەپ نېمىتى؟— دېدى غوجايىن نا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھايىتى كەسكىن ھالدا. قارىغاندا ئۇنىڭ ئاچچىقى خېلى كەلگەن
چېغى.

— نېمانچە كۆچەيسىز! دەرس ئۆتمىسىڭىز بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بىزنىڭ مەكتەپ ئايدا مائاش تارقىتىدۇ، مائا-
شىمنى تۇتۇۋالمىغاندىكىن ھېچ گەپ يوق، — دېدى غوجايىن
ئوچۇقلا.

ھېيلىگەرمىكىن دېسە خېلىلا ھېيلىگەر، ساددىمىكىن
دېسە ئالامەت ساددا!

— ئۇنداقتا بېرىڭ. لېكىن يولنى بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن! ھارۋىغا ئولتۇرسام تېپىپ بارارمەن؟— دې-
دى غوجايىن.

— سىز دېگەن «توكيو كېزەر»، شىزوكادىكى ھېلىقى تا-
غامدىن قېلىشمايسىز، سىزگە قايىلمەن.

— نېمە دېسىڭىز دېمەمسىز، — دېدى غوجايىن مېتىنىڭ
زاڭلىق قىلىشىغا پەرۋا قىلماي.

—ھا - ھا - ھا! ياپونىيە تارماق ساقچىخانىسىنى تاپماق ئا-
سان ئەمەس! يوشىخارادا جۇمۇ!

— نېمە؟

— يوشىخارادا!

— پاھىشەخانىلار بار ھېلىقى يوشىخارا دېگەن جايدىما؟

— شۇنداق، توكيودا بىرلا يوشىخارا بار. قانداق، تېپىپ با-
رالايدىغاندەك قىلامسىز يا؟ ئۇ بولىدىغان يەر، بېرىپ كۆرۈپ
كېلىڭ، — دېدى مېتى غوجايىننى ئەخمەق قىلىپ.

ساقچى كېلىپ گەپ ئاۋۇپ كەتتى، بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردە
توختىتىپ تۇراي.

مېتى كەتكەندىن كېيىن، غوجايىن ئالدىراپ كەچلىك تا-

مىقىنى يېدى ـ دە، يەنە كىتابخانىسىغا كىرىپ، قولىنى يېڭى ـ
نىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ خىيالغا پاتتى:
ماڭا ياراپ كەتكەن ياگى دۆكۆسىن دېگەن كىشى مېتىنىڭ
گېپىدىن قارىغاندا ئەرزىمەس بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ تەشەببۇس
قىلغان تەلىماتلار لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، مېتى دې ـ
گەندەك ساراڭلىقئا ياتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىككى شا ـ
گىرتى سېپى ئۆزىدىن ساراڭكەن، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! ئۇ ـ
نىڭغا يېقىنلاشسام شۇلارنىڭ سېپىغا قېتىلىپ قالىدىغان ئوخ ـ
شايمەن. «جاھاننى ئادىل سوراش» دېگەن ئىسىم ئادەمنى ھەيران
قالدۇرىدۇ. ئۇنى ئالدىن كۆرەر دانا ئالىمىكىن دېسەم ئەسلىي ئۇ
قىپقىزىل ساراڭ ئىكەن، پات ئارىدا ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا
كىرىپ قالامدۇ تېخى! لېكىن مېتى بەزىدە بەك ئاشۇرۇپ سۆزلەيـ ـ
دۇ، مېتىنىڭ تاتاماشى توغرىسىدىكى گەپلىرى راستمىدۇ؟ قارىـ ـ
غاندا مەنمۇ سەل شۇ تەرەپكە ئېغىپ قالغان ئوخشايمەن! «تىلى
بىرنىڭ يولى بىر»، «مال خىلى بىلەن» دەيدىغان گەپ بار. ماڭا
ئۇنىڭ سۆزلىرى ياراپ، ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ كەتكىنىمدىن قارىـ ـ
غاندا ئېھتىمال مەنمۇ ساراڭ بولۇشقا ئاز قالغان ئوخشايمەن! ئۇلار
ماڭا پۇتۇنلەي تەسىر قىلالىمىغان تەقدىردىمۇ، ساراڭ بىلەن ئارىـ ـ
لىشىپ يۈرگەندە كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى ساراڭغا ئوخشاپ قالىـ ـ
دىغان گەپ. ئۇنداق بولسا بولمىغۇدەك، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!
توغرا، ئويلاپ باقسام، بايامدىن بېرى قىلغان خىياللىرىمغا ئۆ ـ
زۈممۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن. كاللامدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ،
ئىش ـ ھەرىكەتلىرىم، گەپ ـ سۆزلىرىم، يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرىم
ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم، ھە ـ
قىقەتەن ئۆزۈمنىمۇ چۈشىنىپ بولالمايۋاتىمەن. «ئىشتانغا
چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك...... مەن راستتىنلا ساراڭ

بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي، جەمئىيەت ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈنلا شەھەردىن قوغلانماي توكيو پۇقراسى بولۇپ يۈرگەندىمەنمۇ؟!

سارائ بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ يۈرگىنىمگە قارى-غاندا سارائلارنىڭ ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقمىقىم مۇشكۈل ئوخشايدۇ. ئەگەر نورمال ئادەمنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆل-چىگەن بولسام ئۇنداق يەكۈن چىقارمىغان بولاتتىم. ئالدى بىلەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە قاراپ باقاي. بۈگۈن مۇراسىم كېيى-مى كىيىپ كەلگەن ھېلىقى بوۋاي قانداق كىشى؟ ئۇ «كۆڭۈل نەدە؟» دېدى...... ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىمۇ تازا نورمال ئەمەس. ئۇنداقتا كانىيىزىچۇ؟ ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەينەك شار سىلىقلايدۇ، ئۇمۇ سارائلانىڭ تىپىدى-دىن. مېتىنچۇ؟ ئۇمۇ بىمەنە چاقچاق قىلىپ يۈرىدىغان شادىمان سارائ. تۆتىنچىسى، كانىدا خانىم. ئۇ قارا نىيەت، رەھىمسىز خوتۇن، ئۇمۇ سېپى ئۆزىدىن سارائ. بەشىنچىسى، كانىدا ئەپەن-دى. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى-غا قىلغان پەسكەشلىكىدىن قارىغاندا ئۇلارمۇ تېپىشقان ئەر - خوتۇنلار، ئۇنىمۇ سارائلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە شەخس دې-يىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا...... يەنە «بۇلۇت سارىيى»دىكى ئوقۇغۇچىلار. يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن، سەپرا تېرىككەك-لىكىگە قارىغاندا ئۇلارمۇ قاراقچىغىلا ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق ھې-سابلىغاندىمۇ كۆپىنچىسى سارائلارنىڭ تىپىدىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا خاتىرجەم بولسام بولغۇدەك. جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سارائ ئوخشايدۇ. سارائلار بىر يەرگە كەلسە بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشىدۇ، بىر - بىرىنى تىللىشىدۇ. قارىغاندا ئاتالمىش جەمئىيەت دېگەن سارائلار تو-



www.uyghurkitap.com

پىنى كۆرسىتىدىغان ئوخشايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلەرمۇ چىقتى، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلارمۇ چىقتى. ئاخىرى ئۇلارنى ئاۋارىچىلىك تاپمىسۇن دەپ ساراڭلار دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى ۋە ئۇنداقلارنى سولاپ كۈن ئالغىلى قويمىدى. ئۇھ! كاللام قايمۇقۇپلا كەتتىغۇ!

يۇقىرىقىلار شۇ كۈنى كەچتە غوجايىن جىن چىراغنى يېقىپ قويۇپ تەپەككۇر قىلغان مەزمۇنلار، بۇلارنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەردىم. غوجايىنىنىڭ كاللىسى پىرقىراپ قالغانىدى. ئۇ نورمال ئادەم بىلەن ساراڭنىمۇ پەرقلەندۈرەلمىگىنىگە باقماي تېخى ئۆزىنى ئەقىللىك چاغلاپ كېتىدىكەن. ئەسلىي ئۇ تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ يەكۈنلىرى ناھايىتى غۇۋا بولۇپ، خۇددى بۇرۇندىن چىققان ئىستەك بايقىماق تەس.

مەن مۈشۈك، ئېھتىمال بەزىلەر: مىياۋ! مۈشۈك قانداق قىلىپ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ؟ دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن. بىراق بۇنداق ئىشلار مۈشۈككە نىسبەتەن چىش كولىغاندەكلا ئىش. مۈشۈك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلەيدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا كىشىلەر بىزنى كۆڭۈلگە يېقىن دېمەس ئىدى. مەن كىشىلەرنىڭ پۇتىدا ئولتۇرغان چېغىمدا، يۇمشاق مويلىرىم كىشىلەرنىڭ تېرىسىگە تېگىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم ۋاللىدا يورۇپ كىشىلەرنىڭ ئويلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: غوجايىن بېشىمنى مۇلايىملىق بىلەن سىلىغانىدى، تۇيۇقسىز مەندە مۇنداق بىر ئوي پەيدا بولدى: «تېرەمنى سويۇپ، جىلىتكە تىكىپ كىيىۋالسام، چوقۇم راھەت ھېس قىلىمەن». ساراڭدەك خىيال قىلغىنىمنى دەرھال بايقاپ، پۈتۈن بەدىنىم سوغۇق تەرگە چۆمدى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 7

ــ ھەي، سائەت 7 بولدى!ــ دېدى ئايال غوجايىن قەغەز ئە-شىكنى يانغا ئىتتىرىپ غوجايىننى چاقىرىپ.

غوجايىن ئۇخلاۋاتقاندىمۇ - ئويغاقمىدۇ؟ ئۇ دۇمبىسىنى قىلىپ گەپ قىلماي يېتىۋالدى.

سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرۇش بۇ ئەپەندىنىڭ بىر ئۆزگە-چىلىكى بولسا كېرەك (ئۇنىڭ بۇ مىجەزى كىتابخانىلارغىمۇ ئا-يان بولۇپ كەتتى، ئىلگىرى غوجايىن جىم تۇرۇۋالغاچ مېتى ئە-پەندى مېھماننىڭ ئالدىغا ئۆزى چىققانىدى، شۇ ئىشلاردىن ئاللى-بۇرۇن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولدۇڭلار). چوقۇم جاۋاب قاي-تۇرۇش تىوغرا كەلگەندىمۇ ئۇ «ھە» دەپلا قويىدۇ. ھۇرۇنلۇقنىڭ دەستىدىن شۇنداق قىلسا كېرەك. بەزىدە ھۇرۇنلۇق قىلىپ «ھە» مۇ دېمەيدۇ. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلغىنىدۇ، لې-كىن بۇ خىل مىجەزلىك ئادەملەر ئاياللارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ھازىر غوجايىنىنىڭ ئايالىمۇ ئۇنى ئانچە ھۆرمەتلىمەس بولۇپ قالدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقى-لارنىڭمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ كېتىشى تايىنلىق! ئايالىنىڭ ھۆرمى-تىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم، باشقا ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىگە قانداق ئېرىشسۇن؟ شۇڭا غوجايىنىنىڭ ئاياللار ئارىسىدا ئازراقمۇ جەلپ قىلىش كۈچى يوق، بۇ ھەقتە سۆزلەشنىڭمۇ ئورنى يوق.

ئايال غوجايىن ئۇنى دېگىنى بويىچە ۋاقتىدا ئويغىتىپ قويدى، لېكىن غوجايىن قۇلاق سالمىدى، ئەلۋەتتە گۇناھ غوجا-

يىندا بولىدۇ ـ دە. ئايال غوجايىن كىچىكسە نىمە كارىم! دىگەن ـ دەك قىلىپ، پەي قاققۇچنى كۆتۈرۈپ كىتابخانىغا كىردى.
بىردەمدىن كىيىن كىتابخانا گۈلدەكالا بولۇپ كەتتى، تا ـ زىلىق باشلانغانىدى. تازىلىق قىلىشتىكى مەقسەت چىنىقىش ـ مۇ ياكى ئويۇنمۇ؟ ئايال غوجايىندەك بۇنداق تازىلىق قىلىشنىڭ ھىچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ئۇ «تازىلىدىڭمۇ؟ تازىلىدىم » دەپ قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىۋاتاتتى. پەيقاققۇچ بىلەن قەغەز ئىكرانىنى بىرلا سىيپاپ، سۈپۈرگە بىلەن كارىۋاتنى پالاقشى ـ تىپ قويۇپ تازىلىقنى تاماملىدى. تازىلىقنىڭ قانداق بولۇشى ـ نىڭ گارايىتى چاغلىق. شۇڭا پاكىز جايلار كۆندە پاكىز تۇراتـ ـ تى، مەينەت جايلارغا قارىغىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ، پەقەتلا تازىلىمىغاندىن ياخشىراق. مىياۋ! ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت پىقىر مۇ ـ شۈكنىڭ قارىشى.
مەن نىمىلا دىگەنبىلەن غوجايىندىن ئىشچان، كۆندە تاڭ ئاتماستىلا ئورنۇمدىن تۇرىمەن. شۇڭا ھازىر قورسىقىم ئىچىپ كورككىراپ كەتتى. لىكىن ئۈيدىكىلەر ناشتا قىلمىسا ماڭىمۇ يىگۈدەك نەرسە چىقمايدۇ، مانا بۇ بىز مۈشۈكلەر ئۈچۈن ئازابلىق بىر ئىش.
ئايال خىزمەتكار پىشۇرۇپ بولغان گۈرۈچ ئاشنى تاماق قا ـ چىسىغا تۆكۈپ، مەشكە قويۇپ ئارىلاشتۇرغىلى تۇردى. تاماق تەييار بولغاندەك تۇراتتى، قارىغاندا تاماق يىيەلەك بولىدىغان چى ـ غى. بۇنداق ھالقىلىق چاغدا نىمىدىن تۈزۈت قىلاتتىم، مۇرادىم ـ غا يىتەلمىگەن تەقدىردىمۇ زىيان تارتسام بولمايدۇ ـ دە. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالدىرىتىش نىيىتىگە كەلدىم. ھەرقانچە بىكار تە ـ لەپ بولسامىمۇ مىنىڭمۇ قورسىقىم ئاچىدۇ ـ دە! شۇنىڭ بىلەن غەيرەتكە كىلىپ مىياڭشىغىلى تۇردۇم، ئايال خىزمەتكارنىڭ

دىققىتىمنى تارتىش ئۈچۈن ئاۋازىمنى مۇرەككەپ ئۇدارلارغا سىپلىپ مىياڭلىدىم. يېقىملىق ئاۋازىم بېتخوۋېننىڭ سىنفونىيەسىدىن قېلىشمىسىمۇ، لېكىن ئايال خىزمەتكار پەرۋا قىلمىدى. شۇنچىلىك تەسىرلىك مىياڭلىدىمكى، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈم تەسىرلىنىپ كەتتىم، لېكىن ئايال خىزمەتكار پىسەنتمۇ قىلمىدى، ئۇ گاس بولسا كېرەك. بۇ گاس خىزمەتكارنىڭ هالى چوڭ تېخى، كېچىدە هاجەتكە چىقسام ئىشىك ئېچىپ بەرمەيدۇ. ئارىلاپ ئېچىپمۇ بېرىدۇ، لېكىن ئۆيگە كىرگىلى قويمايدۇ. لەمپىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتىمەن، نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق! تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن ئىشىككە ئۇسۇۋالدىم. كېيىن تېخى مۇنداق ئىش يۈز بەردى: تويۇقسىز بىر ياۋا ئىتنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدىم! هېلىمۇ ياخشى بىر ئامبارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالدىم، لېكىن بىر كېچە تىترەپ چىقتىم. بۇلارنىڭ هەممىسى ئايال خىزمەتكارنىڭ رەهىمسىزلىكىدىن بولدى. دەرد تۆكۈپ يىغلىغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭدا هېچقانداق ئىنكاس بولمايدۇ.

ئامالسىز پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېهمانخانا تەرەپكە ماڭدىم. يۈز يۇيۇش ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ئۈچ قىزچاق يۈزىنى يۇيۇۋاتقانىكەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەتراپىنى بىر ئاپتۇ.

يۈز يۇيۇشقا كەلسەك، ئاساسلىقى يەسلىگە كىرگەن ئىككى خانقىز يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى، كەنجى خانقىز بەك كىچىك. ئۇ ئاچىلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان بولۇپ، ئۇنى يۈزىنى يۇيۇپ، گىرىم قىلىۋاتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كىچىك خانقىز چېلەكتىكى سوغا لاتىنى چىلاپ يۈزىنى سۈرتكىلى تۇردى. ئۇ هۆل لاتىنى يۈزىگە سۈرتۈپ ئويناشنى ياخشى كۆرسە

كېرەك. چوڭ خانقىز نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ-دە، ئۇ ئاچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ قولىدىكى ئېغىز چايقاش سۈيىنى نېرى قويۇپ:

— ۋايجان نېمە قىلىۋاتىسىز! ئۇ دېگەن مەينەت لاتا! — دېگىنىچە لاتىنى كەنجى خانقىزنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

كەنجى خانقىز ئالدىراپ ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمىگەچ، لاتىنى يەنە ئۇنىڭدىن تالاشتى.

ئاچا-سىڭىل ئىككىيلەن لاتىنى ئۇياقتىن-بۇياققا تارتىپ تولغىدى، لاتىدىكى سۇ كىچىك خانقىزنىڭ پۇتىغا تامىشىپ چۈشتى.

بۇ جېدەلدە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغىنى ئوتتۇرانچى خانقىز سۈمىكو بولدى. جازىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئۇپا قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گىرىمغا چۈشتى. ئۇ يۈز ماي شىشىسىگە كىچىك بارمىقىنى تىقىپ، يۈزمايىنى ئېلىپ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزۈپ باقتى، ئارقىدىن يۈزنىڭ ھەممە يېرىگە سۈركىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئوماق يۈزلىرىنى سىرچىنىڭ يۈزىدەك قىلىۋەتتى. ئايال خىزمەتكار كىرىپ، كەنجى خانقىزنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇتىنى سۈرتۈپ بولۇپ، قولىنى يۇيۇۋەتمەيلا ئوتتۇرانچى خانقىزنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتكىلى تۇردى.

مەن بىر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىقىغا قاراپ بېشىمنى چايقىدىم، ئاندىن غوجايىن نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئۇنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدىم. ھۇجرىغا كىرسەم غوجايىنىنىڭ بېشى كۆرۈنمەيتتى، پەقەت سەككىز يېرىم سۇڭ چوڭلۇقتىكى پۇت يوتقاندىن چىقىپ تۇراتتى. غوجايىن ئايالىنىڭ ۋارقىراپ ئۇيغىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ بېشىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان چېغى. بۇ تۇرقىدا ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان تاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاقىغا ياكى بېشىنى قۇمغا كۆمۈۋالغان تۆگە قۇشىغا ئوخشاپ قالغانىدى. غوجايىنىنىڭ ئايالى كىتابخانىنى تازىلاپ بولۇپ، سۇ - پۇرگە بىلەن پەيقاقۇچنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تېخىچە ئورنىڭىزدىن تۇرمىدىڭىزما؟ — دەپ بايىقى سۆزى تەكرارلىدى.

ئۇ بىردەم قاراپ تۇرغان بولسىمۇ غوجايىن بېشىنى يوتقاندىن چىقارمىدى.

ئەسلىي غوجايىن ئالىبۇرۇن ئويغىنىپ بولغان، لېكىن ئايالىنىڭ ۋارقىراپ پاراكەندە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ بېشىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. ئۇ بېشىمنى تىقىۋالسام قۇتۇلۇپ قالىمەن، دەپ ئويلايتتى، بۇ تازىمۇ بىر ئەخمەقلىق - تە.

— توققۇزدىن بۇرۇن ئويغىتىپ قويۇڭ دېمىگەنمىدىڭىز؟ تېز بولمىسىڭىز ئۈلگۈرەلمەيسىز.

— دېمىسىڭىزمۇ هازىر تۇراي دېگەن.

— ۋاي، تېز تۇرۇڭ.

— نېمىگە ۋارقىرايسىز؟ تۇرىمەن دېگەندىكىن هازىر تۇرىمەن.

— ئاغزىڭىزدا تۇرىمەن دەپ قويۇپ بىلگىنىڭىزنى قىلىدىكەنسىز!

— مەن قاچان يالغان سۆزلەپ باققان.

— داۋاملىق شۇنداق قىلىسىزغۇ!

— جۆيلۈمەڭ!

— كىم جۆيلۈۋاتىدۇ هېچ بىلەلمىدىم.

هەي، غوجايىن راستىنلا قاملاشمىغىلى تۇردى. مىياۋ......

بۇ چاغدا قوشنا ئۆيدىكى هارۋىكەشنىڭ بالىسى ئاچىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. تاڭ سەهەردىكى كىچىك بالىنىڭ يىغىسى

غوجايىنىنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ قوداڭشىتىۋەتتى. روھنى چېنىقتۇرۇش ھەققىدىكى تەلىملەر، ياگى دۇكۇسىنىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدىن چورتلا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بېشىنى قاشلاپ بىر قەۋەت تېرىسىنى سويۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ بىر ئايدىن بېرى يۇيۇنمىغاچ، بېشىنى كېپەك بېسىپ كەتكەنىدى، بېشىنى قاشلىغاندا چۈشكەن كېپەك ئۈستىبېشىنى بىر ئالدى. بۇ ئالامەت بىر كۆرۈنۈش بولدى. بۇرۇن غوجايىن بىر ئىبادەتخانىدا قونۇپ قاپتۇ، قەغەز ئىشىك ئايرىپ تۇرغان يەنە بىر ئۆيدە 5 — 6 دەك راھىبە بار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، راھىبە دېگەن ئوسال ئاياللار ئىچىدىكى ئەڭ ئوسىلى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر راھىبە خۇددى غوجايىنىنىڭ مىجەزىنى بىلىۋالغاندەك تاماق ئەتكەچ «قاغا يىغلىدى، ئارقىدىنلا يەنە كۈلدى، قاغا يىغلىدى ئارقىدىنلا يەنە كۈلدى» دەپ ناخشىغا چۈشۈپتۇ. غوجايىن شۇ ئىشتىن كېيىن راھىبەگە ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ.

غوجايىن ئەسنەپ، كىيىملىرىنى ئالدىرىماي ئالماشتۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. باياتىن بېرى ساقلاپ جىلە بولۇپ كەتكەن ئايال غوجايىن كۈندىلىك ئىش تەرتىپى بويىچە يوتقاننى يىغىپ، ئۆينى تازىلاشقا چۈشتى. غوجايىنىنىڭ يۇز يۇيۇشمۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپى ئىچىدە ئىدى. غوجايىن بۇرنىنىڭ ئەتراپىنى يۇيۇپلا يۇز يۇيۇش ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا مەڭگۈ سۇ تەگمەيتتى. ئۇ گېلىنى قىرىپ «قىخ...... قۇخ...... » قىلىپ غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ھەممە ئادەمنى بەسىرەمجان قىلىپ، چاچلىرىنى ئەستايىدىل چاپلاپ تاراپ، بوينىغا لۆڭگىنى ئارتىپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى.

غوجايىن بەخىرامان ئولتۇردى. مېھمانخانا ئۆيدە مىستىن ياسالغان چاسا شەكىللىك مەش بار ئىدى. بۇ نەرسە نەدىن كەل-گەندۇ؟ ئىشقىلىپ، پۇل خەجلەپ ئالمىغان. ئىلگىرى غوجايىن ياشانغان بىر ئايال تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپكەن، كېيىن غوجايىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياشان-غان ئايال تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ كېتىشتىن بۇرۇن قىلچە تۈزۈت قىلماي بۇ مەشنى كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئاڭلىماققا سەل ئەخلاقسىزلىقتەك بىلىنىدۇ، لېكىن ئويلاپ باقساق بۇ خېلى نورمال ئىشكەن. خۇددى بانكىرلار كۆندە باش-قىلارنى كولدۇرلىتىپ، بارا - بارا ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ پۇ-لى دەپ ئويلىغاندەكلا ئىش. ئەمەلدارلارمۇ ئەسلى خەلقنىڭ چاكىرى، خەلق ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ دەپ ئۇلارغا ھو-قۇق بەرگەن، لېكىن ئەمەلدارلار خەلقنىڭ رايىغا باقماي، ھو-قۇقنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر جاھان-نىڭ ھەممە يېرىدە بار ئىكەن، شۇڭا غوجايىنىنىڭ چاسا مەشنى ئېلىۋالغىنىغا قاراپ ئۇنى ئوغرى تۇتساق بولمىغۇدەك.

ئايال غوجايىن غوجايىن ئولتۇرغان چاسا مەشنىڭ ئالدىغا تاماق ئۈستىلىنى قويۇپ، تاماقلارنى ئەكەلدى. ئۈستەلنىڭ قال-غان ئۈچ تەرىپىدە بايا ئاچىسى بىلەن لاتا تالاشقان بوناۋا، ئاتسوكو، قولىنى ئۇپا قۇتىسىغا تىققان سۇمىكو ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى. غوجايىن نەزىرىنى بۇ ئۈچ مەلىكىگە ئاغدى. ئاتسوكو-نىڭ يۈزى جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكىلەر ئىشلىتىدىغان تۆمۈر پىچاقنىڭ سېپىغا ئوخشايتتى. سۇمىكو ئازدۇر - كۆپتۇر ئاچىـ-سىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنى رىيۇكيۇنىڭ قىزىل دې-سىغا ئوخشاتساق خاتالاشمايمىز. پەقەت بوناۋانىڭ چىرايى ئالا-ھىدىرەك، ئۇنىڭ يۈزى سوزۇنچاق بولسىغۇ ھەيران قالارلىق ئە-

مەستى، لېكىن ئۇنىڭ يۇزى توغرىسىغا ئۆزىرىپ كەتكەنىدى.
هازىرغۇ جاهاندا ئۆزگىرىش تېز، مەيلى قانداقلا چىراي مودا بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر، توغرىسىغا ئۆزىرىپ كەتكەن چىراينىڭ
مودا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! غوجايىن ئۇلارغا قاراپ خورسى-
نىپ، ئۇلار شۇنچە تېز چوڭ بولۇۋاتىدۇ، بويلىرىمۇ ئۆسۈپ قال-
دى، دېگەنلەرنى ئويلىدى. غوجايىن هەر قېتىم مۇشۇلارنى ئوي-
لىغىنىدا خۇددى ئارقىسىدىن ئەسكەرلەر ئۇنى قوغلاپ كېلىۋات-
قاندەك كۆڭلى پاراكەندە بولاتتى. غوجايىن هەرقانچە بىپەرۋا
بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈچ مەلىكە ئۇنىڭ هەر ۋاقىت يادىدا-دە.
قىز بالا دېگەن ئۆيلۇك-ئوچاقلىق بولىدۇ، بۇ ئېنىقلا گەپ. ئې-
نىق بولغان بىلەن شۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆ-
چى يەتمەيدىغانلىقى غوجايىننىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. گەرچە
ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆزىنىڭ پۇشتى بولغاچقا ئۇ ئۆزىنى سەل
جىددىيلىشىپ قېلىۋاتقاندەك هېس قىلىۋاتاتتى. جىددىيلى-
شىپ قالغان ئادەم ئەينى چاغدا بالا تاپماي يۇرسە بولماسمىتى؟
مانا بۇ هايات! «هايات دېگەن نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز غوجايىن
ئېهتىمال، ئۆزىگە بىهۇدە ئاۋارچىلىكلەرنى تېرىپ، ئۆزىنى ئۆزى
قىيناش، دەپ جاۋاب بەرسە كېرەك.

قىزلار بەخىرامان ئولتۇرۇشتى. دادىسىنىڭ ئۇنداق خىيال-
لارنى قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۇشىگىمۇ كىرمەيتتى. ئۇلار
ئاۋۇالقىدەكلا خۇشال هالدا غىزالىنىۋاتاتتى.

لېكىن بوناۋانىڭ خاپىسى كۆپ ئىدى، ئۇ بۇ يىل ئۈچ ياشقا
كىرگەچكە ئانىسى ئۇنىڭغا بىر يۇرۇش باللار قاچا-قۇچىلىرى-
نى ئېلىپ بەرگەنىدى. لېكىن بوناۋا ئۆزىنىڭكىنى قويۇپ ئاچى-
سىنىڭكىنى تالىشىپ، ئاچىسىغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. مياۋ!
كىشىلەرنى كۆزىتىشىمدىن قارىغاندا، قانچە ئەتىۋارلىغانچە

شۇنچە ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىدىكەن، بۇ خىل خاراكتېر كىشىلەردە كىچىك چېغىدىن باشلاپلا يېتىلىدىكەن. بۇنداق خاراكتېر يېتىلىپ قالسا ئۇنى مائارىپ ئارقىلىق ياكى تەربىيە ئارقىلىق تۈزىگىلى بولمايدىكەن. يەنىلا كىچىكىدىن تۈزىگەن ياخشىكەن.

بوناۋا ئاچىسىنىڭ تەخسىسىنى، چوكىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلارنى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەن ھەپىلىشىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىۋاتاتتى. بوناۋا ئالدى بىلەن بىر جۈپ چوكىنى جۈپلەپ، قاچىدىكى تاماققا سانجىدى. قاچىدىكى تاماق بىلەن تاماقنىڭ ئۈستىدىكى قىيام ئەسلىدىنىلا لىغىلداپ تۇراتتى، بوناۋا چوكىنى شۇنداقلا سانجىشىغا تاماق قاچىسى سىڭارىيان بولۇپ، تاماقنىڭ ئۈستىدىكى قىيام ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشتى.

لېكىن بۇنچىلىك ئىشلار بوناۋانى قورقىتالمىدى. بوناۋا نېمىدېگەن رەھىمسىز! ئۇ قاچىدىكى چوكىنى كۈچەپ تارتىپ، ئاغزىنى تاماق قاچىسىغا يېقىن ئەكېلىپ، تاماقنى يېگىلى تۇردى، ئاغزىغا كىرمىگەن گۈرۈچ ئېڭەكلىرىگە چاپلىشىپ، ئېڭىكىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنداق ئىشلار كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. بۇنداق تەرتىپسىز تاماق يېگەن نەدە بار، بىئەدەپلىك تە، بۇ!

بىچارە ئاتسوكو قاچىسى بىلەن چوكىسىنى سىڭلىسىغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى سىڭلىسىنىڭ قاچىسى ۋە چوكىسىدا بىر ئاماللارنى قىلىپ ئەپلەشتۈرۈپ تاماق يەۋاتاتتى. قاچا بەك كىچىك بولغاچ تاماقنى ھەرقانچە لىق ئۇسىغان بىلەنمۇ ئىككى-ئۈچ چوكا يېسىلا تۈگەپ كېتەتتى. شۇڭا توختىماي تاماق چېلىكىگە قاچىسىنى ئۇزىتىپ تۇردى، ئۇ ھازىرغىچە تۆت قاچا يەپ

بولدى، ئەمدى بەشىنچى قاچىسىنى يەۋاتاتتى. ئۇ تاماق قاچىسى-
نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئەمدى يەيمۇ - يېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ
تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرى قىسماق يوق يېرىدىن ئازراق ئۇسۇپ
يەي دەپ، تاماق قاچىسىغا قوشۇقنى سېلىپ، تاماقنى قاچىغا
سالدىم دەپ يەرگە تۆكۈۋەتتى. ئاتسوكو قىلچە ھودۇقماي، يەرگە
چۈشكەن تاماقنىڭ ھەممىسىنى تاماق قاچىسىغا سالدى. مىياۋ!
نېمىدېگەن مەينەت.

بوناۋا چوكىنى يەردىن ئېلىۋاتقاندا، ئاتسوكو دەل يەرگە
چۈشۈپ كەتكەن تاماقنى قاچىسىغا ئېلىۋاتاتتى، نېمىلا دېگەن-
بىلەن ئۇ ئاچا - دە، ئۇ سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان
گۈرۈچنى كۆرۈپ:

— ۋايجان، بوناۋا، قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ يۈزۈڭنى گۈرۈچ
قىلىۋېتىپسەنغۇ؟— دېدى - دە، بوناۋانىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈشكە
باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن سىڭلىسىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا چاپ-
لىشىپ قالغان گۈرۈچنى سۈرتۈۋەتتى. سۈرتۈۋەتكەن گۈرۈچ-
لەرنى تاشلىۋېتەرمىكىن دېسەم، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ
ئاغزىغا سالدى، ئارقىدىن بوناۋانىڭ يۈزىنى سۈرتتى. بوناۋانىڭ
يۈزىدىن چۈشكەن گۈرۈچ يىغىلىپ بىر دۆۋە بولدى، بوناۋانىڭ
بۇرنىدىن چۈشكەن گۈرۈچ بىلەن يۈزىدىن چۈشكەن گۈرۈچنى
قوشقاندا 20 تالدەك كېلەتتى. ئاتسوكو گۈرۈچلەرنى بىر تال بىر
تالدىن ئېلىپ، ئاخىر ھەممىسىنى يەپ تۈگەتتى. مىياۋ!

بۇ ۋاقىتتا چىلىغان سەي يەپ ئولتۇرغان سۇمىكو جاڭيۇ
شورپىسىغا قوشۇق سېلىپ، ئىچىدىن ئېزىلىپ كەتكەن تاتلىق
ياڭيۇنى ئېلىپ، ئۇدۇل ئاغزىغا سالدى. ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ئايان
بولغىنىدەك، شورپىدىن ئالغان تاتلىقياڭيۇنى ئېغىزغا سالغان-
دىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك. دىققەت قىلمىسا چوڭ ئا-

دەممۇ ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋالىدۇ. تاتلىقياڭيۇ يېيىشتە تەجرىبىسى بولمىسا ئەلۋەتتە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدىغان گەپتە. سۇمىكو «ۋايجان» دېگىنىچە ئاغزىدىكى تاتلىقياڭيۇنى ئۈستەلگە تۈكۈردى. تاتلىقياڭيۇدىن ئىككى - ئۈچ پارچىسى نېرىدا ئولتۇرغان بوناۋانىڭ ئالدىغا چۈشتى. بوناۋا ئەسلىدىمۇ تاتلىق ياڭيۇغا ئامراق ئىدى. شۇڭا چوكىنى قويۇپ، تاتلىقياڭيۇنى ئاغزىغا سېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

بۇ غەلىتە قىلىقلارنى غوجايىن كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

غوجايىن قىزلىرىنى تەربىيەلەشتە، ئۇلارغا مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىش پىرىنسىپىنى قوللانغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ قىزلىرى «بېغىر رەڭ»، «كۆل رەڭ» ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن قېچىپ كەتسىمۇ، غوجايىن يەنىلا يەيدىغىنىنى يەپ، ئىچىدىغىنىنى ئىچىپ بۇ ئىشقا پىسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن. لېكىن جاھاندىكى ئىشلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «چوڭ ئىش قىلىۋەتتۇق» دېگەنلەرمۇ، يالغان سۆزلەپ، باشقىلارنى ئالداپ، باشقىلارغا زەھەرلىك قولىنى سوزۇپ، ھەيۋە قىلىپ، باشقىلارنى قورقۇتۇپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىش، باشقىلارغا زەربە بېرىشتىن باشقا چوڭ ئىشلارنى قىلغىنى يوق، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى توغرا تېپىپ، كۆرەڭلەپ يۈرىدۇ، ئۇلار ئادەمنىڭ يۈزى قىزارغۇدەك ئىشلارنى قىلىپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ نەدىمۇ «چوڭ ئىشلارنى قىلىش» بولسۇن؟! بۇنى «ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەسلىك» دېگەن تۈزۈك! نېمىلا دېگەنبىلەن، مەن ياپونىيە مۇشۇكى، شۇڭا ۋەتىنىمگە ئازدۇر - كۆپتۇر مۇھەببىتىم بار. ھەر قېتىم ئاشۇنداق

ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈم كېلىدۇ. دۆلەت-
تىمىزدە بۇنداق ئادەمدىن بىرى كۆپەيسە، دۆلەتتە مۇناسىپ دەرى-
جىدە چېكىنىش بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر مەكتەپنىڭ يۈزىنى تۆ-
كىدۇ، شۇنداقلا يەنە دۆلەتنىڭ شەنىگىمۇ داغ تەگكۈزىدۇ. بۇنداق
ناچار ئادەملەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن جەمئىيەتكە چىقىشى ئادەمنى
تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ. ياپونىيەلىكلەردە بىز مۇشۇكلەرچىلىك-
مۇ سالاپەت يوق. نېمىدېگەن بىچارە! بۇ خىل كىشىلەر بىلەن
سىلىشتۇرغاندا غوجايىن خېلى ساپالىق ھېسابلىنىدۇ.

غوجايىن ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي خاتىرجەم تامىقى-
نى يېدى؛ ھايال ئۆتمەيلا كاستۇم- بۇرۇلكىسىنى ئالماشتۇرۇپ
ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ياپونىيە تارماق ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ
ماڭدى. ئۇ قەغەز ئىشىكنى ئېچىپ، ھارۋىكەشتىن «ياپونىيە
تارماق ساقچى ئىدارىسى قەيەردە؟» دەپ سورىدى، ھارۋىكەش پى-
سىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

— ھېلىقى پاھىشىخانا بار يوشىخارانىڭ ئەتراپىدىكى
ساقچىخانىمۇ؟

ھارۋىكەش قايتۇرۇپ قىزىقارلىق سوئالدىن بىرنى سورىدى.

غوجايىن ئىشىكتىن چىققاچ ئادىتى بويىچە قىزلىرىنى
ئالدىرىتىپ:

— مەكتەپكە تېز مېڭىڭلار، كېچىكىپ قالاي دېدىڭلار، —
دېدى.

— بۈگۈن قويۇۋەتتى، بارمايمىز!

— جۆيلۈمەي تېز مېڭىڭلار، بولمىسا كېچىكىپ قالىسى-
لەر! — دېدى ئايال غوجايىن تېرىكىپ.

— تۈنۈگۈن مۇئەللىم ئەتە ئوقۇمايسىلەر دېگەن! — دېدى
چوڭ خانقىز جايىدىن قىمىرلىماي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئايال غوجايىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى - دە، تەكچىدىن كالېندارنى ئېلىپ ۋاراقلاپ «خان جەمەتى بايرىمى» دېگەن قىزىل رەڭلىك خەتكە كۆزى چۈشتى. غوجايىنىنىڭ بۇ بايرامدىن خەۋىرى بولمىغاچ رۇخسەت سوراش خېتى يازغان چېغى، ئايال غوجايىنىنىڭمۇ بۇ بايرامدىن خەۋىرى بولمىغاچ يولدىشىنىڭ رۇخسەت سوراش خېتىنى پوچتىدىن سېلىۋەتكەنىدى. مېتىنىڭ بۇ بايرامدىن راستلا خەۋىرى يوقمۇ ياكى قەستەن جىنىنى ئۇسسۇلغا سالاي دېدىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

— ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماي، ئويۇنۇڭلارنى ئويناڭلار، — دېدى ئايال غوجايىن يىپ - يىڭنە قۇتىسىنى ئېلىپ يىڭنە ئىشى قىلغاچ.

ئۆينىڭ ئىچى يېرىم سائەت تىنجىپ قالغاچ، تەسۋىرلىگۈدەك ئىش چىقمىدى. لېكىن، تۇيۇقسىز غەلىتە بىر مېھمان ئۆيگە كەلدى، ئۇ 17 — 18 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى قىز ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ پۇتىغا پاشىنىسى مايماق بولۇپ كەتكەن ئاياغ، ئۇچىسىغا سۆسۈن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، چېچىنى ئېگىز بوغۇۋالغانىدى، ئۇ گەپمۇ قىلماي ئىشىكنى ئېچىپ ئۇسۇپلا كىردى.

ئۇ غوجايىنىنىڭ جىيەن قىزى ئىدى، بەزىدە يەكشەنبە كۈنلىرى كېلىپ، ئۆينى بىر ئىلەشتۇرۇپ قايتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى يۇكې بولۇپ، ئۆزى ئىسمىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى.

— يەڭگە تىنچلىقمۇ! — دېدى ئۇ دوكۇلداپ مېڭىپ، يىڭنە-يىپ قۇتىسىغا يېقىن جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— ھە، يۇكېمۇسىز، ئەجەب ئەتىگەندىلا ئايىغىڭىز يېتىپتۇ؟

— بۈگۈن بايرام بولغاچ بالدۇرراق كەلدىم، ئەتىگەن 8 يېرىمدىلا ئۆيدىن چىققان.

— شۇنداقمۇ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى؟

— باشقا ئىش يوق. ئۇزاق بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، شۇڭا كېلىشىم.

— ئالايىتەن كەلگەندىكىن، ئويناپ مېڭىڭ.

— تاغام يوققۇ؟ يېڭىلىققۇ بۇ!

— بۈگۈن ئالاھىدە بىر يەرگە كەتتى...... تارماق ساقچى ئىدارىسىغا كەتتى. يېڭىلىقمىكەن؟

— ۋاي؟ نېمە ئىش بولدى؟

— يىل بېشىدا ئۆيىمىزگە كىرگەن ئوغرى تۇتۇلۇپتىمىش.

— ئۇنداقتا، سۈرۈشتۈرگىلى كېتىپتۇ-دە؟ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك.

— نەدىكىنى؟ يىتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالغىلى كەتتى. تۈنۈگۈن ساقچى كېلىپ، يىتكەن نەرسىلەر تېپىلدى، بېرىپ تونۇۋېلىڭ دېگەنتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ. بولمىسا تاغام ھەرگىزمۇ بۇنچە ئەتىگەن ئۆيدىن چىقمايتتى، ئادەتتىكى كۈندە ئۇ تېخى ئويغانمىغان بولاتتى.

— تاغىڭىزدەك ئۇخلايدىغان ئادەمدىن يەنە بىرى يوقمىكىن دەيمەن...... ئويغاتسىڭىز تېرىكىپ كېتىدۇ تېخى. بۈگۈن چوقۇم 7 دە ئويغىتىپ قويۇڭ دېگەنتى، ئەتىگەن ئويغىتىپ كىرسەم گەپ قىلماي يېتىۋالدى، ئەنسىرەپ يەنە ئويغاتتىم. قارىسام ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئەستىرىگە بېشىنى تىقىۋاپتۇ. ئۇنى نېمە دېسەم بولاركىنتاڭ!

— ئۇ نېمىشقا ئۇيقۇغا شۇنچە ئامراقتۇ؟ روھىي جەھەتتىن بەك چارچاپ كېتەمدۇ-يە؟

— نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ داۋاملىق ساراڭدەك خاپا بولۇپ يۈرىدۇ، ئۇ مەكتەپتە قانداقمۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىدىكىنتاڭ؟

— ئاڭلىسام مەكتەپتە مىجەزى بەك ياخشىكەن.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ چاتاق. ئۆيدە يولۋاس، سىرتتا پۈر-چاق ئۇيۇتمىسىكەنغۇ!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— نېمىشقىكىنتاڭ، ئىشقىلىپ ئۆيدە يولۋاش، تالاغا چىقى-سىلا پۈرچاق ئۇيۇتمىسى! ئۇنداق كۆرۈنمەمدىكەن؟

— ئۇ تېرىككەك بولۇپلا قالماي، ئوڭغا بۇرۇلۇڭ دېسىڭىز سولغا ماڭىدۇ. ئىشقىلىپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، بەكلا غەلىتە. تاغىڭىز جاھاندا بىر ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى قىلدۇرماقچى بولسىڭىز شۇ ئىشنىڭ قارشىسىنى دې-سىڭىز ئاندىن ئۇ ئىشنى بېجىرەلەيسىز. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا كۆنلۈك ئالدۇراي دەپ ئويلاپ، قەستەن «ئالمايمەن بولدى» دەپ تۇرۇۋالسام، ئۇ «نېمىشقا ئالمايسىز؟» دەپ دەرھال ئېلىپ بەردى.

— ھى - ھى - ھى...... بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن. مەنمۇ سىناپ باقاي.

— شۇنداق قىلىڭ، بولمىسا زىيان تارتىسىز.

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سوغۇرتا شىركىتىدىن بىرەيلەن كەلدىمۇ؟

— ھەئە، نېمە بولدى؟

— سوغۇرتا شىركىتىدىن كەلگەن كىشى ئۇنىڭغا «سور-غۇرتىغا قاتناشسىڭىز مۇنداق مەنپەئەتلىنىسىز، ئۇنداق پايدى-سى بار» دەپ بىر سائەتكە يېقىن سۆزلەپتۇ، لېكىن ھەرقانچە سۆزلىمۇ ئۇنى سوغۇرتىغا قاتناشتۇرالماپتۇ. ئۆيدە ئېشىنچا

پۇلمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بالىمىز بار، سوغۇرتىغا قاتناش-
ساق خاتىرجەم بولاتتۇق. لېكىن ئۇ قىلچە بىزنى ئويلىماي-
دۇ......

— شۇ ئەمەسمۇ! ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق! — دېدى يۈكى 80 ياشلىق مومايلاردەك سۆزلەپ.

— تاغىڭىز ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەم، ئۇ «سۇغۇرتىغا قاتنىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىمەن، زۆرۈر تېپىلغاندا قاتناشساقمۇ كېچىكمەيمىز، سۇغۇرتا شىركىتى بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ» دەپ تۇرۇۋالىدۇ، يەنە تېخى تەرسالىق قىلىپ «مەن تېخى هايات، شۇڭا سۇغۇرتىغا قاتنىشىشنىڭ كېرىكى يوق» دەيدۇ، — دېدى ئايال غوجايىن.

— تاغام شۇنداق دېدىمۇ؟

— هەئە، شۇنىڭ بىلەن سۇغۇرتا شىركىتىدىن كەلگەن كىشى «ئەگەر ئادەم ئۆلمىسە، سۇغۇرتىنىڭ لازىمى يوق. لېكىن ئىنسان شۇ قەدەر ئاجىز، بىلىپ-بىلمەي بەزى خەتەرلەرگە يولۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېيىشىگە تاغىڭىز «هېچقىسى يوق، مەن ئۆلمەسلىكنى قارار قىلدىم» دېدى. شۇنداقمۇ غەرەز ئۇقمىغان بارمۇ!

— هى - هى - هى، ئۆلمەسلىكنى قارار قىپتىمۇ؟ كۇلگۈمنى كەلتۈرمىگە، مەنمۇ ئىمتىهاندىن ئۆتۈشكە ئاللىبۇرۇن بەل باغلىغان، ئاخىر يەنىلا ئۆتەلمەي شاللىنىپ كەتتىم.

— سۇغۇرتا شىركىتىدىكى هېلىقى كىشىمۇ شۇنداق دېدى! ئۇ «هايات ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. ئەگەر مەڭگۈ قېرىماسلىققا بەل باغلايدىغان، ئۆلمەيدىغان ئىش بولسا ئىنسانلار ئۆلمىسە بولاتتى» دېدى.

— سۇغۇرتا شىركىتىدىن كەلگەن كىشى تاغامغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقڧاندا ئىش ئۇقىدىكەن.

— شۇنى دەڭە! لېكىن تاغىڭىز گەپ يېمەيدۇ. ئۇ تېخى «مەن جەزمەن ئۆلمەيمەن! مەن ئۆلمەسلىككە قەسەم قىلغان! مەن دېگەن ئەزىمەت!» دەپ جۆيلۈپ يۈرىدۇ.

— توۋا!

— توۋا! راستتىنلا توۋا دەيدىغان ئىش. ئۇ تېخى «سوغۇرتىغا پۇل تۆلىگەندىن كۆرە، پۇلنى بانكىغا قويغان تۈزۈك» دەيدۇ.

— ئۇنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى بارما؟

— نەدىكىنى!

— نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ! تاغامدەك ياشتىكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك ئادەمدىن يەنە بىرى يوق!

— قانداقمۇ بولسۇن! ئۇ دېگەن جاھاندا بىر!

— سۆزۈكى ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىپ باقامسىز يە؟ نەسىھەت قىلىپ قويسا، ئۇ سالماق ئادەم ئىكەن، شۇنداق خاتىرجەم ياشاۋاتقاندۇ ـ ھە؟

— لېكىن تاغىڭىز سۆزۈكى ئەپەندىنى ياقتۇرمايدۇ!

— ئۇنداقتا ھېلىقى...... نېمىتى...... مۇلايىم كىشى......

— ياگى ئەپەندىنى دېمەكچىمۇ؟

— ھە، شۇنى دېمەكچى.

— ئۇ بۇرۇن ياگى ئەپەندىگە ئالامەت قول قوياتتى. لېكىن تۈنۈگۈن مېتى ئۇنىڭ بىرمۇنچە يامان گېپىنى قىلىپ بەردى، ئېھتىمال ئۇنىڭغا دېگەن بىلەنمۇ پايدىسى بولماسمىكىن.

— ياگى ئەپەندى شۇنداق ياخشىغۇ! ئۇنىڭدەك مەرد، سالماق ئادەم كەم تېپىلىدۇ. ئۇ يېقىندا بىزنىڭ مەكتەپتە لېكسىيە سۆزلىدى تېخى.

— ياگى ئەپەندىما؟

— شۇنداق.

— ياكى سىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىڭلارما؟

— ياق، ئوقۇتقۇچى ئەمەس. بىراق «ئايالار بىرلەشمىسى» پات-پات ئۇنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە سۆزلىتىدۇ.

— ئۇ لېكسىيەنى قىزىقارلىق سۆزلەمدۇ؟

— ئۇنچىمۇ ئەمەس. ئۇ كىشى سۆلەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرگە خاس ساقال قويۇۋالغاچ، كۆپچىلىك ھۆرمەت قىلىپ ئاڭلىسا كېرەك.

— ئۇ نېمە توغرىسىدا سۆزلەيدۇ؟

ئايال غوجايىن سوئالنى سوراپ تۇرۇشىغا چىتلاق تامنىڭ سىرتىدا ئويناۋاتقان ئۈچ مەلىكە يۇكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

— ۋاھ، يۇكى ئاچام كەپتۇ! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى ئۇلار.

— ۋارقىرىماي جىم ئولتۇرۇڭلار! يۇكى ئاچاڭلار تازا قىزىق گەپ قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ئايال غوجايىن قولىدىكى يىڭنە-يىپ قۇتىسىنى تەكچىگە قويغاچ.

— يۇكى ئاچا، نېمە ھېكايە سۆزلەۋاتىسىز؟ مەن ئامراق ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىڭە، — دېدى ئاتسۇكو.

— مەنمۇ ھېكايە ئېيتالايمەن، — دېدى كەنجى خانقىز ئاچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن قىستۇرۇلۇپ كىرىپ.

ئۇنىڭ مەقسىتى ھېكايە ئاڭلاش ئەمەس، بەلكى ھېكايە ئېيتىش ئىدى.

— ھە؟ بوناۋامۇ سۆزلەمدۇ؟ — دېدى يۇكى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بوناۋا سەل تۇرۇپ سۆزلىسۇن! ئالدى بىلەن يۇكى ئاچاڭلار سۆزلەپ بەرسۇن! — دېدى ئايال غوجايىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوناۋا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ دەمسىلەر؟!

— ياق...... بولمايدۇ، — دېدى بوناۋا ۋارقىراپ.

— ۋاي بولدى، ئالدى بىلەن بوناۋا سۆزلىسۇن. قانداق ھې-كايە سۆزلەيسىز؟— دېدى يوكې ئۇنىڭغا يول قويۇپ.

— بۇرۇن بىر كىچىك بالا بولغانىكەن، ۋاي، كىچىك بالا، كىچىك بالا نەگە كەتتى؟

— قىزىقارلىقكەن! كېيىن نېمە بولدى؟

— ئۇلار ئېتىزلىقتا شال ئورۇغىلى مېڭىپتۇ!

— قالتىس!

— قوشۇق قاتسىڭىز مەن سۆزلىيەلمەيمەن.

— «قوشۇق قاتسىڭىز» ئەمەس «قوشۇق سالسىڭىز»، — دېدى ئاتسوكو يەنە ئېغىز غېرىچلاپ.

—بەس!

ئۇ بىر ۋارقىراپ ئاتسوكونى چۆچۈتۈۋەتتى. لېكىن ئاتسو-كو گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتكەچ بوناۋا ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ داۋاملاشتۇرالمىدى.

بوناۋا ھېكايە مۇشۇنچىلىكمۇ؟— دېدى يوكې.

— ھەي، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇسۇرۇقتەك گەپ قىلماڭ!

— ھى - ھى - ھى! كىمدىن ئۆگەندىڭىز بۇ سەت گەپنى؟

— ئايال خىزمەتكاردىن!

— ئەسكىلىكىنى ئۇنىڭ، مۇشۇنداق گەپنىمۇ ئۆگىتەمدۇ!— دېدى ئايال غوجايىن ئاچچىق كۈلۈپ، — خوش، ئەمدى نۆۋەت يو-كېغا كەلدى! بوناۋا ئەمدى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ!

بوناۋا پەقەتلا جىم ئولتۇرالمايۋاتاتتى.

— ياگى ئەپەندى مۇنداق دېدى، بۇرۇن بىر تۆت كوچا ئېغى-زىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان بۇت ھەيكىلى بار ئىكەن. ئۇ يەر ئاۋات

بازار بولغاچ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇتنىڭ ھەيكىلى يولنى
توسۇپ، كىشىلەرگە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ھەممەيلەن بۇ ھەيكەلنى چەترەك جايغا يۆتكەش توغرىسىدا باش
قاتۇرۇپتۇ.
— بۇ راست بولغان ئىشمىكەن؟
— ئۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقى توغرىسىدا توختالمىدى!
كۆپچىلىك نۇرغۇن چارىلەرنى ئويلاپتۇ. ئارىدىن بىر پالۋان چىد-
قىپ «بۇ ئىشنىڭ نەرى تەس، قاراڭلار ماڭا، بۇ تاش ھەيكەلنى
ئۆزۈملا يۆتكىۋېتەلەيمەن!» دەپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سې-
لىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ ھەيكەلنى
مىدىرلىتالماپتۇ.
— تاش ھەيكەل شۇنچە ئېغىرمىكىنە؟
— شۇنداق، ئۇ پالۋان پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپمۇ،
ھەيكەلنى مىدىرلىتالماي، خىجالەت بولۇپ كېتىپ قاپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن كىشىلەر يەنە مەسلىھەتلەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئارىدىن
بىر ئەقىللىك ئادەم «بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار! مەن سىناپ
باقاي» دەپتۇ - دە، تاماق قاچىسىغا پۇرچاق تورتى سېلىپ، تاش
ھەيكەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ «مەن تەرەپكە كەلگىن» دەپ، قولد-
دىكى پۇرچاق تورتىنى ھەيكەلگە كۆرسىتىپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق
قىلسام ھەيكەل چوقۇم قىلتاققا چۈشىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن.
لېكىن تاش ھەيكەل يەنىلا قىمىرلىماپتۇ. ئەقىللىك يىگىت بۇ
ئۇسۇلنىڭ ئاقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاراقنى يولغا تۆكۈپ، قو-
لىدا بىر قەدەھ ھاراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «ھوي، بىر قەدەھ كەل-
تۈرەيمۇ؟ ئىچكۈڭ بولسا ماۋۇ تەرەپكە كەلگىن» دەپ ئۈچ سائەت
يالۋۇرغان بولسىمۇ تاش ھەيكەل يەنىلا مىت قىلماپتۇ.
— يۈكې ئاچا! ئۇنىڭ قورسىقى ئاچماپتىما؟— دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سورىدى ئاتسوكو ئەجەبلىنىپ.

سۇمىكو «پۇرچاق تورت يەيمەن» دەپ غەلۋە قىلىۋىدى، ئا-يال غوجايىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

— ئەقىللىك ئادەم ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كې-يىن، يالغان پۇل ياساپ، ئۇنى تاش ھەيكەلنىڭ ئالدىدا پۇلاڭشى-تىپ «ھوي، لازىممۇ! لازىم بولسا بۇياققا كەل» دەپ ۋارقىراپتۇ، لېكىن بۇ ئۇسۇلمۇ ئاقماپتۇ. تاش ھەيكەل بەك جاھىل ئىكەن.

— شۇنداق، تاغىڭىزغا ئوخشاپ قالىدىكەن.

— شۇنداق، تاغامغا ئوپمۇئوخشاش. ئاخىر ئەقىللىك ئادەم-مۇ يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كەينى-دىن بىر ماختانچاق كېلىپ: «مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈڭلار، مەن ئۇنى ھازىرلا قايىل قىلىمەن» دەپتۇ.

— ماختانچاق نېمە ھۈنەر ئىشلىتىپتۇ؟

— بەك قىزىق ئىش قىپتۇ، ئۇ ساقچىنىڭ كىيىمىنى كى-يىپ، يالغان بۇرۇت چاپلاپ تاش ھەيكەلنىڭ يېنىغا كېلىپ «ھوي، ھوي! سەن قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلدىڭ، يەنە مىدىرلى-ماي تۇرۇۋالىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! ساقچى-لارنى كۆزگە ئىلمىساڭ بولمايدۇ!» دەپ ھەيۋە قىپتۇ، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كىممۇ ساقچىنىڭ ئۇنداق گەپلىرىگە پەرۋا قىلسۇن دەيسىز؟

— شۇ ئەمەسمۇ، تاش ھەيكەل مىدىرلىمىغاندۇ؟

— مىدىرلامتى؟ ئۇ تاغام بىلەن ئوخشاش تۇرسا.

— لېكىن تاغىڭىز ساقچىدىن بەك قورقىدۇ!

— ھوي، شۇنداقمۇ! تاغام ساقچىدىن قورقىدىكەن - دە...... تاش ھەيكەل ئاۋۋالقىدەكلا مىت قىلماپتۇ. بۇ چاغدا ھې-لىقى ماختانچاق ساقچى كىيىمىنى سېلىپ، چاپلىغان ساقال-

بۆرۆتنى تاشلاپ، بايۋەچچىلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، تاماكىـ
نى قىڭغىر چىشلەپ، تاماكا چەككەچ تاش ھەيكەلنىڭ ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.

— بۇ يەنە نېمە قىلغىنىدۇ؟

— تاماكىنىڭ ئىسىدا ئۇنى ئىسلاي دېگەندۇ؟!

— ئۆزى بىلەن ئۆزى قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ تاـ
ماكىنىڭ ئىسىدا ئۇنى يوشۇرۇپ قويالايدىغاندەك؟

— ياق! ئۇ دېگەن تاش تۇرسا! ئالداش چەكتىن ئېشىپ كەتـ
سىمۇ بولماس. كېيىن ئۇ يەنە شاھزادىنى دورىغىلى تۇرۇپتۇ.
نېمىدېگەن بىمەنە.

— توۋا! شاھزادىنى دوراپتىما؟

— ھەئە، ياگى ئەپەندىم شۇنداق دېدى. ھېلىقى كىشى شاھـ
زادىدەك ياسىنىپتۇ. گەرچە يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرسىمۇ، يەنىلا
بىلگىنىنى قىپتۇ، پوچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىـ
غان خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىدىكىنا؟

— شاھزادە دېگەنبىلەن زادى قايسى شاھزادىكەن؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟

— شاھزادىغا ئايلانسىمۇ ئىش ئەپلەشمەپتۇ، پوچىلىقى ئاقـ
ماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇتتۇرغانلىقىغا تەن بېرىپ: «بۇ گۇمـ
پام بىلەن تاش ھەيكەلگە تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن» دەپتۇ.

— خوپ بوپتۇ!

— شۇنداق، كىشىلەر ئەسلىي ئۇنى جازالايلى دەپتىـ
كەن...... لېكىن كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى
بولمىغاچ بولدى قىلىپ، يەنە باشتىن مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ؛
لېكىن ھېچكىمنىڭ بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلغۇسى كەلمەي بۇ
ئىشتىن ۋاز كېچىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىپتىمۇ؟
— داۋامى بار، ئەڭ ئاخىر كىشىلەر تاش ھەيكەلنى جىنلە قىلىمىز دەپ، كوچىدىكى ھامىمال ۋە بىكار تەلەپلەرنى تاش ھەيكەلنىڭ چۆرىسىگە يىغىپ ۋارقىرىتىپتۇ، ئۇلار «سەن بۇ يەردە تۇرساڭ بولمايدۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر كېچە ۋارقىراپ چىقىپتۇ.
— تازا جاپا تارتىپتۇ!
— بۇ ئۇسۇلمۇ كار قىلماپتۇ. تاش ھەيكەل تازىمۇ بىر مىت قىلمايدىغان بەزكەن.
— ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟— دەپ سورىدى ئاتسوكو قىزىقىپ.
— ھەرقانچە ۋارقىراپ پاراكەندىچىلىك سالغان بىلەنمۇ تاش ھەيكەلگە كار كەلمەپتۇ. لېكىن ھامىمال ۋە بىكار تەلەپلەر كۆنلۈك ھەق تالىشىپ، ۋارقىراپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ يۈرۈپتۇ.
— يوكې ئاچا! «كۆنلۈك ھەق» دېگەن نېمە؟
— كۆنلۈك ھەق دېگەن كۈندە ئىشلىگەنگە بېرىلىدىغان ھەق.
— پۇلنى ئالسا نېمە ئىشقا ئىشلىتىدۇ؟
— پۇلنى ئالسا...... ھى - ھى - ھى! سۈمىكو تازىمۇ كەپسىز كەن جۇمۇ يەڭگە. ئۇلار كېچە - كۈندۈز ۋارقىراپ چىقىپتۇ. شۇ كوچىدا بىر ساراڭ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئاجۇ ساراڭ» دەپ چاقىرىدىكەن. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوقكەن. ئۇلارنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاجۇ ساراڭغا قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ بۇ قايسى زامان دېمەي ھەيكەلگە قاراپ ۋارقىراپ يۈرەمسىلەر؟ نېمە دېگەن بىچارە» دەپتۇ.
— ساراڭلىقىغا باقماي خېلى توغرا گەپ قىلىدىكەن - ھە!

— ئۇ خېلى يامان ساراڭكەن! ھەممەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «سەن ۋارقىراپ سىناپ باقە» دەپتۇ، ساراڭ كۆپ ئويلاشمايلا ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئۇ ھامىمال ۋە بىكار تەلەپلەرنى بېسىقتۇرۇپ: «قالايمىقان ۋارقىرىماي ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار»دەپتۇ - دە، ئۆزى ئاستا لەيلەپ ھەيكەلنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— يۇكىي ئاچا! «لەيلەپ» دېگەن ساراڭ ئاجۇنىڭ دوستىما؟— دەپ سورىدى ئاتسوكو ناھايىتى ئەستايىللىق بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايال غوجايىن بىلەن يۇكىي كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نەدىكىنى، دوستى ئەمەس.

— ئۇنداقتا نېمىسى؟

— «لەيلەپ» دېگەن...... ۋايجان! چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن.

— «لەيلەپ» دېگەن «چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپمۇ؟

— ياق «لەيلەپ» دېگەن......

— ھە؟

— ھەي، سىز تاتارا ئەپەندىنى بىلەمسىز؟

— تاتارا دېگەن «لەيلەپ» دېگەن سۆزما؟

— ھە، شۇنداق...... شۇنىڭ بىلەن ساراڭ ئاجۇ ھەيكەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن «كوچىدىكى ھەممەيلەن سىزنى ئورنىدىن يۆتكەلسىكەن دەيدۇ، شۇڭا بىر يۆتكىلىپ بېرىڭە؟» دېيىشىگە ھەيكەل زۇۋانغا كىرىپ: «شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولىدىغان بولسا ماڭا بۇرۇنراق ئېيتسا بولماسمىدى؟» دەپتۇ.

— ئەجەبمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھەيكەلكىنا بۇ؟

— ئەمدى نۇتۇق ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي.

— ھېكايە تېخى تۈگىمىدىما؟

— ياق تېخى، ياگى ئەپەندى يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈن ئا-يااللار يىغىلىغاندا مەن ئاالايىتەن بۇ ھېكايىنى سۆزلىشىمدە مە-لۇم سەۋەب بار. دېسەم ئەدەپسىزلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاياللاردا مۇنداق بىر نۇقسان بار، ئاياللار بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئالدىغا قاراپ ماڭماي، ئەگىپ ماڭىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق ئەھۋال ئاياللار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مىڭجى يىللىرىدا مەدەنىيەتنىڭ يامان تە-سىرىگە ئۇچراپ، ئاياللاردەك بولۇپ قالغان ئەرلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا تايىنى يوق ئىشلار ئۇچۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى خورىتىپ، تېخى بۇنى ‹ھەقىقىي قائىدە› دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت مىزانى قىلغان، بۇنداق ئادەملەر شۇ زامانلاردا خېلى كۆپىيىپ قالغان. ئاياللار بايىقى ھېكايىنى يادىدا چىڭ ساقلىشى زۆرۈر، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا، ئاجۇ ساراڭدەك كەسكىن بىر تەرەپ قى-لىشنى بىلىشى كېرەك. ھەممەيلەن ئاجۇدەك بولساق ئۇنداقتا ئەر بىلەن ئايال، قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى نۇر-غۇن ئۇقۇشماسلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بىر ئىشلارنى بەك زى-غىرلاپ كېتىدىغان ئادەم ئۆزىگە ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالى-دۇ. كۆپ سانلىق ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بەختسىز، بۇنىڭ ئا-ساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئىچى تار كېلىدۇ. خوش! ھەممىڭلار ساراڭ ئاجۇدەك بولۇڭلار!»

— ھە؟ يوكى ئاچا سىزنىڭ ئاجۇدەك بولغۇڭىز بارمۇ؟

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، ياگى ئەپەندىنىڭ دېگەن-لىرى ئورۇنلۇق بولغان بىلەن، مېنىڭ ئاجۇ ساراڭدەك بولغۇم يوق. كانىدا ئائىلىسىدىكى باي خېنىم ياگى ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئۇنىڭ گېپى بەك ئېشىپ كەتتى!» دەپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— كانىدا ئائىلىسىدىكى باي خېنىم؟ ئۇدۇلدىكى قورۇدىكى خانقىز شۇمۇ؟

— شۇنداق، ھېلىقى مودا خانقىز شۇ.

— ئۇمۇ سىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

— ياق. ئايالالار يىغىنى بولغاچ ئاڭلىغىلى كەپتىكەن. قالتىس ياسىنىپ كەپتۇ.

— شۇ، ئۇنى ياسىنىشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ دەيدۇ.

— قارىسام شۇنداقتەك تۇرىدۇ، لېكىن ئۆزى ئۇنچىۋالامۇ ئەمەس ئىكەن، باشقىلارغا قارىغاندا ئۇپىنى كۆپرەك سۈرتىدىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ! يۈكې ئاچا، سىزمۇ ئۇنىڭدەك ياسانسىڭىز ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كېتىسىز.

— ھە، نەدىكىنى...... مەنمۇ بىلمىدىم. بىراق كانىدا خانقىز بەكلا ياسالما، گەرچە ئۇنىڭ پۇلى بولسىمۇ.

— توغرا دېدىڭىز، ئەگەر ئۇنىڭ مىجەزى ئاجۇغا ئازراق ئوخشىغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئاڭلىسام يېقىندا بىر شائىر ئۇنىڭغا بىر شېئىرلار توپلىمى سوۋغا قىپتىكەن، ئۇ كۆرگەنلا ئادەمگە شۇ گەپنى دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

— يۈكې، ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز بارمۇ؟— دېدى ئايال غوجايىن يۈكېغا كۈلۈمسىرەپ.

— نەدىكىنى! سايىسىمۇ يوق تېخى!

چۈشەنمىسىمۇ چۈشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتقان ئاتسوكو تۇيۇقسىزلا:

— مېنىڭ ئەرگە تەگكۈم بار، — دېدى.

ئۇنىڭ يۈرەكلىك ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ يۈكېمۇ ھەيران قالدى. ئايال غوجايىن ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ئەرگە تەگكۈڭىز بارمۇ؟

— مېنىڭ ئەسلىي «روھ چاقىرىش ئورنى» غا تەگكۈم بار ئىدى، ھېلىقى كۆۋرۈك بېشىمغا بىر غەم بولدى.

يۈكى بىلەن ئايال غوجايىن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە گېپىنى سەل ئېشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. قايتا سوئال سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى، چۈنكى ئۇلار كۆلۈپ تېلىقىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرانچى خېنىم سۆمكو ئاچىسىغا بوشقىنە:

— ئەسلىي سىزمۇ «روھ چاقىرىش ئورنى» غا ئامراق ئىدىكەنسىز - دە؟ مەنمۇ شۇنداق ئامراق. ئىككىيلەن بىللە تېگەيلى بولمىسا! نېمە؟ ياق دېدىڭىزما؟ ئۇنداق بولسا مەن ئۆزۈم ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تېزرەك بارسام بولغۇدەك.

— بوناۋامۇ باردۇ!

ئاخىر بوناۋامۇ «روھ چاقىرىش ئورنى» غا تېگىدىغان بولدى. مىياۋ! ئەگەر ئۈچەيلەن ئۇ جايغا ياتلىق بولسا، غوجايىن بۇ ئۈچ يۈكتىن قۇتۇلار ئىدى.

— ۋاي! يۈكىكەنغۇ!

غوجايىن شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى هاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى چاسا مەشىنىڭ يېنىغا تاشلىدى. ئۇ نەرسە هاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشىغىنى بىلەن، هاراق بوتۇلكىسى ئەمەس ئىدى. مۇنداق بىر قارىسا تەشتەككىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. ئىشقىلىپ، غەلىتە بىر ساپال بۇيۇم ئىدى. مەن تەسۋىرلەپ بېرەلمىگەچ، مۇشۇنداق ئاتاپ قويدۇم.

— غەلىتە هاراق بوتۇلكىسىكەنغۇ؟ مۇشۇنى ساقچىخانىدىن ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى يۈكى ئۆرۈلگەن نەرسىنى رۇسلىغاچ تاغىسىدىن.

— قانداق، شەكلى چىرايلىقمىكەن؟— دېدى غوجايىن

پەخىرلەنگەن قىياپەتتە.
— شەكلى چىرايلىقمىكەن؟ ئاشۇ نەرسىنىڭما؟ ئۇنداق ئەمەسكەن، ماي قاچىسىغا ئوخشايدىكەن، ئۇنى نېمە قىلىسىز؟
— نەدە ماي قاچىسىغا ئوخشىسۇن؟ نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، كىچىك بالا دېگەن ئىش بىلمەيدۇ - دە.
— ئۇنداقتا بۇ زادى نېمە؟
— تەشتەكما؟
— تەشتەكمىكىن دېسەم ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ تۇرىدۇ.
— شۇنداق ياخشى نەرسە بۇ! سىزنىڭمۇ يەڭگىڭىزدەك دىتىڭىز يوقكەن!
غوجايىن ماي قاچىسىنى ئېلىپ، قەغەز توسۇق تەرەپكە قاراپ تۇردى.
— مەن دېتىسىز ئەمەس. ئىشقىلىپ، مەن ساقچىخانىدىن ماي قاچىسى كۆتۈرۈپ كەلمەيمەن، شۇنداقمۇ يەڭگە؟
ئايال غوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە چولىسى يوق، سومكىنى ئاختۇرۇپ يىتكەن نەرسىلەرنى ئىزدەۋاتاتتى.
— ئالامەت ئىشقۇ بۇ! هازىرقى ئوغرىلار نېمانداق يامان! ھەممە نەرسىنى سۈكۈۋېتىپتۇ، ھەي بۇنىڭغا قاراڭ دەيمەن.
— نېمە دەپ ساقچىخانىدىن بۇ ماي قاچىسىنى ئېلىپ كەلگۈدەكمەن؟ ساقچىخانىدا ساقلاپ زېرىكىپ، شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردۈم. شۇ ئارىدا بۇ نەرسىنى يەرنى كولاپ تېپىۋالدىم. سىلەر ئۇقمايسىلەر، ئۇ دېگەن ئېسىل نەرسە.
— شۇنداقمۇ؟ تاغا، سىز قەيەرنى ئارىلاپ كەلدىڭىز؟ بۇ نەرسىنى زادى نەدىن تاپتىڭىز؟
— قەيەردىن بولاتتى، ياپونىيە چېگراسى ئىچىدىن بولماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ؟ يوشىخارانى ئايلاندىم، ئۇ جاي بەك ئاۋاتكەن! سىز يوشىخارا تۆمۈر ئىشىكىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ كۆرۈپ باقمىغان ھەقىچان!

— نەدە تۇرۇپ كۆرەي ئۇ يەرنى؟ يوشىخارا دېگەن پەس ئايال-لار ياشايدىغان يەر، ئۇ يەرنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ تاغا ئو-قۇتقۇچى تۇرۇپ ئۇ يەرگە نېمىگە بارىدىكىنىز ئادەمنى قورقۇتۇپ. شۇنداقمۇ يەڭگە!

— قارىسام سانى كەمدەكلا يىتكەن نەرسىلەرنىڭ، ئاران مۇشۇما؟

— ياق، يەنە تاتلىقياڭيۇمۇ بار. توققۇزغا ئۆلگۈرۈپ بېرىڭ دېگەن، 11 غىچە ساقلىدىم، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ شۇڭا دەي-مەنغۇ، ياپونىيە ساقچىلىرى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى دەپ.

— ياپونىيە ساقچىلىرىنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى دېگە-نىڭىز بىلەن، ئۆزىڭىزمۇ يوشىخارادا چۆرگۈلەپ يۈرۈپسىز، بۇ-مۇ تازا قاملاشماپتۇ. بۇ گەپ تاراپ كەتسە خىزمىتىڭىزدىن ئايرى-لىپ قالىدىغان گەپ! شۇنداقمۇ، يەڭگە!

— ھوي، مېنىڭ ھېلىقى بەل پويىزامنىڭ بىر يۈزى كەم تۇرىدىغۇ!

— بەل پويىزامنىڭ بىر يۈزى يوق؟ نېمە دەيدىغانسىز؟ قو-يۇڭە ئۇ گەپنى، ئۇ يەردە ئۈچ سائەت ساقلاپ، قىممەتلىك يېرىم كۈنۈم ھارام بولدى.

غوجايىن شۇنداق دېگەچ كىمىنونى كىيىۋېلىپ، مەشكە يېقىن كېلىپ، ماي قاچىسىغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇردى. ئايال غوجايىنمۇ بولدى قىلاي دەپ ئويلىدى بولغاي، قايتۇرۇپ ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئىشكاپقا سېلىپ قويۇپ، جايىغا قايتىپ ئولتۇردى.

— يەڭگە! تاغام بۇ ماي قاچىسىنى ئەتىۋارلىق بۇيۇم

دەيدۇ، قاراڭ مەينەتلىكىنى.

يوشىخارادىن ئاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ۋاي تووۋا......

ـــ ۋاي، نېمە بولدى! ھەقىقىي ئەھۋال تېخى ئاشكارىلانمىدى.

ـــ ئۇ قاچىنى يوشىخارادىن ئالمىسىمۇ ھەممە يەردە ساتىدۇ!

ـــ ناھايىتى ئەپسۇس، باشقا يەردە يوقكەن! ئۇ ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان نەرسىكەن.

ـــ تاغا، سىز راستتىنلا ھېلىقى تاش ھەيكەلگە ئوخشاپ قالدىڭىز.

ـــ كىچىك تۇرۇپ خېلى گېپىڭىز چوڭكەن - ھە، سىز - نىڭ!" ھازىر قىزلار گەپ - سۆزگە پەقەت دىققەت قىلمايدىكەن! «قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز بولغۇدەك.

ـــ تاغا، يەڭگەمنىڭ دېيىشىچە سىز ئۆمۈر سوغۇرتىسىغا قاتنىشىشنى رەت قىپسىز، قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ئۆمۈر سو - غۇرتىسىدىن قايسىسىغا بەكرەك ئۆچ؟

ـــ «سوغۇرتا»نى يامان دېمىدىم، ئۇنىڭغا قاتنىشىش زۆرۈر. كەلگۈسىنىڭ غېمىنى يېگەن ئادەم سوغۇرتىغا قاتناشسا بولىدۇ. لېكىن قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز نېمىلەر.

ـــ كېرەكسىز بولسا بولمامدۇ! لېكىن سىز تېخى سو - غۇرتىغا قاتناشمىدىڭىز - دە!

ـــ كېلەر ئاي قاتناشماقچى.

ـــ راستما؟

ـــ راست.

ـــ بولدى قىلىڭا! سوغۇرتىغا قاتنىشىپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇنىڭغا قاتناشقاندىن كۆرە بىرەر نەرسە ئالغىنىڭىز تۈزۈك! شۇنداقمۇ يەڭگە!

ئايال غوجايىن كۆلۈپ قويدى. لېكىن غوجايىننىڭ چىرايى تۈتۈلۈپ كەتتى.

— كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ؟ ئەقلىڭىز گە تولغاندا سۇغۇرتىغا قاتنىششىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىسىز. كېلەر ئاي چوقۇم سۇغۇرتىغا قاتنىشىمەن.

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆنلۈككە خەجلىگەن پۇلنى سۇغۇرتىغا خەجلىگەن بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاركەن. ئالمايمەن دېسەم زورلاپ ئېلىپ بەردىڭىز.

— راستتىنلا ئالغۇڭىز يوقمىتى؟

شۇنداق، كۆنلۈكنى چوڭ بىلمەيتتىم.

— ئۇنداق بولسا ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ. ئاتسوكونىڭ ئىشلەتكۈسى بار ئىدى، شۇنىڭغا بېرەي! بۈگۈن ئېلىپ كەلگەنسىز!

— بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭىزمۇ ـ قانداق؟ نېمانچە پىخسىق سىز، ئاران تەستە ئېلىپ بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالامسىز؟

— ئۆزىڭىز لازىم ئەمەس دېگەچكە قايتۇرۇپ بېرىڭ دېدىم! قانداقلارچە پىخسىقلىق قىلغان بولىمەن؟

ئايال غوجايىنغا قارىغاچ، جىيەن قىزىغا ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئوغرىلىقچە كۆلۈپ قويدى.

— مەنغۇ لازىم ئەمەس دېدىم. لېكىن سىز بەكلا پىخسىقكەنسىز.

— قالايمىقان جۆيلۈمىگە! سىز لازىم ئەمەس دېگەچ مەن قايتۇرۇپ بېرىڭ دېدىم، نەدە پىخسىقلىق قىپتىمەن؟

— لېكىن......

— نېمە لېكىن......

— لېكىن...... شۇ پىخسىقكەنسىز.

— نېمە ئەقلى كەمتۈك ئادەمدەك بىر سۆزنى تەكرارلاۋې-رىسىز؟

— تاغا، سىزمۇ بىر گەپنى تەكرارلاۋەردىڭىزغۇ؟

— بىر گەپنى تەكرار دەۋەرسىڭىز ماڭا نېمە ئامال؟ بايا تې-خى كۆنلۈكنىڭ لازىمى يوق دېمىدىڭىزمۇ؟

— لازىمى يوق دېگىنىم بىلەن، سىزگە قايتۇرۇپ بەرگۈم يوق.

— نېمانداق غەلىتە گەپ بۇ! مەكتەپتە سىلەرگە لوگىكا دەرسى سۆزلەنمەمدۇ؟

— بولدى! مەن تۈزۈك تەربىيە ئالمىغان. نېمە دېسىڭىز دەڭ، بېرىپ بولغان نەرسىنى قايتۇرۇۋالىمەن دەيسىز! يات ئادەم-مۇ بۇنداق گەپ قىلمايدۇ. ئاجۇ ساراڭغا ئازراق بولسىمۇ ئوخشى-سىڭىزچۇ كاشكى!

— مېنى نېمە ئۆگەن دەيسىز؟

— ئادىللىقنى، مەردلىكنى ئۆگەنسۇن دەيمەن!

— سىز نېمانداق جاھىل ھەم دۆت، شۇڭىمۇ سىنىپ كۆ-چەلمەي يۈرۈپسىز.

— سىنىپ كۆچەلمىسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سىزدىن ئو-قۇش پۇلى سورىمىغاندىكىن.

يۇكى سۆزلەۋېتىپ، كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولدى-دە، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ كەتتى.

قىز بالا بۇنداق ئۆۋالچىلىق تارتىپ يىغلىسا بەك بىچارە بولۇپ قالىدىكەن. يۇكى خىجىل بولۇپ يىغلاپ كەتكەچ، غوجا-يىن گەپنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ئايال خىزمەتكار ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ، قى-زىرىپ كەتكەن قولىنى ئىشكتىن چىقىرىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مېھمان كەلدى، — دېدى.
— كىم كەلدى؟— دېدى غوجايىن.
— ئوقۇغۇچىڭىز كەن، — دېدى ئايال خىزمەتكار يىغلاۋاتقان يۈكېغا قاراپ.
غوجايىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئىنسانلارنى زىيارەت قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن غوجايىنغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئىنسانلارنىڭ غەلىتە ئىدىيەلىرىنى تەتقىق قىلىشتا پەيتنى ئۇبدان تاللىغان بىلەن بولمايدۇ. ئادەتتە ئادەملەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئاددىي. لېكىن مۇھىم پەيتتە، ئادەتتىكى ئىشلار تۇيۇقسىزلا سىرلىق رول ئويناپ قالىدۇ. غەلىتە، سىرلىق ئىشلار، يالغان سۆزلەر، ئادەتتە يولۇقمايدىغان مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. يۈكېنىڭ يىغىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. قىزلارنىڭ ياش بېزى ئالاھىدىمىكىن دەيمەن، يىغلىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغىمۇ يىغلاپ پاراكەندە بولىدىكەن. ئۇلار ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكىدىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئايال غوجايىن بىلەن پاراڭلىشىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن، غوجايىن بىلەن گەپ تاكاللىشىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كېتىشىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. بۇنداق ئەھۋال جاھاندىكى قىزچاقلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ، پەقەتلا ئالدىراپ ئىپادىلەنمىسە كېرەك. ياق! كۈندە يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن خاپا بولۇپ يۈرىدىغان غوجايىنىمدا بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. مىياۋ...... غوجايىنىم بىلەن بىللە يۈرگەن ئادەم نەگىلا بارسا ئۆزىنى ناھايىتى ئۇبدان كۆرسىتەلەيدۇ. مۇشۇنداق قىزىقارلىق بىر ئادەمنىڭ ماڭا غوجايىن بولۇپ قالغانلىقىنى تەلىيىم دەپ بىلىمەن، ھايات مۇساپەمدە، گۈزەل ئەسلىمىلەر قالدى. مىياۋ...... بۇ مېھمان نېمىدەپ كەلگەندۇ ئەمدى؟

قارىسام، كەلگەن مېھمان 17 ــ 18 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، يۈكى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىكەن. ئۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ چېچىنى قىسقا ياسىتىۋالغانىدى، بۇرنى ئالامەت يوغان بولۇپ يۈزىنى بىر ئالغانىدى. خاپان بېشى چېچىنى چۇشۇرۇۋەتسىمۇ كىچىكلەپ قالىدىغاندەك ئەمەس، ئەگەر ئۇ غوجايىنىدەك چاچ قويۇۋالىدىغان بولسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ تارتىدىغۇ دەيمەن! غوجايىن بېشى يوغان ئادەم قاپاقباش كېلىدۇ دەيدىغان. بۇ گەپمۇ خېلى تۇغرىدەك قىلىدۇ. بۇ مېھماننىڭ كىيىنىشى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلەنمەيتتى. گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن تونىچە كىيىمىنىڭ يېڭى قىسقا بولۇپ، ئۇچىسىغا ياراشقاندەكمۇ ئەمەس، ئىچىگە مايكا كىيگەندەك قىلمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ كەڭ تونىنى كىيىپ، پۇتىغا ئاياغمۇ كىيمىگەنىدى، ئېھتىمال بۇمۇ بىر ئۆزگىچە كىيىنىش ئۇسلۇبى بولسا كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچى كىشىگە بىر خىل ئازادە كىيىنگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ ئۆزۈن شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېتىپ ئولتۇردى. ئەگەر ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق قورقۇنچاق بولسا، بۇنداق ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرغىنىغا ھەيران قالمىساقمۇ بولاتتى، لېكىن بۇ ياۋايى ئەبلەخنىڭ بۇنداق تەمتىلەپ ئولتۇرۇشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. كوچىنى بېشىغا كىيىدىغان بۇ تازچاقنىڭ قائىدە ئۇقماي تۇرۇپ، يەنە تېخى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشى كىشىگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. سىنىپنى، مەيداننى بېشىغا كىيىدىغان بۇ ئاداش قانداقلارچە ئۆزىنى شۇنچە بېسىۋېلىپ ئولتۇرالىغاندۇ؟ مىياۋ...... نېمىدېگەن بىچارىلىك! نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئىش!

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى، غوجايىنىنىڭ ئىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـكاسى ئاستا بولغاچ، ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان-دەك كۆرۈنەتتى. مىياۋ...... لېكىن غوجايىن چوقۇم كۆرەلەپ كەتتى.

— قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭ، — دېدى غوجايىن سىلىنچىنى تارتىپ.

ئۇ خىجىللاپ قويۇپ، مىدىر قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ سې-لىنچىغا ئۆچ ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بوۋىسى-نىڭ نەزىرىسىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن باشقا چاغدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ باقمىغان. گەرچە ئۇنىڭ پۇتى ئاللىبۇرۇن ئۇيۇشۇپ، بىئارام بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن سىلىنچىدا ئولتۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى غوجايىن ئۇنى زورلاپ.

ئەمما ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. تازىمۇ بىر گەپ يېمەيدىغان ئا-داشكەن بۇ. ئۇنداق تۇزۇت قىلىدىغان ئۇ ئادەم، ئادەم كۆپ يەردىمۇ، مەكتەپتىمۇ، سىرتتىمۇ ئازراق تۇزۇتلۇك بولسا بولمامدۇ؟ تۇ-زۇت قىلىدىغان چاغدا تۇزۇت قىلماي، تۇزۇت قىلمايدىغان چاغدا ئۆزى بىلەن ئۆزى يالغان تۇزۇتلۇك بولۇۋېلىپ نېمە قىلىدۇ؟ تا-زىمۇ مەدەنىيەتسىزلىك - تە، بۇ؟ بۇ تازچاق دۇرۇس ئادەمدەك قىلمايدۇ جۇمۇ!

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىكى قەغەز ئىشىك «غارت» قىلىپ ئېچىلدى. يۈكىي بىر پىيالە چاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ تازچاققا سۇندى. ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىت بولىدىغان بولسا بۇ تازچاق زاڭ-لىق قىلىپ، بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلغان بولاتتى. لېكىن ھازىر غوجايىنغا قاراپ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئولتۇرغاچقا، مەكتەپتە ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە يۈكىينىڭ چاي تۇتۇش ھەرد-كەتلىرىگە قاراپ تېخىمۇ ئولتۇرالماي قالدى. يۈكىي ئىشىكنى

ياپقاچ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى. تەڭ دېمەتلىك دېگەن بىد-
لەن قىز بالا يەنىلا يامان كېلىدىكەن. تازچاقچا قارىغاندا يۈكى
خېلىلا يۈرەكلىك ئىدى. بايا ئازراق يىغلىغان بولسىمۇ هازىرقى
كۈلۈمسىرىشى بىلەن يەنىلا يېقىملىق كۆرۈندى. مىياۋ! پېقىر
مۈشۈك قىزلارنىڭ ياش بېزىنىڭ ئىقتىدارىغا قول قويماي تۇ-
رالمايمەن، نېمىدېگەن ئۆزگىرىشچان-هە!

يۈكى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىسى گەپ قىلماي
بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق! ئاخىر
غوجايىن ئېغىز يېرىپ گەپ باشلىدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— هۇرىندو.

هۇرىندو؟ هۇرىندو دېگەن نېمە؟ ئىسمىمۇ؟

— هۇرىندو تاكىشىمى.

— هۇرىندو تاكىشىمى! ئالامەت ئۇزۇن ئىسىمكەن، بۇ كونا
ئىسىم، هازىر بۇنداق ئىسىم يوق. 4-يىللىقتىمۇ؟

— ياق.

— 3-يىللىقتىما؟

— ياق، 2-يىللىقتا.

— ئا سىنىپتىما؟

— ب سىنىپتا.

— مەن ب سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى، — دېدى غوجا-
يىن هاياجانلىنىپ.

بۇ كونا ئىسىملىك قاپاقباش غوجايىنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى
ئىكەن، ئۇ قانداق بولۇپ بۇ ئۆيگە ئۇسۇپ كىرگەندۇ؟ ئادەمنىڭ
خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىش-تە، بۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئو-
قۇغۇچى دېگەن مەيلى يىلنىڭ بېشى بولسۇن ياكى ئاخىرى بول-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇن پەقەت ئاياغ باسمايدۇ. بۇلارنى ئۇيلاپ غوجايىن بىرئاز جىد-دىيلەشتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرىندو تاكىشىمى ئىسىم-لىك ئوقۇغۇچىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمە مەقسەت، مۇددىئا بىلەن بۇ ئۆيگە كەلگىنىنى بىلەلمەي، غوجايىن سەل پاراكەندە بولدى. شۇنچە ئويلىسىمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. ھۆرىندو تاكىشىمىنىڭ تۇرقىغا قارىسىمۇ، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلدۈر-غاندەك قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غوجايىن ئامالسىز ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوينىغىلى كەلدىڭىزمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى؟

— ھەئە.

— مەكتەپ توغرىسىدىمۇ؟

— سىزگە دەيدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى...... شۇ......

— ھە، نېمە ئىشتى؟ تېز ئېيتىڭ!

ھۆرىندو تاكىشىمى يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولمىش ھۆرىندو تاكىشىمى مەكتەپتە گەپكە خېلى يامانلاردىن سانىلات-تى. لېكىن ئۇ ئىشىكتىن كىرگەندىن تارتىپ كېكەچتەك گې-پىنى تاپالماي يۈرگىنىدە چوقۇم بىر سەۋەب بار. بۇنى تۇزۇت قىلدى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولمايدۇ، غوجايىنىنىڭمۇ سەل بېشى قاتتى.

— گەپ بولسا تېزرەك ئېيتمامسىز؟

— دېمەك تەس كېلىۋاتىدۇ......

— دېمەك تەس كېلىۋاتىدۇ؟

غوجايىن چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، ھۇرۇندو تاكىشىمى-نىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى. ئۇ يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇۋالغاچ ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمەك مۇشكۇل ئىدى. غوجايىن تەلەپپۇزىنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ:

— خوش، قانداق گەپ بولسا دېسىڭىز بولىدۇ، بۇ يەردە يات ئادەم يوق، مەنمۇ گېپىڭىزنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەيمەن.

— دېسەم بولامدۇ؟— دېدى ئۇ ئىككىلىنىپ.

— ھېچقىسى يوق! دەڭ! — دېدى غوجايىن بۇ گەپنىڭ سى-رىنى بىلەلمەي.

— ئۇنداق بولسا دەي! —دېدى تازچاق قىسماق كۆزلىرى بىلەن غوجايىنغا ئۈمىدلىك بېقىپ.

غوجايىن پۈتىنى ئالماپ، تاماكىسىنى پۈۋلەپ، ئاستا بې-شىنى بۇرىدى.

— راستىنى ئېيتسام...... بۇ تازىمۇ بىر چاتاق ئىش.

— نېمە ئىش؟

— نېمە ئىش؟ باش ئاغرىتىدىغان ئىش! شۇڭا كېلىشىم.

— زادى نېمە ئىش ئۆزى؟

— مېنىڭ ئەسلىي ئۇنداق ئىش قىلغۇم يوقتى، لېكىن خامىدا، ساڭا پۇل بېرىپ تۇرىمەن، پۇل بېرىپ تۇرىمەن، دەپ.....

— خامىدا؟ خامىدا تېسكىنى دەمسىز؟

— شۇنداق.

— سىز ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ تۇرغانما؟

— نەدىكىنى، ياق.

— ئۇنداقتا نېمىنى بېرىپ تۇرغان؟

— ئىسمىمنى بېرىپ تۇرغان.

— خامىدا ئىسمىڭىزنى نېمە قىلىدىكەن؟
— مۇھەببەت خېتى ئەۋەتىدىكەن.
— نېمە ئەۋەتىدىكەن؟
— مۇھەببەت خېتى.
— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟
— مەن ئۇنىڭغا ئىسمىمنى ئىشلەتمەڭ، مەن پوچتىكەشلىك قىلاي، — دېدىم.
— نېمانداق قالايمىقان گەپ بۇ، كىم نېمە قىلىدىكەن؟
— مۇھەببەت خېتى توشۇش.
— مۇھەببەت خېتى توشۇش؟ كىمگە؟
— شۇڭا دەيمەنغۇ، دېمەك تەس دەپ.
— ئۇنداقتا كىمنىڭ قىزىغا مۇھەببەت خېتى توشۇدىڭىز؟
— ياق، مەن ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالاقزەدە بولۇپ.
— خامىدا توشۇدىما؟
— ياق ئۇمۇ ئەمەس،
— ئۇنداقتا كىمۇ؟
— كىملىكىنى بىلمەيمەن.
— باش ئايىغى يوقكەنغۇ بۇ گەپنىڭ، ئۇنداقتا ھېچكىم خەت توشۇمىدىما؟
— پەقەت شۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئىشلەتتى.
— پەقەت سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا ئىشلەتتى؟ بارغانسېرى ئېلىشىپ كەتتىم! تۇزۇكرەك چۈشەندۈرىڭە؟ مۇھەببەت خېتىنى كىمگە يازغان؟
— كانىدا خانقىزغا.
— ھېلىقى كانىدا ئىسىملىك كارخانچىنىڭ قىزىغىما؟
— شۇنداق.

— ھە، ئىسمىڭىزنى بىرىپ تۇرغىنىڭىز قانداق گەپ ئەمدى؟

— ئۇ خانقىز بەك مودا، مەغرۇر بولغاچ ئۇنى ياقتۇرۇپ قې-لىپ خەت يېزىپتۇ. خامىدا «مېنىڭ ئىسمىم بولمايدۇ» دېدى، مەن «ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىۋېرىڭ» دېدىم. ئۇ «مېنىڭ ئىسمىمنىڭ مەنىسى يوق، سىزنىڭ ئىسمىڭىز كونا ئىسىم، يەنىلا سىزنىڭكىنى ئىشلىتەيلى.......» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئىسمىمنى ئارىيەت بېرىپ تۇردۇم.

— ئۇنداقتا سىز ئۇ خانقىزنى تونۇمسىز؟ ئارىلىشىپ باققانمۇ؟

— پەقەت ئارىلىشىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى كۆ-رۈپمۇ باقمىغان.

— تازىمۇبىر ساراڭلىققۇ بۇ! كۆرۈشۈپمۇ باقمىغان قىزغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ. ئۇنداق بولسا سىزگە زادى نېمە ئىش تەسىر قىلىپ شۇنداق قىلدىڭىز؟

— ھەممەيلەن ئۇنى «بەك پوچى، بەك ھاكاۋۇر» دېگەنتى، شۇڭا خامىدا بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنى بىر ئەخمەق قىلاي دېدىم.

— بارغانسېرى قالايمىقانلىشىپ كەتتىغۇ! ئۇنداقتا سىز ئۇ خەتكە ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپ ئەۋەتتىڭىزما؟— دېدى غوجايىن كۆڭلىدە خۇش بولغاندەك قىلىپ.

— شۇنداق، خەتنى خامىدا يېزىپتۇ، مەن ئىسمىمنى بې-رىپ تۇردۇم، ئىندو كېچىلەپ يۈرۈپ، خەتنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپى-رىپ بەردى.

— ھە! ئەسلىدە ئۈچ كىشىلىك ئويۇنكەندە بۇ؟

— لېكىن، ئىشتىن كېيىن ئەستايىدىل ئويلانسام، ئەگەر پاش بولۇپ قالسا مەكتەپتىن ھەيدىلىدىغان گەپكەن. ئۇنداقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاتاق بولغۇدەك. شۇڭا بەك ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، ئىككى-ئۈچ كۈن بولدى ئۇيقۇمۇ يوق، جىددىيلىشىپلا يۈرىمەن.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ سىزمۇ تازا ئەخمىقانە ئىشتىن بىرنى قىپسىز! سىز خەتكە «مەدەنىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىقتىن ھۆرنىدو تاكىشىمى» دەپ يازدىڭىزما؟

— ياق، مەكتەپنىڭ ئىسمىنى يازمىدىم.

— ھېلىمۇ ياخشى مەكتەپنىڭ ئىسمىنى يازماپسىز، ناۋادا مەكتەپنىڭ ئىسمىنى يېزىپ سالغان بولسىڭىز ئۇنداقتا مەكتەپنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر كۆرسىتەركەن!

— نېمە؟ مەكتەپتىن ھەيدىلەرمەنتىم؟

— ئەلۋەتتە.

— مۇئەللىم، مېنىڭ دادام بەك كوت - كوت ئادەم، ئۇنى ئاز دەپ ئانام ئۆگەي. بىرەر چاتاق چىقسا راستىنلا مېنى ھەيدىۋېتەرمۇ؟

— شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنداق قالايمىقان ئىش قىلماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى.

— مېنىڭمۇ ئۇنداق قىلغۇم يوقتى، لېكىن ھازىر بولىدىغان ئىش بولدى. مېنى ھەيدىۋەتمىگەن بولسا، ياردەم قىلغايسىز.

ھۆرنىدو تاكىشىمى زارلىنىپ تۇرۇپ ئۆتۈندى. ئايال غوجايىن بىلەن يۈكىي قەغەز ئېكراننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، چاندۇرماي كۈلۈشتى. لېكىن غوجايىن يالغاندىن سۇرلۇك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدى.

نېمىدېگەن قىزىقارلىق! قىزىقارلىق دېسەم، ئېھتىمال باشقىلار «نېمىسى قىزىقارلىق؟» دەپ سورىشى مۇمكىن.

مەيلى ئادەملەر ياكى ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆ-
زىنى سورىغىنى توزۇك، ھاياتلىقتا بۇ تولىمۇ زۆرۈر. ئىنسانلار
ئۆزىنى سورىسا مۇشۇكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازا-
ۋەر بولىدۇ. ئىنسانلار بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەندەك
ئەمەس، بۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ بۇرنىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆزى
كۆرەلمىگەندەكلا ئىش.

ئىنسانلار قارىماققا قالتىستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
تولىمۇ نادان. ھەممىنى بىلىدىغاندەك يۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
يۇقىرىقىدەك كىچىك ئىشلاردا ئازراقمۇ قائىدە ئۇقمايدۇ. قىلغان
قىلىقلىرىغا ئادەمنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ. ئۇلار بىلەرمەنلىك
قىلىپ يۇرگىنى بىلەن يەنە باشقىلارنى ئەخمەق قىلىپ، «بۇر-
نۇم قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىلەرمەنلىك قى-
لىش زۆرۈرمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇلار بۇنىڭغا ئۆل-
سىمۇ قايىل بولمايدۇ. ئۇلار زىددىيەت ئىچىدە ياشاپ تۇرۇقلۇق،
يەنە ئۆزلىرىنى خاتىرجەم ھېس قىلىشىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن
ساددا! ساددا بولسىغۇ مەيلىتتىغۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساد-
دىلىقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇڭا ئىنسانلارنى دۆت دېسە
بولىدۇ.

مېنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ھۇرىندو تاكىمىشى، غو-
جايىن، ئايال غوجايىن ۋە يۇكېغا قىزىقىپ قېلىشىم، ھەرگىز-
مۇ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بول-
غانلىقتەك يوقىلاڭ ئىش سەۋەبلىك ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىش
ئارقىلىق ھەربىر ئادەمنىڭ پىسخىكىسىنى بىلىپ بېقىش ئۈ-
چۈندۇر.

ئالدى بىلەن، غوجايىن بۇ ئىشقا سوغۇق مۇئامىلىدە بول-
دى. غوجايىن ھۇرىندو تاكىشىمىنىڭ دادىسىنىڭ كوت-كوت-

لىقىغا، ئانىسىنىڭ ئۆگەيلىكىگە بىرئازمۇ ھەيران بولمىدى، شۇنداقلا ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ھەيران بولىدىغان ئادەممۇ ئەمەس، ھۆرنىدو تاكىمىشى مەكتەپتىن قوغلىنىپ كەتسە ئۇنىڭ خى-يالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئەگەر نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى مەك-تەپتىن ھەيدىلىپ كەتسە، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئەمدى قانداق كۈن ئالارمەن؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ھۆرنىدو تا-كىمىشىدەك بىرەرسىنىڭ قوغلىنىپ كېتىشى، قانداق كۈنگە قېلىشىنىڭ غوجايىن بىلەن كۆپ مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمى-غاچ، غوجايىن پەرۋامۇ قىلمىدى. مۇناسىۋەت سۇس بولسا كۆ-ڭۈل بۆلۈشمۇ شۇنىڭغا بېقىپ سۇسلىشىدىكەن. ئىنسانلار «يات ئادەم ئۈچۈن قايغۇرۇش، كۆز يېشى قىلىش، ئاھ ئۇرۇش ئاق كۆڭۈللۈككە كىرمەيدۇ» دەپ قارايدىكەن. مەن ئىنسانلارنى ئا-سان ھاياجانلىنىدىغان، باغرى يۇمشاق ھايۋان، دەپ جەزملەشتۈ-رەلمەيمەن. ئۇلار ئىنسان بولۇپ تۇرىلىپ قالغاچ، زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا ياش تۆكىدۇ ياكى باشقىلارغا كۆرستىش ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. دېمەك، ھەممىسى ياسال-مىلىقنىڭ ئىپادىسى. ئېچىپ ئېيتقاندا، كۆپىنچىسى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل سەنئەت. ياسالمىلىقنى قاملاشتۇ-رىدىغانلار «ئىنسابلىق سەنئەتكار» دەپ ئاتىلىپ، ھۆرمەتكە سا-زاۋەر بولىدۇ. شۇڭا، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. «ئادەم ئۇزاقتا سىنىلار» دېگەندەك، پېقىر مۇشۇكمۇ ئا-دەملارنى چۈشىنىپ يەتتىم.

غوجايىن شۇنداق كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. «تىپىك» دېگەنگە ئېسىلىۋالماڭلار، ھەرقانداق ئىشقا سوغۇق مۇئامىلە قى-لىش ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، ئادەمنى ھەيران قال-دۇرىدىغان يېرى، ئۇ ھەرقانداق ئىشقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ھۇرىندو تاكىمىشىغا تەكرار - تەكرار «شۇنداقمۇ؟» دەپ
قويىشىدىنلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

غوجايىنىنى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، دەپ ئۇنىڭدەك ئاق
كۆڭۈل ئادەمدىن نەپرەتلەنسەك تېخىمۇ بولمايدۇ. سوغۇق مۇئا-
مىلە قىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى بولسا كېرەك. كۆز بويى-
مىسىلا دۇرۇس ئادەم بولغان بولىدۇ. ئىنسانلارنى بەك يۇقىرى
مۆلچەرلەپ كېتىشكە بولمايدۇ.

ئەمدى ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلگەن ئا-
يالىلار ھەققىدە توختىلاي. ئۇلار غوجايىنىنىڭ سوغۇق مۇئامىلى-
سىدىن خۇشاللىق ئىزدەپ، بۇ ئىشنى كۈلكىگە ئايلاندۇردى. ئۇ-
لار ھۇرىندو تاكىمىشىنىڭ مۇھەببەت خېتى ۋەقەسىدىن خۇ-
شاللىق ئىزدىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ ئۇلار بى-
لەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. باشقىلار خاپىلىقتا يولۇقسا ئۇلار
خۇشال بولدى. ئەگەر سىز ئايالىلارنى ئەيىبلەپ «باشقىلار خاپى-
لىقتا يولۇقسا كۈلمەڭ» دېسىڭىز، بۇ ئايالىلار سىزگە غەزەپ بى-
لەن تىكىلىدۇ، خۇددى سىز ئۇلارنى ھاقارەتلىگەندەك، ئۇلار ئە-
زەلدىن باشقىلارنى ھاقارەتلەپ باقمىغاندەك.

ئىشقىلىپ، ئايالىلار ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سىرلىق
مەخلۇق، شۇنداقلا خاپىلىق تېرىپلا يۈرىدىغانلاردىن. ئۇلار قا-
چانلا قارىسا ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەيدۇ. شۇڭا ئەر كىشى بولۇپ
يارىلىپ قالغانلار مەيلى دەسسىلەمدۇ، تېپىلەمدۇ ياكى تاياق
يەمدۇ، ھەتتا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرامدۇ، ئۆزىنى قاتتىق بې-
سىۋېلىشى زۆرۈر، شۇنداقلا باشقىلار يۈزىگە تۈكۈرۈپ قويسى-
مۇ، مەسخىرە قىلىپ كۈلسىمۇ يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك
يۈرمىسە ئامال يوق. ئۇنداق بولمايدىكەن ئاتالمىش «ئەقىللىك
ئايال» بىلەن بىرگە ئۆتەلمەيدۇ. مىياۋ...... ئەمەلىيەتتە، ئىقتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دار جەھەتتە ياكى قىياپەت جەھەتتە بولسۇن ئەركەك ھايۋانلار چىشى ھايۋانلاردىن كۆچلۈك كېلىدۇ. لېكىن ئىنسانلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئاياللار ئەرلەرنى زاڭلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۇن چىقارغىلى قويمايدۇ. ئاياللار تېخى «ئەر ـ ئايال باراۋەرلىكى» دەپ جار سالىدۇ. پېقىر مۇشۇك جىنسىمدا ئەرلەرنىڭ بىچارىلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ھورىندو تاكىمىشى خاتا قىلغان ئىشى ئۈچۈن ناھايىتى پاراكەندە بولدى. ئۇ ئېھتىمال «مەن شۇنچە پاراكەندە بولۇۋاتسام ئۇلار نېمىشقا كۈلىدىغاندۇ؟ شۇنداقمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولامدۇ؟» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ كىچىك بولغاچ، باشقىلار ھۆرمەتسىزلىك قىلغاندا خاپا بولسام مېنى ئىش ئۇقمايدىكەن دەپ قالمىسۇن، دېگەن بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەلكىم يامان نامىم قالمىسۇن، دەپ ئېغىر ـ بېسىق بولۇۋالغاندۇ؟

ئەمدى ھورىندو تاكىمىشىغا كېلەيلى، ئۇ يەنىلا ئەندىشە ئىچىدە. ئۇنى غەم بېسىۋالغاچ، يوغان بۇرنىنىڭ چاناقلىرى توختىماي لىپىلداپ تۇراتتى، كىشىگە خۇددى غەم ھۆجەيرىلىرى يۈز نېرۋىلىرىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرى خۇددى پولات شار يۇتۇۋالغاندەك بىئارام ئىدى. خاپىلىقتا ياخشىراق بىرەر چارە تاپالماي ئاخىر «سىنىپ مەسئۇلىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر مەسلىھەت ئالاي» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسى پىرقىراپ ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بۇ ئائىلىگە كەلدى. ئۇ ئادەتتە مەكتەپتە غوجايىنىنى زاڭلىق قىلىپ، ساۋاقداشلىرىنى كۈشكۈرتىپ، غوجايىنىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپلا يۈرەتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ھازىر چورتلا ئۇنتۇپ قالغانىدى، يەنە تېخى كۆڭلىدە: «ئۇنى ئىلگىرى ھەرقانچە زاڭلىق قىلىپ، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولساممۇ، ئۇ

ئەلاچىلار سىنىپىنىڭ مەسئۇلى بولغانىكەن، چوقۇم مېنىڭ ئىشىمغا كۆڭۈل بۆلىدۇ» دەپ ئىشەنچ قىلغانىدى. ئۇ بەكلا ساددا ئىكەن. ئادەم ئەقلىگە تۇشمىغاندا تەپەككۇرىمۇ بەكلا ئاددىي بولىدىكەن.

سىنىپ مەسئۇلى بولۇش غوجايىنغا ماس كەلمەيتتى. مەكتەپ مۇدىرى بەلگىلەپ قويغاچ، ئۇ غىڭ قىلالمىغانىدى. ھۇ-رىندو تاكىمىشى كىچىك بولغاچ بىرئاز جاھىل، ئۇ ئىنسانلارنى يۇقىرى مۆلچەرلەپ، باشقىلار چوقۇم مېنى قوغدايدۇ، دەپ خى-يال قىلغان، لېكىن باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدى.

مىياۋ! ئۇ بۇ قېتىم سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چوقۇم ئىنسانلار ئۇچۇن بىر ھەقىقەتنى بايقايدۇ. بۇ ھەقىقەت ئىچىدە بارا-بارا چوڭ بولىدۇ. پېقىر مۇشۇك ئاق كۆڭۈل بول-غاچ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ چاغدىمۇ باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلار-مۇ؟ باشقىلار خاپىلىق تارتسا قاقاقلاپ كۈلەرمۇ؟ مۇشۇنداق كې-تىۋەرسە كېيىن جاھاننى ھۇرىندو تاكىمىشىدەكلەر قاپلاپ كېتەرمۇ؟ كاندا غوجايىن ۋە كاندا خانىملاردەكلەر قاپلارمۇ؟ ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۇلارنى چەتكە قاقى-دۇ، ھەتتا مەدەنىي مەكتەپتىنمۇ ھەيدىۋېتىدۇ!

مەن مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقاندا تۇيۇق-سىز ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئىشىكنىڭ كەينىدىن بىرسىنىڭ يۇزى يېرىم كۆرۈنۈپ «ئەپەندىم» دەپ چاقىردى.

غوجايىن ھۇرىندو تاكىمىشىغا تەكرار-تەكرار «شۇنداق-مۇ؟» دەۋاتقاندا بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كىمدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەغەز ئېكراننىڭ كەينىدە يۈزىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ كاننېزى تۇراتتى.

— ھە، مەرھەمەت! — دېدى غوجايىن جايىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ.

— ئەسلىدە مېھمان بار ئىكەن - دە! — دېدى كاننېزى يۈزىنى يېرىم چىقىرىپ.

— ھېچقىسى يوق، كىرىۋېرىڭ!

— راستىمنى ئېيتسام، بۈگۈن سىز بىلەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم.

— نەگە بارايلى دېگەن؟ يەنە شۇ ئىمۇساكاغىمۇ؟ مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مېنى زورلاپ ئاپىرىپ، پۇتلىرىم ئۇيۇشۇپ قالدى.

— بۈگۈن ھېچ گەپ بولماس، ئۇزاق بوپتۇ سىرتقا چىقمىغىلى، ئايلىنىپ كىرەيلى.

— نەگە؟ ھە، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىڭ!

— ئۇئىنوغا بېرىپ، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ كېلەمدۇق؟

— ھا - ھا - ھا! يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگىنىنى؟ نېمىدېگەن بىمەنە گەپ بۇ؟ ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئۆيگە كىرىڭ.

كاننېزى ئەپەندى يىراقتا تۇرۇپ گەپلىشىشنىڭ قولايسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاستا ئايىغىنى سېلىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ يەنىلا ھېلىقى كاسىسىغا ياماق سالغان شىمىنى كىيىۋالغانىدى. بۇ شىمىغا كونىراپ ياماق چۈشكەن بولماستىن، بىلىشىمچە كاننېزى ئەپەندى ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگىنىمەن دەپ، شىمىنىڭ كاسىسى تارىلىپ چۈشكەن ياماق بۇ. ئۇ ھۆرىنىدو تاكىمىشىگە قاراپ كۆلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ،

لەمپىگە يېقىن جايغا كېلىپ ئولتۇردى.

— يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلاشنىڭ نېمە مەززىسى؟

— شۇنداق، ھازىر بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئەتراپنى ئايلىنىپ، كەچ سائەت 11 لەر بىلەن ئۇئىنوغا بارساق بولىدۇ.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز؟— دېدى غوجايىن كانىيېزىنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ.

— قاپقاراڭغۇدا باغچىنىڭ ئىچى قورقۇنچلۇق بولىدىغاندۇ؟

— شۇنداق. چۆلدەرەپلا قالىدۇ.

— كۈندۈزدىمۇ باغچىدىكى دەل-دەرەخ قويۇق ئۆسكەن جايدا ماڭماسلىق كېرەك، كۈندۈزى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان جايدا ماڭسىڭىز، توپا-تۇمان باسقان شەھەر كۆرىڭىزدىن يىراقلىشىپ، خۇددى تاغ يولىدا ئېزىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز.

— شۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالسىڭىز نېمە بوپتۇ؟

— شۇنداق تۇيغۇغا كەلگەندە، قەدىمىڭىزنى توختىتىپ، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىغا قۇلاق تۇتىسىز.

— يولۋاش ھۆركىرەشكە شۇنچە ئامراقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى كۈندۈزى تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاڭلىنىدۇ. كېچىدە كوچىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغان، ئەتراپنى تىمتاسلىق قاپلىغان، جىن-شاياتۇنلار كۆزگە كۆرۈنۈپ كېتىدىغان چاغدا......

— «جىن-شاياتۇنلار كۆزگە كۆرۈنۈپ كېتىدىغان» دېگىنىڭىز نېمە گەپ ئۆزى؟

— شۇ خىل كەيپىياتنى قورقۇنچلۇق قىلىپ تەسۋىرلىگىنىم.

— لېكىن مەن باشقىلاردىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

قىنى داۋامىنى سۆزلەڭ.

— يولۋاس ھۆركىرىگەندە ئۇئىنودىكى قىرى دەرەخلەرمۇ تىترەپ كېتىدۇ، بەكلا قورقۇنچلۇق.

— راستتىنلا قورقۇنچلۇقكەن.

— قانداق، تەۋەككۈل قىلىپ باقامسىز؟ چوقۇم خۇش بولىسىز. نېمىلا دېگەنبىلەن كېچىدە يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ باققان دېگىلى بولمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

غوجايىن ھۇرىندو تاكىمىشىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغاندەك كاننىزى ئەپەندىگىمۇ ئۇنچە قىزغىن بولمىدى.

ھۇرىندو تاكىمىشى بىر چەتتە تۇرۇپ، «يولۋاس ھەققىدىكى ھېكايە» گە قۇلاق سالدى. ئۇ تۇيۇقسىز غوجايىنىنىڭ «شۇنداقمۇ؟» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، غوجايىنىنىڭ بايا ئۆزىگە دېگەن شۇ گېپىنى يادىدىن كەچتى. ئۇ غوجايىنغا قاراپ ئەنسىزلىك بىلەن:

— مۇئەللىم مەن ئەنسىرەپ قالدىم، قانداق قىلسام بولار؟— دەپ سورىدى.

كاننىزى ئەپەندىم ھەيران بولۇپ، بۇ يوغان باشقا قارىدى.

مىياۋ! پېقىر مۇشۇك سەل جىلە بولۇپ قالدىم. شۇڭا ۋاقتىنچە بۇ يەردىن ئايرىلىپ تۇراي. ھاجەتتىن قايتىشىمدا ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم.

ئاشخانىدا ئايال غوجايىن باھاسى چۇشكەن قاچىلارغا چاي قۇيغاچ كولۇۋاتاتتى، ئۇ چاينى سۇنغاچ:

— يوكې خانقىز! خاپا بولماي مۇشۇ چاينى ئۇنىڭغا بەرسىڭىز.

— ياق.

— نېمىشقا؟— دېدى ئايال غوجايىنىنىڭ چىرايىدىكى كۈل-
كە ئۆچۈپ.

— ھېچ ئىشقۇ يوق، — دېدى يۈكى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ
بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، يان تەرەپتە تۇرغان «خەۋەرلەر» دېگەن
گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— غەلىتە ئىكەنسىز! كانىېزى ئەپەندىمگە چاي تۇتىسىز،
ھېچقىسى يوق، — دېدى ئايال غوجايىن يەنە.

— ياق، ئۇنىڭغا چاي تۇتقۇم يوق.

ئۇنىڭ كۆزى يەنە ھېلىقى «خەۋەرلەر» دېگەن گېزىتتىن
ئۈزۈلمىدى. لېكىن ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇيدىغاندەك ئەمەس.
ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا گېزىت ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋالمىسا،
چوقۇم يىغلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى.

— نېمىدىن خىجىل بولىسىز؟— دېدى ئايال غوجايىن كۈ-
لۈپ تۇرۇپ.

ئۇ چاينى قەستەن گېزىتنىڭ يېنىغا قويدى.

— ۋاي! سىز نېماداق ئەسكى! — دېدى يۈكى گېزىتنى
چاي قاچىسىنىڭ تېگىدىن سۇغۇرۇپ ئالغاچ.

كۈتۈلمىگەندە چاي ئۆرۈلۈپ، گېزىتنى نەمدەپ، كارىۋاتقا
تۆكۈلۈپ كەتتى.

— قاراڭ! ئوبدان بولدى مانا، — دېدى ئايال غوجايىن.

يۈكى «چاتاق بولدى!» دېگىنىچە ئاشخانىغا دەسمالغا يۈ-
گۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەجۋىي قىلىقلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئې-
چىلىپ قالدى.

كانىېزى ئەپەندى ئۆيدە تاغدىن-باغدىن گەپ سېتىۋاتاتتى.

— ئەپەندىم! قەغەز ئىكران ھىم بولۇپ قاپتۇ؟ كىم چاپلاپ
قويغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

— ئايال‌لار چاپلاپ قويۇپتۇ، ئوبدان چاپلاپتىمۇ؟
— شۇنداق، ياخشى چاپلاپتۇ، داۋاملىق ئۆيگە كىلىدىغان هىلىقى خانقىز چاپلىغانمىدۇ؟
— هەئە، ئۇمۇ ياردەم قىلدى، ئۇ تېخى «قەغەز ئىكرانىنى ياخشى چاپلىغان ئادەم ياتلىق بولالايدۇ» دەيدۇ.
— ۋاي، شۇنداقمۇ؟— دېدى كانىيىزى ئەپەندىم قەغەز ئىكرانغا تىكىلىپ، — ماۋۇ تەرەپنى ئوبدان چاپلاپتۇ، ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى قەغەز چوڭ بولۇپ قالغاچ پۈرلىشىپ كېتىپتۇ.
— ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ چاپلىغان ئوخشايدۇ. تەجرىبىسىزلىكى چىقىپ قاپتۇ.
— هۈنەردە تېخى پىشماپتۇ. ئاۋۇ تەرەپ سىزىقتىن چىقىپ كېتىپتۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەتتىكى تەڭلىمە بويىچە هېسابلىغىلى بولمايدۇ ـ دە.
ئۇ فىزىكىچى بولغاچ كېرىلىپ سۆزلەپ كەتتى.
— شۇنى دېمەمسىز!— دېدى غوجايىن.
هۈرىندو تاكىمىشى يالغۇزغاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى هېس قىلدى بولغاي، مۇبارەك بېشىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا تىرەپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قىلماي ماڭدى.
— ماڭدىڭىزما؟— دېدى غوجايىن.
هۈرىندو تاكىمىشى ئۈن ـ تىنسىز ياغاچ كەشنى سۆرەپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. نېمىدېگەن بىچارە! مياۋ، مۇشۇنداق ئىشلار بېشىدىن ئۆتسە ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالار.
— ئەپەندىم، ئۇ سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىزمۇ؟
— شۇنداق.
— خاپان باشكەنغۇ؟ بىلىملىكمۇ؟

— يوغان بېشىغا پاتقۇدەك بىلىمىمۇ يوق. لېكىن داۋاملىق غەلىتە سوئاللارنى سورايدۇ؟

— بېشى يوغان بولغاچ، غەلىتە سوئاللارنى سورايدىكەندە، لېكىن قارىماققا غەلىتە سوئال سورايدىغاندەك ئەمەس.

— بۈگۈن ئۇ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ ئۇنىڭغا قارىسام شۇنداق بىچارە كۆرۈنىدىغۇ؟ زادى نېمە بولدى؟

— قاملاشمىغان ئىش قىپتۇ. كانىدا خانقىزغا مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ.

— ۋاي، مۇشۇ يوغان باشما؟ ھازىر ئوقۇغۇچىلار نېمانداق يامان بولۇپ كەتتى ئادەمنى چۆچۈتۈپ.

— نەدىكىنى، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، ماڭا قىزىقارلىق بىلىندى. ئۆزىنى باسالماي مۇھەببەت خېتى يېزىۋەرسىمۇ ھېچ ئىش چىقمايدۇ؟

— ئەنسىرىمىگەن بولسىڭىز، ھېچ ئىش چىقمىغۇدەك.

— ھېچ ئىش چىقمايدۇ، مەن ئەزەلدىن پەرۋا قىلمايمەن.

— لېكىن بۇ يوغان باشنى مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ دېسىڭىز، راستتىنلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ چاقچاق قىپتۇ. كانىدا خانقىز مودا ھەم ھاكاۋۇر بولغاچ، ئۈچى ئۇنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە......

— ئۈچى بىرلىشىپ مۇھەببەت خېتى يېزىپتىمۇ؟ دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىۋاتىمەن.

— ئۇلار ئىشنى تەقسىم قىلىۋاپتۇ، بىرى خەت يېزىپتۇ، بىرى خەت توشۇپتۇ، يەنە بىرى ئىسمىنى ئارىيەت بېرىپتۇ. بايا كەلگىنى ئىسمىنى ئارىيەت بېرىپتۇ شۇ. ھا - ھا - ھا! ئۇ ئەڭ دۆتكەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى كانىدا خان-

— ئايالـلار چاپلاپ قويۇپتۇ، ئوبدان چاپلاپتىمۇ؟

— شۇنداق، ياخشى چاپلاپتۇ، داۋاملىق ئۆيگە كېلىدىغان ھېلىقى خانقىز چاپلىغانمىدۇ؟

— ھەئە، ئۇمۇ ياردەم قىلدى، ئۇ تېخى «قەغەز ئېكراننى ياخشى چاپلىغان ئادەم ياتلىق بولالايدۇ» دەيدۇ.

— ۋاي، شۇنداقمۇ؟— دېدى كاننىبزى ئەپەندىم قەغەز ئېكرانغا تىكىلىپ، — ماۋۇ تەرەپنى ئوبدان چاپلاپتۇ، ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى تەرىپىدىكى قەغەز چوڭ بولۇپ قالغاچ پۈرلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ چاپلىغان ئوخشايدۇ. تەجرىبىسىزلىكى چىقىپ قاپتۇ.

— ھۇنەردە تېخى پىشماپتۇ. ئاۋۇ تەرەپ سىزىقتىن چىقىپ كېتىپتۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەتتىكى تەڭلىمە بويىچە ھېسابلىغىلى بولمايدۇ - دە.

ئۇ فىزىكچى بولغاچ كېرىلىپ سۆزلەپ كەتتى.

— شۇنى دېمەمسىز!— دېدى غوجايىن.

ھۇرىندو تاكىمىشى يالغۇزغاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى بولغاي، مۇبارەك بېشىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا تىرەپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قىلماي ماڭدى.

— ماڭدىڭىزما؟— دېدى غوجايىن.

ھۇرىندو تاكىمىشى ئۈن - تىنسىز ياغاچ كەشنى سۆرەپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. نېمىدېگەن بىچارە! مىياۋ، مۇشۇنداق ئىشلار بېشىدىن ئۆتسە ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالار.

— ئەپەندىم، ئۇ سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.

— خاپان باشكەنغۇ؟ بىلىملىكمۇ؟

— يوغان بېشىغا پاتقۇدەك بىلىمىمۇ يوق. لېكىن داۋام-لىق غەلىتە سوئاللارنى سورايدۇ؟
— بېشى يوغان بولغاچ، غەلىتە سوئاللارنى سورايدىكەن-دە، لېكىن قارىماققا غەلىتە سوئال سورايدىغاندەك ئەمەس.
— بۈگۈن ئۇ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.
— نېمە بولدى؟ ئۇنىڭغا قارىسام شۇنداق بىچارە كۆرۈنىدى-غۇ؟ زادى نېمە بولدى؟
— قاملاشمىغان ئىش قىپتۇ. كانىدا خانقىزغا مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ.
— ۋاي، مۇشۇ يوغان باشما؟ ھازىر ئۇقۇغۇچىلار نېمانداق يامان بولۇپ كەتتى ئادەمنى چۆچۈتۈپ.
— نەدىكىنى، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، ماڭا قىزنقار-لىق بىلىندى. ئۆزىنى باسالماي مۇھەببەت خېتى يېزىۋەرسىمۇ ھېچ ئىش چىقمايدۇ؟
— ئەنسىرىمىگەن بولسىڭىز، ھېچ ئىش چىقمىغۇدەك.
— ھېچ ئىش چىقمايدۇ، مەن ئەزەلدىن پەرۋا قىلمايمەن.
— لېكىن بۇ يوغان باشنى مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ دې-سىڭىز، راستىنلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ چاقچاق قىپتۇ. كانىدا خانقىز مودا ھەم ھا-كاۋۇر بولغاچ، ئۇچى ئۇنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە......
— ئۇچى بىرلىشىپ مۇھەببەت خېتى يېزىپتىمۇ؟ دېگەن-لىرىڭىزنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىۋاتىمەن.
— ئۇلار ئىشنى تەقسىم قىلىۋاپتۇ، بىرى خەت يېزىپتۇ، بىرى خەت توشۇپتۇ، يەنە بىرى ئىسمىنى ئارىيەت بېرىپتۇ. بايا كەلگىنى ئىسمىنى ئارىيەت بېرىپتۇ شۇ. ھا - ھا - ھا! ئۇ ئەڭ دۆتكەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى كانىدا خان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۇ-چۇن ئۇنداق بىمەنە ئىشنى قىلىدۇ؟

— بۇ ئىش يېقىنىدىن بۇيانقى زور ئىشكەن! يوغان باش خىد-جىل بولماي قىز بالىغا مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ، نېمىدېگەن قىزىقارلىق!

— ئۇزىگە ئاۋارىچىلىك تېرىپتۇ.

— ئۇ قىزنى ھەرقانچە تېرىكتۇرسىمۇ پايدىسى يوق، ئۇ دې-گەن كانىدا خانقىز تۇرسا. ھا - ھا - ھا!

— راستتىنلا شۇنداق بولسىمۇ، ھېچ گەپ يوقتى. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئەنسىرەپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مۇشۇنچىلىك ئىشقا ھودۇقۇپ كېتىپتىمۇ؟ قارىغاندا ئۇ سەل يۈرەكسىزكەن. سىز ئۇنى نېمىدەپ يولغا سالدىڭىز؟

— ئۇ مەكتەپتىن ھەيدىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ.

— نېمىشقا ھەيدەلگۈدەك؟

— ئەخلاقسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بولامدۇ!

— نېمە؟ ئۇنى ئەخلاقسىزلىق دەپ كەتكىلى بولماس؟ كەچۈ-رۈم سورىغۇدەك ئىشمۇ ئەمەسكەن، كانىدا خانقىز ئۇنى شەرەپ ھېس قىلىپ، ھەممە يەردە ماختىنىپ يۈردىمۇ تېخى!

— شۇ ئەمەسمۇ!

— ئىشقىلىپ، ئۇ بەك بىچارىكەن. خاتا قىلدىڭ دەپ ئۇنى ئەنسىرىتىپ قويغان بىلەن ئۇمۇ غەمگە پاتىدۇ. ئۇنىڭ بېشى يو-غان بولغان بىلەن، چىرايى يامان ئەمەس ئىكەن، يەلپۈگۈچتەك بۇرۇنى ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىكەن.

— ئەجەب مېتىدەك سۆزلەپ كەتتىڭىز، ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ.

— بۇ دېگەن دەۋرنىڭ تەلىپى. سىزمۇ ھەممە ئىشنى ئۇنچە مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتمەڭ.

— سىز بۇنى بىمەنىلىك دەپ قارىمامسىز؟ ئۆزى قىلچە تونۇمايدىغان قىزغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ يۇرۇپتۇ، ھەقىقەتەن ئىش كۆرمىگەنكەن.

— باشقىلارنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناپ يۇرگىنىدىن ئۇنىڭ ئىش كۆرمىگەنلىكى بىلىنىپلا تۇرىدۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى! ساۋاب بولۇپ قالار. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، ھېچ كاللىسىدىن ئۆتىدىغاندەك ئەمەس.

— شۇنداق.

— شۇنداق بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئىش بىلگۇدەك بولغان بولسا بۇنداق بولماستى! ئەگەر بۇنداق ياۋاش بالىنى ھەيدەپ، قۇۋ تۈلكىدەك بالىلارنى بوش قويۇۋەتسەك ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق.

— ئۇنداق بولسا ئۇئىنوغا بېرىپ يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ كېلەمدۇق؟

— راستما؟

— شۇنداق، بېرىپ كېلەيلى! مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە يۇرتۇمغا بېرىپ كەلمەكچى، شۇڭا بىر مەزگىل سىز بىلەن ھېچ يەرگە بارالمىغۇدەكمەن. بۇگۇن ئالايىتەن ئايلىنىپ كېلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەنتىم.

— شۇنداقمۇ؟ يۇرتقا باراي دەپسىز - دە؟ بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى؟

— شۇنداق، ئازراق ئىشىم بار ئىدى. گەپنى ئاز قىلىپ ماڭايلى!

— ۋاي، ئۇنداقتا ماڭدۇق.

www.uyghurkitap.com

ــــ ياخشى، ماڭدۇق ئەمىسە! ئالدى بىلەن سىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلاي. ئاندىن ئايلىنىپ كېلەيلى، ئۇئىنوغا تازا ئوبدان ۋاقىتنى تاللاپ بارىدىغان بولدۇق.

كانىنېزى زورلاۋەرگەچ، غوجايىنىمۇ ئاخىرى بېرىشقا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى.

ئايال غوجايىن بىلەن يوكىي ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

# 8

تەكچە ئالدىدىكى شىرەگە شاھمات تاختىسى قويۇلغان بولۇپ، مېتى بىلەن ياگى پۇتىنى ئالماپ، قارىشىپ ئولتۇراتتى.

— شاھماتنى بىكارغا ئوينىمايمىز، كىم ئۇتتۇرۇۋەتسە مېھمان قىلىدۇ جۇمۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئوينا - ئوينىمايلا بۇ گەپكە چۈشسەك، ئويۇنىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن بولىمىز، ئەگەر شاھماتنى دو تىكىپ ئوينىساق، پۈتۈن دىققىتىمىز شۇنىڭغىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، ئويۇنىڭمۇ مەززىسى بولمايدۇ. ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇش دېگەننى كاللىدىن چىقىرىۋېتىپ غەمسىز، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئوينىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قىزىقى بولىدۇ، — دېدى ياگى ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— يەنە ئاغزىڭىز ئېچىلدى، شاھمات ئوينىسا كاللا قاتۇرۇپ، زېھنى خوراپ كېتىدىغان گەپ! سىز ئۆزىڭىزنى «ئەۋلىيالار تەزكىرىسى» دىكى پېرسوناژ چاغلاپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟— دېدى مېتى.

— تارىسىز ساز چېلىۋاتامسىز؟

— سىزمۇ سىمسىز تېلېگرامما يوللاۋاتامسىز؟— دېدى مېتى بوش كەلمەي.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، قېنى مېڭىڭ!

— سىز ئاق ئۇرۇقنى مېڭىڭ.

— قايسى بولسا بولۇۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەۋلىيادەك ئادەمدە سىز! سىز ئاق ئۇرۇقنى تەرتىپى بويىچە مىڭىڭ، مەن قارا ئۇرۇقنى ماڭاي. خوش! سىز باشتا مىڭىڭ.

— قائىدە بويىچە قارا ئۇرۇق باشتا ماڭىدۇ.

— توغرا، سىزگە يول قوياي، قائىدە بويىچە سىز ئاۋۋال مىڭىڭ.

— قائىدە بويىچە بولغاندىمۇ بۇنداق مىڭىشقا بولمايدۇ ـ دە.

— يوق بولسا بولسۇن، بۇ دېگەن مەن ئىجاد قىلغان قائىدە.

مەن بىر مۇشۇك بولغاچ، شاھمات دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. قاراپ باقسام بۇ غەلىتە بىر نەرسىكەن. ئانچە چوڭ بولمىغان تاختىغا كىچىك كاتەك سىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا، ئاق ئۇرۇقلارنى قالايمىقان تىزىپ قويىدىكەن، قاراپ كۆزلىرىم ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇتتۇم، ئۇتتاردىم، ئۆلدۈم دېگەندەك غەلىتە سۆزلەرنى قىلىدىكەن. شاھمات تاختىسى كىچىك تۆت چاسىلا بولغاچ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۇرۇقلار ئوڭدا ـ دۈمدە بولۇپ كېتىدىكەن.

قاراڭ، مېتى بىلەن ياگىنىڭ ئۇرۇق تىزىشىغا! دەسلەپ 30 — 40 ئۇرۇقنىڭ تىزىلىشى ماڭا ئۇنچە غەلىتە كۆرۈنمىدى. بىراق ھەل قىلغۇچ پەيتتە قارا، ئاق ئۇرۇقلار بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، شاھمات تاختىسىدىن دۈم چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈندى، ئۇرۇقلارنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

مەن بىر ئەقىللىق مۇشۇك بولغاچ، ياندا كۆرۈپ تەپەككۇر قىلدىم: شاھماتنى ئادەم ئىجاد قىلغان. ئىنسانلارنىڭ قىزىقىشى شاھمات ئويناشتا ئەكس ئەتسە، ئۇنداقتا شاھمات ئۇرۇقىنىڭ ئالدىغا مېڭىشى ۋە چېكىنىشى ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە جاينى ئىگىلەش ئۇ ـ

چۈن كەڭرى دۇنيانى تارايتىۋەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرمەي بولمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن دائىرىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەي ئۆزىنى ئۆزى بۇرۇقتۇرما قىلىۋېتىدىكەن. گەپ-نىڭ قىسقىسى، ئىنسانلارنى «ئۆزىگە ئۆزى خاپىلىق تاپقۇچىلار» دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

كۆرەڭلەپ يۈرىدىغان مېتى بىلەن جانابىي ياگى بۇگۈن نې-مىلەرنى خىيال قىلىدىكىنتاڭ، تام ئىشكاپتىن كونا شاھماتنى ئېلىپ، ئادەمنى تەرلىتىپ، ھېچ ھالىنى قويمايدىغان بۇ بىمەنە ئويۇننى يەنە باشلىدى. ئۇلار شاھماتتىكى رەقىبلەردىن ئىدى. باشلىنىشىدا ئۇلار قولىنىڭ ئۇچىدا ئويناپ قويىدى. شاھمات تاخ-تىسىدىكى ئاق - قارا ئۇرۇقلار ئەركىن ئۇسسۇلغا چۈشتى. شاھ-مات تاختىسىنىڭ چوڭلۇقى تايىنلىق ئىدى. ئۇرۇق كاتەككە چۈشسە، تىك - توغرىسىغا كاتەكتىن بىرى ئازلايتتى. شۇڭا ھەر-قانچە كۆرەڭلىگەن بىلەنمۇ، ھەرقانچە زىغىرلاپ كەتكەن تەقدىر-دىمۇ، يەنىلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى، بۇ تەبىئىي ئەھ-ۋال. ئىككىسى ئەسلىدە كۆرەڭلىگەنىدى، ئەمدىلىكتە ئۇرۇقنى كاتەكچە ئىچىگە قانداق قويۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى، بۇن-داق ئىسسىق كۈندە ئۇلارغىمۇ ئاسان ئەمەس. مىياۋ!

— مېتى ئەپەندىم! بەك ۋەھشىيلىشىپ كەتتىڭىزمۇ - قانداق؟ نەدىمۇ ئۇنداق ئويناش قائىدىسى بولسۇن؟

— ئېھتىمال مەندەك تەركىدۇنيا ئادەمگە بۇ قائىدە چۈش-مەسلىكى مۇمكىن. لېكىن «توبودو» ئېقىمىدىكىلەر مۇشۇ قا-ئىدىگە چۈشۈرۈپ ئوينايدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟— دېدى مېتى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنداق ئوينىسىڭىز، سىزگە ئۇتتۇرۇشتىن باشقا يول يوق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا سىناپ باقايلى! — دېدى مېتى پەرۋاسىزلا.

— ۋاي، ئوبدان، ئەمىسە سىزگە ياخشىراق قاراپ قوياي.

— ۋوي، دېگەندەك يامانكەنسىز! مەن تېخى سىزنى كۆرمىدىمكىن دەپتىمەن. مەن مۇنداق ماڭاي، ئەمدى قانداق قىلسىزكىنتاڭ؟

— ھېچ گەپ يوق...... چاتاق بولدى، مەن ئۇلارنى ئايرىۋېتەي.

— ھوي، چاتاق بولدى، چاتاق بولدى! بۇنداق ئايرىسىڭىز ئۆلىدۇ. چاقچاق قىلماڭ، مەن بىر قەدەم چېكىنەي.

— دەسلەپتىلا ئەسكەرتتىمغۇ؟ بۇ جايغا كىرسىڭىز بولمايدۇ دەپ.

— بولدى - بولدى! كەچۈرۈڭ، ماۋۇ ئاق ئۆرۈقنى نېرى ئېلىڭ.

— قايسىسىنى دەيدىغانسىز؟

— يېنىدىكى ئاۋۇ ئاق ئۆرۈقنىمۇ ئېلىۋېتىڭ.

— يۈزىڭىز ئەجەب قېلىنكەن.

— سىز ئاۋۇ قارا ئۆرۈقنى كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ ئىككىيلەن بايا كېلىشكەنغۇ! قۇرۇق گەپ قىلماي، ئاۋۇ ئۆرۈقنى نېرى تارتىڭ! بۇ ھايات-ماماتقا چېتىشلىق مۇھىم ئۆتكەل.

— ماڭا بۇ گەپلەر ئاقمايدۇ!

— ئاڭلىمىسىڭىز ئاڭلىماڭ، لېكىن ئاۋۇ ئۆرۈقنى ئېلىۋېتىڭ!

— سىز ئالتە قېتىم يېڭىۋالدىڭىز.

— ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىڭىز ئەجەب ياخشىكەن. ئەمدى تېخىمۇ نەس باسىدىغان بولدى، سىزنى ئاۋۇ ئۆرۈقنى نېرى يۆت-

كەلگۈدەك دەۋاتىمەن. ئەجەب جاھىلكەنسىز. ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭىزگە قاراڭ، ئەۋلىيادەك. بالدۇرراق خەتەردىن قۇتۇلماسىز؟ بۇ ئادەتتىكى ئويناش ئۇسسۇلىڭىز بىلەن ماڭا تەڭ كېلەلەمتىڭىز؟

— بۇ ئۇرۇقنى يېۋەتمىسەم يېڭىلىپ قالىمەن.

— يېڭىش - يېڭىلىش سىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەستىغۇ؟

— يەڭسەم - يېڭىلسەم كارايىتى چاغلىق، لېكىن سىز ئۇتسىڭىز خوش بولۇپمۇ كەتمەيمەن.

— مانا ئۇتتۇم، قالتىس! باھار شامىلىدىكى چاقماق!

— باھار شامىلىدىكى چاقماق ئەمەس، چاقماق ئىچىدىكى باھار شامىلى، ئالماشتۇرۇپ قويدىڭىز.

— ھا - ھا - ھا! مەن سىزنىڭ بۇنداق ھالىتىڭىزنى كۆرمەپتىكەنمەن، باشقا گېپىم يوق، ئۇرۇقنى خاتا مېڭىپ قويۇپتىمەن.

— ھايات - ماماتلىق جەڭدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېڭىلگىنىڭىزگە تەن بەردىڭىزمۇ؟

— ئامىتابا! — دېدى مېتى چاۋاك چالغاچ، «پاق» قىلىپ بىر ئۇرۇقنى قويدى.

مېتى بىلەن ياگى يېڭىش - يېڭىلىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىپ، بىر - بىرىگە زادىلا گەپ بەرمەيۋاتاتتى. مېھمانخانا ئىشىكى ئالدىدا جانابىي كانىبېزى بىلەن سىكارزىي قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا چىرايى زەپىران غوجايىنىم ئولتۇراتتى. كانىبېزىنىڭ ئالدىدا قورۇتۇلغان، لېكىن ھېچ نەرسىگە ئورالمىغان ئۈچ تال بېلىق تۇراتتى، بۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. مىياۋ، قورۇتۇلغان بېلىق!

— راستىنى دېسەم، مەن يۇرتۇمغا بېرىپ كەلگىلى تۆت كۈن بولدى. ئىشلار ئاۋۇپ كېتىپ، ۋاقتىدا كېلىپ بولالمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كېلىشكە ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى غوجايىن سوغۇققىلا.

— ئالدىرىمىسام بولمايدۇ، بۇ نازۇ نېمەتلەرگە سىلەرنى ئېرىغىز تەگسۇن دېدىم.

— بۇ ناتسوموكىنىڭ قورۇتۇلغان بېلىقىمۇ؟

— شۇنداق، يۇرتۇمنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى.

— داڭلىق؟ توكيودىمۇ كۆرگەندەك قىلغان! — دېدى غوجايىن ئەڭ يوغان بىر تال بېلىقنى بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ پۇرىغاچ.

— ئۇنىڭ ئوبدان - ناچارلىقىنى پۇراپ بىلگىلى بولمايدۇ. بېشى يوغانراقكەن، بۇ بەلكىم داڭلىق بولۇشىدىكى بىر ئارتۇقچىلىق بولسا كېرەك؟ ھەي غوجايىن ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭىلا سوۋغا قىلسا بولماسمىدى!

— تېتىپ كۆرىڭە.

— تېتىپ كۆرۈشنىغۇ تېتىپ كۆرەرمەن، لېكىن بۇ بېلىقنىڭ نېمىشقا بېشى يوق.

— شۇڭا ئەنسىرەپ بۇرۇنراق ئەكەلدىم.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دەمسىز؟ چاشقان يېۋاپتۇ.

— چاشقان يەپ قويغان نەرسىنى يېسە، خولېرا كېسىلى بولۇپ قالىدىغان گەپ.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، كېرەك يوق! چاشقان ئازراق چىشلەپ قويغان بىلەن زەھەرلىنىپ قالمايسىز.

— چاشقان نەدە چىشلىۋاپتۇ؟

— كېمىدە.

— كېمىدە؟ بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟

— قويىدىغان يەر تاپالماي ئىسكىرىپكا بىلەن بىر تاغارغا سايپتۇق، شۇ كۈنى كەچتىلا كېمىدە چاشقانغا يەم بولۇپ، مۇ-شۇنداق پۈچۈق بولۇپ قاپتۇ.

— چاشقان دېگەن تەنتەك كېمىگە چىقىۋالسا ئالدىغا كەل-گەننى يەۋېرىدىكەن، — دېدى غوجايىن قۇرۇتۇلغان ناتسوموكى بىلىقىغا قارىغاچ، كىشى چۈشەنمەيدىغان گەپنى قىلىپ.

— چاشقان نەگىلا بارسا تەنتەكلىكنى قىلىدۇ. مەن بې-لىقنى ئۆيۈمگە ئاپارسامىۇ يەنە يەپ بېقىپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلى-قىنى بىلىپ، ئۇنى كېچىدە قوينۇمغا سېلىپ ياتتىم.

— مەينەت بولۇپ كەتمەمدۇ؟

— شۇڭا ئۇنى يېپىشتىن بۇرۇن يۇيۇش كېرەك.

— ئۇنى يۇغان بىلەنلا پاكىز بولۇپ قالمايدۇ.

— ئۇنى تۇز سۇيىگە چىلاپ قويۇپ، راۋۇس قىرىپ يۇغاندا ئاندىن پاكىز بولار.

— ئۇنداقتا ئىسكىرىپكىنىمۇ قۇچاقلاپ ياتتىڭىزما؟

— ياق، ئىسكىرىپكا بەك چوڭ بولغاچ قۇچاقلاپ ياتقىلى بولمىدى.

بۇنى ئاڭلاپ يىراقتا تۇرغان مېتى ئەپەندىمۇ گەپكە قوشۇق سېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— نېمە؟ «ئىسكىرىپكىنى قۇچاقلاپ ئۇخلاش» دېدىڭىزما؟ «پىپانى قۇچاقلاپ ئۇخلاش!» نېمىدېگەن پەيزى كۆرۈنۈش، — دېدى.

— گەپكە ئارىلاشماي، شاھمات ئوينالڭ. يەنە ئۇتتۇرۇپ يۈر-مەڭ، — دېدى غوجايىن مېتىنى ئەسكەرتىپ.

— مېنىڭ ئۇتۇش- ئۇتتۇرۇشۇم بىلەن كارىڭىز بولمى-سۇن، ئىشقىلىپ قارشى تەرەپ ھازىر قازاندىكى بېلىق، پۇت -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولى مىدىرلىيالمايدۇ. شۇڭا، ئىچىم پۇشۇپ گەپكە قوشۇق سېلىپ قويدۇم، — دېدى مېتى پەرۋاسىزلا.

ئۇنىڭ شاھماتچى دوستى ياگى سەل ھاياجانلىنىپ قالدى بولغاي، ۋارقىراپ تاشلىدى:

— مېنىڭمۇ نۆۋىتى سىزگە كەلدى، سىزگە قاراپ قالدىم.

— ۋاي! سىز مېڭىپ بولغانما!

— مېڭىپ بولدۇم.

— نەگە ماڭدىڭىز؟

— مۇشۇ يەرگە بىر ئاق ئۇرۇق قويدۇم.

— ھە! بۇ قالتىس مېڭىش بوپتۇ. ئۇنداقتا نەگە مېڭىش كېرەك؟ ئۇبدان يول تاپالمايمەنغۇ؟ سىز بىر ئۇرۇقنى قويۇڭ، نەگە قويسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

— نەدە بۇنداق قائىدە بار؟

— ھېچكىم بۇنداق مېڭىپ باقمىغان بولسا مەن شۇنداق ماڭاي! ئەگىلىپ ماۋۇ دوقمۇشقا بىر ئۇرۇق قوياي. كانىيزى ئەپەندىم، سىزنىڭ ئىسكىرىپكىڭىز ئەرزان بولغاچ، چاشقان ئۇنى چىشلەپ بېقىپتۇ. كېيىنچە ياخشىراقىنى ئالارسىز. ئىتالىيەدىن سىزگە 300 يىل بۇرۇن ياسالغىنىنى ئەكەلدۇرۇپ بېرەيمۇ؟

— ئۇنداقتا تارتىنىمىدىم. پۇلىنى ئۆزىڭىز تۆلىۋېتەرسىز.

— ئۇنداق كونا نەرسە ئىشلىشقا ئەرزىمدۇ؟— دېدى غوجايىن مېتىنى سوتلىغاچ.

— ھا - ھا - ھا! كۇسايا ئەپەندىم، مۇشۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ ئىسكىرىپكا قانچە كونا بولسا شۇنچە ياخشى...... ھەي، ياگى ئەپەندىم، نىمە بولدى، ماڭامسىز قانداق؟

— سىزدەك ئەزمە ئادەم بىلەن شاھمات ئويناش بەك ئازابلىق ئىشكەن. زېھنىنى يىغىپ، كاللىنى ئىشلەتكۇدەك ۋاقتىمۇ

يوق. ئامال قانچە؟ مۇشۇ يەرگە بىر ئۆرۈقنى قوياي.
— ۋاي توۋا! سىز بۇ ئۆرۈقنى يامان يەرگە قويدىڭىز! بەكمۇ ئەپسۇس! ئاشۇ يەرگە قويمىسىكەن دەپ ئويلاپ، ئىككى ئىبغىز جۆيلۈپ قويغان.
— شۇ، سىز شاھمات ئوينىمايۋاتىسىز، قايمۇقتۇرۇۋاتىسىز.
— بۇ دېگەن «زامانىمىز مۆتىۋەرلىرى» نىڭ ئويناش ئۇسۇلى دەڭە...... كۇسايا ئەپەندىم ياگى ليەنساڭغا بارغان، ئۇ يەردە چىلىغان سەي يېگەن بولغاچ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەيدىكەن! راستلا قول قويدۇم! شاھماتنى ئوبدان ئوينىمىغان بىلەن خېلى يۇرەكلىككەن.
— شۇڭا توخۇ يۇرەكلىك قىلماي ئۇنىڭدىن ئۆگىنىڭ.
غوجايىن تەتۈر قاراي دەپ تۇرۇشىغا، مېتى تىلىنى چىقىرىپ قويدى، ياگىنىڭ خىيالىغا كىرمىدى بولغاي، مېتىنى سۆيلەپ:
— مېڭىش نۆۋىتى سىزگە كەلدى، — دېدى.
— سىز قاچاندىن باشلاپ ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەنگەن؟ مېنىڭمۇ ئۆگىنىش خىيالىم بار ئىدى، ئاڭلىسام ئۆگەنمەك تەسكەن.
— ئادەتتىكى سەۋىيەگە يېتىش تەس ئەمەس، ھەممە ئادەم ئۆگىنەلەيدۇ.
— ئوخشاش سەنئەت تۈرى بولغاندىكىن، شېئىرغا ئامراق ئادەم ئۆگەنسە چوقۇم تېز ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ.
— سىزنىڭ ئۆگىنەلىشىڭىزگە گەپ كەتمەيدۇ.
— سىز قاچاندىن باشلاپ ئۆگەندىڭىز؟
— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ چېغىمدىن باشلىغان! مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى سىزگە مەكتىپىمىزدە ئىسكىرىپكا دەرسىنىڭ قاچان تەسىس قىلىنغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنغۇ دەيمەن؟

— ياق، سۆزلەپ بەرگەندەك ئەمەس.

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىپلا ئىسكىرىپكىنى چالغۇدەك بولغانما؟

— نەدىكىنى، كېيىن ئۆزۈم تولۇقلاپ ئۆگەنگەن.

— راستىنلا تالانتلىقكەنسىز.

— ئۆزى ئۆگەنگەنلەرنى تالانتلىق دەپ كېتىشكە بولمايدۇ! — دېدى كاننېزى ئەپەندى رەددىيە بېرىپ.

قارىغاندا كاننېزى ئەپەندى ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى تالانتلىق چاغلىمىسا كېرەك.

— ھېچقىسى يوق. سىز قانداق قىلىپ ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەنگەن، مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بېقىڭە.

— سۆزلەپ بەرسەم بولىدۇ! ئۇنداقتا سۆزلەپ باقاي.

— ھە، سۆزلەڭ!

— ھازىر بەزى ياشلارنىڭ ئىسكىرىپكا قېپىنى كۆتۈرۈپ كوچىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشى نورمال ئىش. ئۇ چاغدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى نەدە تۇرۇپ غەربنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆگىنەلەيدۇ دەيسىز؟ بولۇپمۇ بىزنىڭ مەكتەپ سەھرانىڭ سەھراسىدا بولغاچ، ئاددىي - ساددىلىقنىڭ دەستىدىن چىغ چورۇق كىيىدىغانلارمۇ يوق ئىدى، مەكتەپتە ئىسكىرىپكا چالالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى......

— ياگى جانابلىرى! ئاۋۇ يەردە گەپ قىزىپ كەتتى. ئۇيىندىمىزنى ئاستا يىغساق بولارمىكىن.

— يەنە ئىككى - ئۈچ يول قالدىمۇ؟

ــ قالسا قالار! ئەرزىمەس جايلارنى سىزگە سوۋغا قىلاي بولدى.

ــ ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاخىرىنى چۈشۈرمىسەك بولماس؟

ــ سىزمۇ بەك زېغىرلاپ كەتتىڭىز، مۇشۇ قول تۇگمىسە بولدى قىلايلى...... كانىيىزنىڭ گېپى بەك قىزىقارلىق-كەن...... ھېلىقى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە باللار يالاڭ ئاياغ مەكتەپكە باراركەنتۇق.

ــ ھېچ گەپ يوق!

ــ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلار يالاڭ ئاياغ ھەربىي مەشىق قىلاتتىكەن، پۇتىنىڭ تېرىسى قېلىنلاپ كېتەتتىكەن.

ــ يېڭى گەپكەن! كىم شۇنداق دەيدۇ؟

ــ كىم دېسە دېمەمدۇ! ئاڭلىمىغانما؟ تاماق قاچىسىغا تاماق قاچىلاپ، ئۇنى بېلىگە چىگىپ، شۇنى يەيدىكەنتۇق. يېدى دېگەندىن كۆرە غاجىدى دېسەك دۇرۇس ئوخشايدۇ! تاماقنى غاجاۋەرسە ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇتۇلغان قارىئۆرۈك چىقاركەنتۇق. ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ قارىئۆرۈكنى چىقىرىمىز دەپ غاجاپ يەپ بولاركەن. تازىمۇبىر شوخ باللار ئىكەنتۇق! ياگى جانابلىرى، بۇ ھېكايە يارىدىمۇ سىزگە؟

ــ ئاددىي - ساددا ياشاش ــ ئېسىل خىسلەت.

ــ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ھېكايە بار تېخى! ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا كۆلدان يوق ئىكەن. مېنىڭ بىر دوستۇم خىزمەت بىلەن شۇ يەردە تۇرغان مەزگىلىدە، «ئاي چوققىسى» ماركىلىق كۆلداندىن بىرنى ئالاي دەپ بازارغا چىقىپتۇ، ئۇ بازاردىن كۆلدان دېگەن نەرسىنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالماي بەكلا ھەيران بوپتۇ، سۈرۈشتۈرسە باشقىلار «كۆلدان دېگەننى قومۇشلۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىپ قومۇشنى كېسىپ ياسىۋالسىلا بولىدۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم ياسىيالايدۇ. شۇڭا ئۇنى بازاردىن سېتىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپتۇ. ياگى ئەپەندىم، مانا بۇ ئاددىي ـ ساددا ياشاشتىكى تىدىنىك بىر مىسال ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم. بۇ يەرگە بىر ئۇرۇق تولۇقلىۋالسام بولاتتى.

— ئوبدان! تولۇقلاڭ ـ تولۇقلاڭ ـ تولۇقلاڭ! ئەمدى تولۇقلاپ بولغانسىز؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. ئاشۇنداق شارائىتتا ئىسكىرىپكىنى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەنگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ بەكلا ھەيران قالدىم. «چۆ نەزمىلىرى» دە «يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس» دېيىلگەن گەپ بار. كاننېزى جانابلىرى ياپونىيە مىڭجى دەۋرىدىكى چۆ يۈەن بولۇشقا مۇناسىپ.

— مېنىڭ چۆ يۈەنگە ئوخشىغۇم يوق.

— ئۇنداقتا 20 ـ ئەسىردىكى ۋېتتىنغا ئوخشاڭ! نېمە؟ ئۇرۇقنى ساناپ بېقىڭ دېدىڭىزما؟ سىزمۇ بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز! ساناش ھاجەتسىز، مەن يېڭىلدىم، بۇنىڭدا گەپ يوق.

— بىر نەرسە دېيىش تەس......

— ياگى ئەپەندىم، سىز ئاستا سانىۋېلىڭ! مەن كاننېزىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاي. تالانتلىق ئەرباب ۋېتتى ئەپەندىمنىڭ ئىسكىرىپكا ئۆگىنىش جەريانىنى ئاڭلىمىسام ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمەن، ماقۇل ئەمىسە!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كاننېزى ئەپەندى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ئولتۇردى.

ياگى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاق ئۇرۇق ۋە قارا ئۇرۇقنى كاتەكچە ئىچىگە تىزىپ سانىغىلى تۇردى.

— يەرلىك ئالاھىدىلىك شۇنداق تۇرسا، ئۇنى ئاز دەپ يۇرت-

تىكى كىشىلەرمۇ بەك جاھىل. كىمكى سەل بوشاڭراق بولسا، ئۇلار «ئۇنداق قىلغانلار باشقا ناھىيەدىكى بالىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدۇ» دەيتتى. قالايمىقان جازالاۋەرسە قانداق بولىدۇ، ــ دېدى كاننېزى.

ــ يۇرتىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنى راستتىنلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، نېمىشقا ئۇنداق كۆك رەڭلىك ئىشتان ـ كۆڭلەك كىيىدىغاندۇ؟ ھەممىسى ئۇنداق كىيىنىۋالسا تېرىسىنى سويۇ ـ ۋەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن. دېڭىز شامىلى ئۇرۇلۇپ تۇرغاچ، ئۇلار ـ نىڭ رەڭگى قارامتۇل كۆرۈنىدىكەن، ئوغۇل بالىلارغىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن قىزلار ئۇنداق قارىداپ كەتسە ئاجايىپ تۇرى ـ دىكەن ئەمەسمۇ؟

مېتى گەپ باشلىسىلا، گەپنىڭ تېمىسىدىن چەتنەپ كېتەتتى.

ــ ئاياللارمۇ شۇنداق قارا!

ــ ئۇلار ياتلىق بولالارمۇ؟

ــ يۇرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قارا تۇرسا، ئۇلارغا نېمە ئامال؟

ــ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم! ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن، كۇسايا ئەپەندىم!

ــ رەڭگى قارا بولغان ياخشى! ئەگەر ئاق بولسا، ئەينەكتىن نېرى كېلەلمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ، بولۇپمۇ ئا ـ ياللارغا بولۇپ بېرىدۇ! ــ دېدى غوجايىن ئۇھ تارتىپ.

ــ ئەگەر سەھرادىكى ھەممەيلەننىڭ تېرىسى قارا بولسا ئۇلار قارىلىقىدىن پەخىرلەنمەسمۇ؟ ــ دېدى ياگى.

ــ ئىشقىلىپ ئاياللارنىڭ ھەممىسى قاملاشمىغان بىرنې ـ مىلەر! ــ دېدى غوجايىن گەپ قىستۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مېتى بىر تەرەپتىن كۆلگەچ، بىر تەرەپتىن غوجايىنىغا قاراپ:

ــ بۇنداق گەپ قىلىسىڭىز يەڭگەمنى رەنجىتىپ قويىسىز جۇمۇ!ــ دېدى.

ــ نەدىكىنى، ھېچ گەپ يوق.

ــ ئۇ ئۆيدە يوقمۇ؟

ــ بايا باللارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

ــ نېمانداق جىمىپ كەتتىكىن دەيمەن. قەيەرگە كەتتى؟

ــ بىلمىدىم، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، چۆرگۈلەپ كىرسە كېرەك.

ــ كۆڭلى خۇش بولسا قايتىپ كىرەمدۇ؟

ــ شۇنداق. سىز ھازىرغىچە بويتاق، بۇ نېمىدېگەن ياخشى! بۇ گەپ سىكارزېنىڭ زىتىغا تەگدى، لېكىن كاننېزى خۇشال ئىدى.

ــ خوتۇن ئالغانلار مۇشۇ گەپنى قىلىشقا ئامراقكەن. شۇنداقمۇ، ياگى ئەپەندىم! سىزمۇ ئېھتىمال «خوتۇن ئالسام قانداق قىلارمەن؟» دەپ قايغۇرۇۋاتقانسىز؟ــ دېدى مېتى.

ــ ئالدىرىماڭ! تۆت يەردە ئالتە يىگىرمە تۆت، يىگىرمە بەش، يىگىرمە ئالتە، يىگىرمە يەتتە. تازا توغرا بولمىدى، بۇ يەردە 46 كۆز بار. سىزنى كۆپرەك ئۇتۇشنى ئويلىغان، لېكىن قاتار قىلىپ قارىسام، 18 ئۇرۇق كەم ئىكەن. بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

ياگى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئۇرۇقلارنى بىر - بىرلەپ ساناۋاتاتتى.

ــ خوتۇن ئالغاندىن كېيىن غېمىڭىز كۆپىيىپ كەتتى دەۋاتىمەن.

ــ ھا - ھا - ھا! ئۇنداقمۇ ئەمەس. خوتۇنۇم ماڭا شۇنداق ئامراق.

— ئۇنداقتا، پەرىزىم خاتاكەن. ياگى باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ، — دېدى كاننېزى ئەپەندى گەپىنىڭ تېمىسىنى ئۇنىڭ خوتۇنىغا يۆتكەپ.

— پەقەت كاننېزى ئەپەندىلا بۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ!

سىكارزىپ ئەپەندى يەنىلا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مېتى ئەپەندىگە قاراپ:

— مەنمۇ كاننېزى ئەپەندىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، ئادەم مۇنداق ئىككى يولغا جەزمەن دۇچ كېلىدۇ: بىرى سەنئەت، بىرى مۇھەببەت. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتمۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، شۇڭا چوقۇم توي قىلىپ بەختكە ئېرىشىش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، تەقدىرگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ...... شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مېتى ئەپەندىم!

— ئالامەت گەپ بولدى! مەندەك ئادەملەر ئۇ خىل چەككە يېتىپ بولالمايدۇ.

— ئومۇمەن، بىز دەك بويتاقلار سەنئەتكە يېقىنراق تۇرۇپ، ئۆزىمىزگە يول ئاچمىساق بولمايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھاياتتا ھېچبىر مەنە بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكا ئۆگىنىشنى توغرا تاپتىم، شۇڭا بايا كاننېزى ئەپەندىگە ئىسكىرىپكا ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ دېگەنىدىم.

— شۇنداق - شۇنداق! ئەمدى «ۋېتتىپ ئەپەندىم»دىن ئىسكىرىپكا ھەققىدە ھېكايە ئاڭلايلى. ھوي سۆزلەڭ! ئەمدى گېپىڭىزنى بۆلمەيمىز، — دېدى مېتى گېپىنى يىغىشتۇرۇپ.

بۇ چاغدا ياگى ئەپەندىمۇ ئۇرۇقلارنى ساناپ بولۇپ، سىكارزىپ ئەپەندىگە قاراپ قايناپ كەتتى:

— ئىلگىرىلەش يولىنى ئىسكىرىپكا ئۆگىنىش ئارقىلىق

ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش، ئالەم-
نىڭ سىرىنى يېشەلىسە، ئاندىن قايىل قىلارلىق ئىش بولىدۇ.
ياگى خېلى سۆزلىگەن بولسىمۇ، سىكارزېنىڭ لۇغىتىدە
«خىجىل بولۇش» دەيدىغان سۆز بولمىغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرى
سىكارزېغا ئانچە تەسىر قىلىپمۇ كەتمىدى.
— ھە؟ ئېھتىمال ئېيتقانلىرىڭىز توغرىدۇ. لېكىن مەن
ئويلايمەن، سەنئەت ئىنسانلار يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى چەك، شۇ-
ڭا ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن!
— ۋاز كەچمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇمىد باغلىغان ئىسكىرىپ-
كىڭىز ھەققىدە تەجرىبەمنى سۆزلەپ بېرەي! بايا دەپ ئۆت-
كىنىمدەك. مەن ئىسكىرىپكا ئۆگىنىش جەريانىدا كۆپ جاپالار-
نى تارتقان. ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكا ئېلىشتا بېشىم كۆپ قات-
قان، — دېدى كانىيزى.
— تەسەۋۋۇر قىلالايمەن، چىغ ئاياغ كىيەلمىگەن يەردە، نە-
دىمۇ ئىسكىرىپكا ئالغۇدەك مادار دەيسىز؟
— ئىسكىرىپكا ئالغۇدەك پۇلنىغۇ يىغقانىدىم، لېكىن شۇ
ئالالمىغان.
— نېمىشقا؟
— يۇرتۇم كىچىكلا بىر يەر ئىدى، ئىسكىرىپكىنى ئالغان
تەقدىردىمۇ، بىردەمدىلا كۆزگە چېلىقىدىغان گەپ، باشقىلار باي-
قاپلا قالسا «نوچىلىشىپ كەتتى» دەپ، تاياق يەيدىغان گەپ.
— شۇنداق، ئەلمىساقتىن باشلاپ تالانتلىقلار زىيانكەش-
لىككە ئۇچراپ كەلگەن! — دېدى سىكارزې ھېسداشلىق قىلىپ.
— تالانتلىق؟ مېنى ھەرگىز ئۇنداق ئاتىماڭ! شۇندىن كې-
يىن مەن ھەر كۈنى سىرتقا سەيلە قىلغىلى چىقىدىغان بولدۇم،
ئىسكىرىپكا ساتىدىغان دۇكان ئالدىدىن ئۆتكەندە «ئالالىغان بول-



www.uyghurkitap.com



سام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، ئىسكىرىپكىنى باغرىمغا باس-سام قانداق بولۇپ كېتەرمەن. ھە! مەندىمۇ بىرسى بولسا بول-ماسمۇ!» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

— چۈشىنىشكە بولىدۇ، — دېدى مېتى.

— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يولدىن ئازغانلىق-تە، بۇ، — دېدى غوجايىن.

— تالانت ئىگىسى-دە! — دېدى سىكارزىي كاننىپزىنى ماختاپ.

پەقەت ياگى ئەپەندىلا ئۆلارنىڭ گېپىگە قىلچە پەرۋا قىل-ماي بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇردى.

— ئاشۇنداق كىچىك يەردىمۇ ئىسكىرىپكا بارمۇ؟ دەپ ئى-شەنمەسلىكىڭلار مۇمكىن. لېكىن ئويلاپ باقسا ئىشەنمىگۈدەك ئىشمۇ ئەمەسكەن. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ يەردىمۇ قىزلار مەكتىپى بار. ئىسكىرىپكا دەرس قاتارىدا ئۆتۈلگەچكە، قىز ئوقۇغۇچىلار كۈندە مەشىق قىلاتتى، شۇڭا ئىسكىرىپكىنىڭ بولۇشى تەبى-ئىي. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ياخشى ياسالغان ئىسكىرىپكى-لار يوقمىش، پەقەت ئىسكىرىپكا ئېتى بارلىرى بارمىش. شۇڭا دۇكاندا ئىككى-ئۈچ ئىسكىرىپكىنى بىر قىلىپ باغلاپ، ئى-شىككە ئېسىپ قويىاتتى، بەزىدە ئايلىنىپ دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسام، شامال چىققاچمۇ ياكى قولۇم تېگىپ كەتكەچمۇ، ئەيتا-ۋۇر، ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى. ئۇ خىل ئاۋازنى ئاڭلىسام، يۈرىكىم پۇچىلىنىپ كېتەتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالاتتىم.

— ئۇنداق بولسا خەتەرلىككەن! بەزىلەر سۇنى كۆرسە ئەسە-بىيلىشىپ كېتىدىكەن، بەزىلەر ئادەمنى كۆرسە نېرۋىسى ئۆر-لەيدىكەن...... سىز ۋىتتى بولغاچ «ئىسكىرىپكا سارىڭى» ئى-كەنسىز-دە؟ — دېدى مېتى زاڭلىق ئارىلاش.

— ياق، ئەگەر ئۇنداق ھېسسىياتقا كەلمىسە، ھەرگىزمۇ سەنئەتكار بولالمايدۇ، تالانت ئىگىسى بولغىنى بىكار ئەمەس! — دېدى سىكارزىي ھاياجانلىنىپ.

— ئېھتىمال راستتىنلا سارائڭ بولغان ئوخشايمەن. ئۇ ئاۋاز ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى! بۈگۈنگە قەدەر نۇرغۇن مۇزىكا چاپتىدىمەن، لېكىن ئۇنداق يېقىملىق ئاۋازنى چىقىرالمىدىم. ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن، — دېدى كاننېزى.

— ئۇ شۇنچە يېقىملىقمىتى؟— دېدى ياگى ياسالمىلىق بىلەن گەپ قىستۇرۇپ.

لېكىن ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى.

— مەن كۈندە سەيلە قىلىپ، ئۇ دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتىم، پەقەت ئۈچ قېتىم شۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىغان، ئۈچىنچى قېتىم ئاڭلىغاندا «ئىسكىرىپكىنى زادى ئالماي قويمايمەن» دەپ ئويلىدىم. يۇرتداشلار مەيلى ئەيىبلىسۇن، مەيلى كەمسىتسۇن، بېشىمغا نېمە بالا كەلسۇن، خاتا قىلدىڭ دەپ ھەيدىلىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئىسكىرىپكىنى ئالماي قويمايمەن، دېدىم.

— مانا بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ جاسارىتى! ئەگەر تالانت ئىگىسى بولمىغان بولسا، ئىسكىرىپكىغا بۇنداق ئاشىق بولمىغان بولاتتى. سىزگە ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ. بىر يىلدىن بېرى، مەنمۇ ئۆزۈمدە شۇنداق قىزىقىشنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم، لېكىن ھەممە ئىش ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدىكەن. مۇزىكا كېچىلىكىنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆرسەممۇ، داۋاملىق كەيپىم ئۇچۇپ كېتىدۇ، — دېدى سىكارزىي خۇشامەت قىلىپ.

— كەيپىڭىز ئۇچقىنى ياخشى بوپتۇ! ھازىر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ چۈشەندۈرگىنىم بىلەن، ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى

ئويلاشقا پېتىنالمايمەن...... كېيىن ساراڭلىق قىلىپ يۈرۈپ ئىسكىرىپكىنى ئالدىم، ــ دېدى كانىبېزى.

ــ قانداق ئالدىڭىز؟

ــ ئۇ 11 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، تيەنچو بايرىمىنىڭ ھارپە- سى ئىدى، يۇرتداشلار «ئارىشاڭغا چۇشىمىز» دەپ سىرتتا قوز- غىلى كېتىشتى، يېزىدا بىرمۇ ئادەم قالمىدى. مەن ئاغرىپ قال- غاننى باھانە قىلىپ، مەكتەپكىمۇ بارماي ئۆيدە ئارام ئالدىم. كا- رىۋاتتا ياتقىنىمدا بىلەن ئەس - خىيالىم «يۇرتداشلارنىڭ يوقىدا ئىسكىرىپكىنى ئېلىۋالسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە» دەپ ئويلايتتىم.

ــ يالغاندىن ئاغرىپ دەرسكىمۇ بارمىدىم دەڭ، ــ دېدى غوجايىن.

ــ شۇنداق، توغرا دېدىڭىز!، ــ دېدى كانىبېزى.

ــ مانا، تالانت ئىگىسىگە ئوخشىغان دېگەن شۇ! ــ دېدى سىكارزې ئۇنى ماختاپ.

ــ بېشىمنى يوتقاندىن چىقارسام، كۈن تېخى ئېگىزلەپ مەپتۇ، ساقلاپ زېرىكتىم. ئامال يوق بېشىمنى يەنە تىقىۋېلىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ساقلىدىم. لېكىن يەنىلا تاقەت قىلالمىدىم. يەنە بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام، كۈز ئاپتىپى ئالتە چى ئېگىز- لىكتىكى قەغەز ئېكرانغا چۈشۈپتۇ، ئەتراپ قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئوتتەك ئاپتاپ ئەرۋاھىمنى ئۇچۇردى. بۇ چاغدا قەغەز ئېكراندا كىچىك بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى، كۈز شامىلىدا توختىماي پۇلاڭلاۋاتاتتى، ــ دېدى كانىبېزى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ــ كىچىك قارا كۆلەڭگە، نېمىكەن ئۇزى؟ــ دېدى غوجايىن.

ــ ئەسلىدە لەمپىگە ئېسىپ قويۇلغان، پوستىنى ئېلى- ۋەتكەن ئەبنۇس ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھە، كېيىنچۇ؟
— ئامالسىز كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قەغەز ئېكراننى ئېچىپ، لەمپىگە ئېسىقلىق ئەبنۇسنى يېۋەتتىم.
— تاتلىقمىكەن؟— دېدى غوجايىن كىچىك بالىدەك.
— ئۇ يەرنىڭ ئەبنۇسى تاتلىق. ئۇنداق ئەبنۇسنى توكيودىن تاپقىلى بولمايدۇ.
— ئەبنۇسنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى، كېيىن قانداق بولدى؟— دېدى سىكارزىي ئالدىرىتىپ.
— ئارقىدىن يەنە يوتقانغا كىرىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتتىم، بۇدساتۇادىن تېزرەك كەچ بولۇشىنى تىلىدىم. 3 — 4 سائەت ئۆت-كەندىن كېيىن، «ئەمدىغۇ كەچ بولغاندۇ!» دەپ بېشىمنى چىقار-سام، كۈز ئاپتىپى ئالتە چى ئېگىزلىكتىكى قەغەز ئېكرانغا چۈ-شۈپ قىزدۇرۇۋېتىپتۇ، ئۈستى تەرەپتە كىچىك بىر قارا كۆلەڭ-گە لىڭشىپ تۇرۇپتۇ.
— بۇ يەرنى ئاڭلاپ بولغان.
— نەچچە قېتىم شۇنداق بولغان، كېيىن مەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قەغەز ئېكراننى ئېچىپ، ئەبنۇستىن بىرنى يەپ، يەنە يوتقانغا بېشىمنى تىقىپ بۇدساتۇادىن «تېزرەك كەچ كىرسۇن» دەپ تىلىدىم.
— يەنە تەكرارلىدىڭىزغۇ؟— دېدى غوجايىن تېرىكىپ.
— ۋاي، ئەپەندىم، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي ئاخىرىنى ئاڭلاڭ! ئاخىر 3 — 4 سائەت يوتقاندىن چىقمىدىم. ئەمدى بولغاندۇ؟ دەپ بېشىمنى كۆتۈرسەم، كۈز ئاپتىپى ئالتە چى ئېگىزلىكتىكى قەغەز ئېكرانغا چۈشۈپتۇ، ئۈستى تەرىپىدە ئىنچىكە بىر قارا كۆلەڭگە لەپەڭشىپ تۇرۇپتۇ.
— نېمانداق بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىسىز؟— دېدى

غوجايىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئاندىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ قەغەز ئېكراننى ئېچىپ، لەمپىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەبنۇستىن بىرنى يېدىم......

— توختىماي ئەبنۇس يەپ زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ نېمىدېگەن تۈگىمىگەن گەپ بۇ؟

— مېنىڭمۇ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى!

— ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئىچى سىزنىڭكىدىنمۇ بەك سىقىلىدىكەن! شۇنچىلا ئەبنۇسنى قانداق سىڭدۈرگەنسىز؟

— بۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلسىڭىز بۇ ھېكايىنى سۆزلىگىلى بولمايدۇ، ئەجەب تېرىكتىم!

— ئاڭلىغان ئادەم تېرىكىدىكەن! — دېدى سىكارزي خىڭىلداپ.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىچى سىقىلغان بولسا، ماڭىمۇ ئامال يوق. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي. شۇنداق قىلىپ، ئەبنۇسنى يەپ بولۇپ يوتقانغا كىردىم، يوتقاندىن چىقىپ يەنە يېدىم، ئاخىر لەمپىنىڭ ئاستىدىكى ئەبنۇسلارنى يەپ تۈگەتتىم، — دېدى كانىنېزى.

— ھەممىنى يەپ تۈگەتكەن بولسىڭىز، قۇياشمۇ پاتقاندۇ؟

— نەدە ئۇنداق ئاسان پاتىدۇ دەيسىز. ئەڭ ئاخىرقى بىرنى يەپ بولۇپ «ئەمدى پېتىپ قالغاندۇ» دەپ بېشىمنى كۆتۈرسەم، قۇياش نۇرى يەنىلا شۇ ئالتە چى ئېگىزلىكتىكى قەغەز ئېكرانغا چۈشۈپ تۇرماسمۇ......

— ئاھ، تەڭرىم! قۇمدەك گەپكەنغۇ بۇ؟

— ئۆزۈممۇ مۇشۇ گەپلەرنى سۆزلەۋېتىپ، تېرىكىپ ئۆلەي دەپ قالدىم.

— جۇرئەت قىلسا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش يوق. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشقىلار دەخلى قىلمىسا، ئىپتىمال ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ
گەپنى تەكرارلايدىغان ئوخشايسىز! ئىسكىرىپكىنى زادى قانداق
چاغدا ئالدىڭىز؟ — دېدى مىتىمۇ تىرىكىپ.

پەقەت ياگىلا خاتىرجەم ئولتۇراتتى، ئەتە ئەتىگەنگىچە
سۆزلەمدۇ، ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەنگىچە سۆزلەمدۇ، كۈزنىڭ قى-
زىق ئاپتىپىنى سۆزلەمدۇ؟ ئىشقىلىپ، نېمىلا سۆزلىسە ئۇنىڭ
خىيالىغا كىرىپ چىقىدىغاندەك قىلمايتتى.

— قاچان ئالدىڭىز دېدىڭىزما؟ كەچ كىرىسىلا ئالغىلى بارد-
ەن، دەپ ئويلىغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، شۇنچە ئۇزاق يېتىپ،
بېشىمنى كۆتۈرسەم ئاپتاپ چاقناپ...... ھەي، شۇ چاغدىكى
ھەسرىتىمنى ئويلىسام، ھازىرقى خاپىلىقلار ھېچ گەپ ئەمەس-
كەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئەبنۇسنى يەپ بولۇپ قارىسامۇ،
قۇياش يەنىلا پاتماپتۇ، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. سىكارزىپ
ئەپەندىم، ئۆزۈمنى بىچارە ھېس قىلىپ يىغلاپ كەتتىم، — دېدى
كانىيزى.

— ئىپتىمال شۇنداق بولغاندۇ، سەنئەتكارلار ھېسسىيات-
چان كېلىدۇ. كۆپ ياش تۆكۈپسىز، ھېسداشلىق قىلىمەن. لې-
كىن گەپنى بەك ئۇزارتىۋەتمەڭ!

سىكارزىپ ئەپەندى ياۋاش، ئوبدان ئادەم بولغاچ، مۇشۇنداق
ئەستايىدىل ھەم كۈلكىلىك گەپ قىلدى.

— مېنىڭمۇ شۇنداق تېز سۆزلەپ بەرگۈم بار. لېكىن قۇ-
ياش پاتماي ئىچىمنى سىقسا ماڭا نېمە ئامال؟

غوجايىنىنىڭ تاقىتى تاق بولغان چېغى، ئۇ ئاچچىقىدا:

— قۇياشمۇ پاتماسقا قالدى، ئاڭلىغۇچىلارمۇ تاقەت قىلال-
مىدۇق، ئۇنداقتا مۇشۇنداق ئاياغلاشتۇرۇڭ بولدى، — دېدى.

— بۇنداقلا ئاياغلاشتۇرسام كۆڭلۈڭلار تېخىمۇ يېرىم

بولىدۇ، چۈنكى گەپنىڭ قىزىقى ئاخىرىدا ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلايلى! تېزرەك «قۇياش پاتتى» دېسە-ڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— خوش، بۇ تەلەپ كىشىنى سەل بىئارام قىلسىمۇ، لې-كىن ئەپەندىمنىڭ ئاغزىدىن چىققاچ، «قاراڭغۇ چۈشتى» دەپ تۇرايلى!

ياگى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ «بۇ دېگىنىڭىز دۇرۇس بول-دى» دېيىشىگە ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈپ كەتتى.

— بارا - بارا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى توختىتىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ياتاقتىن چىقتىم. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن ئەزەلدىن غەلىتە خالىماي-دىغان ئادەم، شۇڭا قىستاڭچىلىق شەھەرنى تاشلاپ، ئىنس - جىن يوق چەت يېزىغا ماكانلاشقان......

— «ئىنس - جىن يوق» دېگەن گېپىڭىز سەل ئېشىپ كەت-تىمۇ - قانداق؟— دېدى مېتى ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ.

— جەريان بىلەن كارىم يوق، لېكىن ناھايىتى شېئىرىي تۇستە گەپ قىلدىڭىز، ماڭا ياقتى، — دېدى سىكارزى ئۇنى ماختاپ.

— ئۇ يەردە تۇرسىڭىز، مەكتەپكە بېرىش سەل قولايسىزدۇ؟ نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟

— مەكتەپكە 4 — 5 يۈز مېتىرلا كېلىدۇ. بۇرۇن يېزىدا ئوقۇيتتۇم.

— ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يەردە تۇرامە-تى؟— دېدى ياگى.

— شۇنداق، ئادەتتە ھەربىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە 1 — 2 دىن بالا تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداقتا «ئىنس - جىن يوق» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى ياگى كانىيېزىغا ئۇدۇللا زەربە بېرىپ.

— ھەي، ئەگەر مەكتەپ بولمايدىغان بولسا، ئۇ يەرگە ئىنسانىنىڭ ئايىغى تەگمەيدۇ...... ئاشۇ كۈنى مەن مەكتەپ تارقاتقان پەلتونى كىيىپ، باشقىلار تونۇپ قالمىسۇن دەپ، پەلتونىڭ ياقىسى بىلەن يۈزۈمنى توسۇۋالدىم. ئۇ چاغ دەل ئەبنۇس مېۋە بېرىدىغان پەسىل ئىدى. ئۆيۈمدىن ياڭنو كوچىسىغا بارىدىغان يول بۆككىدە دەرەخلىك ئىدى. قەدەم ئالسام شالدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلانسا، قورقۇپ دەككە - دۈككىگە چۈشكەنىدىم. خۇددى بىرى كەينىمگە كىرىۋالغاندەك.

— مەن ياڭنو كوچىسىدا 200 مېتىرچە مېڭىپ، داكازاي كوچىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، يەنە قەدىمىي شەھەر كوچىسىنى بېسىپ، شىگموسى كوچىسىدىن ئەگىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇزۇن كوچىنىڭ بىرىنچى بۆلەك، ئىككىنچى بۆلەك، ئۈچىنچى بۆلەك كوچىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ئۇئارى كوچىسىدىن ئۆتۈپ، نامويا كوچىسىغا چىقىپ، ئارقىدىن كاۋا كوچىسىغا......

— نېمانچە كۆپ كوچىنى قاتداپ يۈردىڭىز؟ مۇھىمى زادى ئىسكىرىپكىنى ئالالىدىڭىزمۇ؟ — دېدى غوجايىن تېرىكىپ.

— چالغۇ ئەسۋاب ساتىدىغان دۇكاننىڭ غوجايىنىنىڭ ئىسمى كىميوسى ئىدى، ئۇنىڭ دۇكىنىغا تېخى خېلى بار.

— يىراق بولسا بولمامدۇ؟ تېزرەك ئالامسىز؟

— خوپ! شۇنداق قىلىپ مەن كىميوسى ئەپەندىنىڭ دۇكىنىغا قارىسام، كىرسىن چىراغ ئۆتتەك يېنىق تۇرۇپتۇ......

يەنە مېتىغا گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلدى بولغاي، ئۇ:

— «ئوتتەك» دەيسىزغۇ؟ سىزنىڭ «ئوتتەك» دېگەن گېپىڭىز تۇگىمەيدىغان ئوخشايدۇ، نېمانداق ئادەمنى تېرىكتۈردىسىز؟— دېدى.

— بۇ قېتىمقى «ئوتتەك» شۇ بىرلا قېتىم دېيىلىدۇ، ئەنسىرەپ كەتمەڭ. چىراغنىڭ نۇرىدا قارىغۇدەك بولسام، مەن ئالماقچى بولغان ئىسكىرىپكا كۆز ئاخشىمىدىكى چىراغ نۇرىدا ۋىل - ۋىل قىلىپ پارقىراپ تۇرۇپتۇ.

— نېمىدېگەن گۈزەل تەسۋىر! — دېدى سىكارزىپ ماختاپ.

— ئاشۇ شۇ، ئاشۇ ئىسكىرىپكا شۇ! دېيىشىمگە پۇتلىرىم تىترەپ دەسسىيەلمەي قالدىم.

— ھىم!— دېدى ياگى مىيىقىدا كۈلۈپ.

— ئۆزۈمنى باسالماي دۇكانغا كىرىپ، يانچۇقۇمدىن بەش سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى چىقاردىم......

— ئاخىرى ئاپسىز - دە؟— دەپ سورىدى غوجايىن.

— ئەسلىي ئالاي دېگەن، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ھالقىلىق پەيت بولغاچ، سەل ئويلىنىشىپ قالدىم، «ھەي! بولدى قىلاي» دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ قارارىمنى ئۆزگەرتتىم.

— نېمە؟ يەنە ئالمىدىڭىزما؟ نېمانچە ئەزمە ئادەم سىز!

— ئەزمىلىك قىلغىنىم ئەمەس، ئالمىدىم، نېمە ئامال!

— نېمىشقا؟

— چۈنكى تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەچ، كوچىدا ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى.

— كوچىدا 200 — 300 ئادەم بولسىمۇ نېمە بولاتتى؟ سىز راستتىنلا غەلىتىكەنسىز، ئالىدىغىنىڭىز ئىسكىرىپكا ئىكەنغۇ؟ نېمانچە ئوغرىدەك يوشۇرۇنۇپ كېتىسىز؟— دېدى غوجايىن ئاچچىقلاپ.

كانىيزى ئەپەندىنىڭ يۈزلىرى خىجىلچىلىقتا قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يەنە:

— ئادەتتىكى كىشىلەردىن 2 — 3 مىڭى بولسىمۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن، ئۇلار يەڭلىرىنى تۈرۈپ، مەدەنىيلىك بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ يۈرگەچ، مېنى كۆرۈپ قالسا بوش قويۇۋەتمەيتتى. چېلىشىشقا كەلسەك ئۇلارغا يەتمەيتتىم. مەن ئالدىراپ ئىسكىرىپكىغا تېگەلمەيتتىم، ئەگەر تېگىپلا قويسام، چوقۇم خاپىلىق چىقاتتى. لېكىن، مەن ئىسكىرىپكىغا ئېرىشىشنى ئويلايتتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن ھاياتىمنى قەدىرلىمىسەم بولمايدۇ - دە. ئىسكىرىپكا سەۋەبلىك باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كۆرە، ئىسكىرىپكىسىز ياشىغىنىم ئەۋزەلدەك بىلىندى.

— ئاخىر ئالماي ئارام تېپىپسىز - دە؟— دېدى غوجايىن جىلە بولۇپ.

— ياق، ئالدىم.

— ئالامەت ئەزمە ئادەمكەنسىز! ئالسىڭىز ئېلىپ، ئالمىسىڭىز ئالماي، تېزرەك قارارىڭىزنى بەرمەمسىز؟

— ھا - ھا - ھا! جاھاننىڭ ئىشلىرى نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان بولسۇن! — دېدى كانىيزى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئەتراپنى ئىسلىغاچ.

غوجايىن بەرداشلىق بېرەلمىگەچ تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىتابخانىسىغا كىرىپ، چەت ئەلنىڭ كونا بىر كىتابىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدى. ياگى قاچانلاردىن شاھماتنىڭ يېنىغا بېرىۋالدىكىنتاڭ، ئۆزى يالغۇز شاھمات ئويناپ، ئۆزىگە ئۆزى جەڭ ئېلان قىلىۋاتاتتى.

بۇلار كەم تېپىلىدىغان قىزىقارلىق گەپلەر بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇزىرىپ لاۋزىلىشىپ كەتكەچ، ئاڭلىغۇچىلار بارغانسېرى
ئازلاپ كەتتى. ئاڭلىغۇچىلاردىن پەقەت سەنئەتكە ھېرىسمەن
سىكارزىي بىلەن ئالدىراپ بىر ئىشلاردىن بىزار بولمايدىغان مې-
تى قالدى.

كاننېزى تاماكىنى پۈۋلەپ ئىس چىقىرىپ، ھايال ئۆتمەي
يەنە ئاۋۋالقىدەك گېپىنى داۋام قىلدى.

— سىكارزىي ئەپەندىم، ئەينى چاغدا، قاش قارايغاندا ئالسام
بولمىغۇدەك، يېرىم كېچىدە كىميوسى غوجايىن ئۇيقۇغا چۆ-
شىدۇ، ئۇ چاغدا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئامال قىلىپ ئوقۇغۇچىلار
سەيلە قىلىپ قايتقاندا، كىميوسى غوجايىنىنىڭمۇ كۆزى ئۇيقۇ-
غا بېرىشتىن بۇرۇن ئالسام بولغۇدەك! مۇشۇ ۋاقىت ئەڭ مۇۋا-
پىقكەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئاران تۈزگەن پىلانىم كۆپۈككە ئايلى-
نىدۇ. ھەي، بۇ ۋاقىتنى كۈتۈش نېمىدېگەن تەس، دېگەنلەرنى
ئويلىدىم.

— دۇرۇس، ئاسان ئەمەس.

— مەن ۋاقىتنى 10 ئەتراپىدا مۆلچەرلىدىم. شۇڭا 10 بول-
غۇچە بىرەر جايغا بېرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمىسەم بولمايتتى. ئۆيگە
بېرىپ كېلەي دېسەم، ھېرىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرىدىم. دوس-
تۇمنىڭ ئۆيىگە باراي دېسەم، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمىغاچ، بار-
غۇم كەلمىدى. ئامال يوق كوچا ئايلىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ئا-
دەتتىكى ئەھۋالدا ئىككى-ئۈچ سائەت دېگەن بىردەمدە ئۆتۈپ كې-
تەتتى. شۇ چاغدا، ئەييۇھەنناس! ۋاقىت ئالامەت ئاستا ئۆتتى. ھې-
لىقى گەپ نېمىتى «بىر كۈن بىر يىلدەك بىلىنىش» دېگەن
مۇشۇنى كۆرسەتسە كېرەك. مەن شۇ كۈنى بۇ سۆزنىڭ تېگىگە
ھەقىقىي يەتتىم، — دېدى كاننېزى مېتىنغا قاراپ قويغاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كۆتۈش ھەقىقەتەن تەس. مېنىڭچە لەمپىگە ئىسقىلىق تۇرغان ئىسكىرىپكىمۇ سىزنىڭ ئىبلىشىڭىزنى ساقلاپ تاقەت-سىزلىنىپ كەتكەندۇ - ھە؟ — دېدى مېتىمۇ.

— سىزنىڭ ھېكايىڭىز كىشىگە قەدىمكى كىشىلەر ھەق-قىدىكى خاتىرىلەرنى ئەسلىتىدىكەن، ھېسداشلىق قىلىدىغان يەردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم، ئامال بار تېزرەك سۆزلىسىڭىزچۇ؟— دېدى سىكاررزىي كانىيېزىنى ئالدىرىتىپ.

ئۇ سىكاررزىينىڭ ئالدىرىتىشلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي، سۆ-زىنى داۋام قىلدى.

— شۇنداق قىلىپ، پىيادە ھىياكى كوچىسىدىن ئۆتۈپ، يوۋارى كوچىسىدىن داكازاي كوچىسىغا چىقىپ، يامۇلنىڭ ئال-دىغا كەلگەندە قۇرۇپ قالغان سۆگەتنى ساناپ، دوختۇرخانا ئالدى-غا كەلگەندە دېرىزە ساناپ، بوياقخانا كۆۋرۈكىدە ئىككى تال تاما-كا چېكىپ، شۇنداق قارىسام......

— 10 بوپتىما؟

— ئەپسۇس، تېخى ۋاقىت توشماپتۇ. بوياقخانا كۆۋرۈكى-دىن دەريانى بويلاپ شەرققە كېتىۋاتسام، ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋا-زى ئاڭلاندى......

— كېچىدە قىرغاقتا تۇرۇپ ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپسىز، نېمىدېگەن كۆلكىلىك! سىز قاچقۇننىڭ رولىغا چىقتىڭىزما؟

— بىرەر ئەسكى ئىش قىلىپتىمەنما؟

— شۇنداق قىلىش نىيىتىدە ئوخشايسىز! — دېدى مېتى چاقچاق قىلىپ.

— ئىسكىرىپكا ئىبلىش ئەسكى ئىش ھېسابلانسا، مۇزىكا مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچى بولمامدۇ؟

— باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشمەي تاغدەك ياخشى ئىش قىلغان بىلەنمۇ جىنايەتچى ئاتىلىدىغان گەپ. شۇڭا دۇنيادا «جىنايەتچى» بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن تەس ئىش بولمىسا كېرەك. ئەيسامۇ شۇنداق دەۋردە ياشىغان بولسا، ئۇمۇ جىنايەتچى ئاتىلىدۇ. كاننېزى ئەپەندى، سىز ئەزىمەت بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئاشۇنداق جايدىن ئىسكىرىپكا سېتىۋالغان بولسىڭىز، سىزمۇ جنايەتچى ئاتىلىسىز!

— بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق، مەن يېڭىلگەن بولاي. ھە جىنايەتچى بولغانمۇ بولاي! جىنايەتچى بولسامغۇ ھېچ گەپ ئەمەستى، لېكىن شۇ سائەت 10 بولماي قاتتىق ئىچىم سىقىلدى.

— كوچىلارنىڭ ئىسمىنى بىر ئاتاپ چىقمامسىز! ۋاقىت يار بەرسە ئوتتەك قىزىق كۆز ئاپتىپى ھەققىدە توختالسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر ۋاقىت ئېشىپ قالسا ئەبنۇستىن ئۈچنى يېۋەتسىڭىزمۇ مەيلى! سىز قانچىغىچە سۆزلىسىڭىز مەن ئاڭلاۋېرىمەن، 10 غىچە سۆزلىسىڭىزمۇ مەيلى! — دېدى مېتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كاننېزى كۈلۈپ قويدى.

— دەيدىغان گەپنى سىز دەپ بولدىڭىز، ئەمدى مەن باشقىنى سۆزلەي. كەچ سائەت 10 بولغاندا كىميوسى غوجايىننىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئەتراپقا قارىسام، ئاۋات كوچىلاردىمۇ ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كىميوسى غوجايىننىڭ دۇكىنىنىڭ چوڭ ئىشىكى تاقاق بولۇپ، ياندىكى كىچىك ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى. كىچىك ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ خۇددى ئىت قوغلاۋاتقاندەك بىلىنىپ، سۇر بېسىپ كەتتى......

بۇ چاغدا غوجايىن ھېلىقى مەينەت كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ ھە، شۇنداق قىلىپ ئىسكىرىپكىنى ئالدىڭىزمۇ؟ــ دېدى.

ــ ئالاي دەپ قالدى، ــ دېدى سىكارزىپ جاۋابەن.

ــ تېخى ئالمىدىما؟ سۆزلەۋاتقىلى خېلى بولدىغۇ؟ــ دېدى غوجايىن جۆيلۈگەندەك.

غوجايىن سۆزىنى تۈگىتىپ، يەنە كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى.

ياگى يەنە تەپەككۇر قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئاق ۋە قارا ئۇرۇقلارنى كاتەكچىگە تىزىپ تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

ــ يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ «ئىسكىرىپكا ئالىمەن!» دېدىم. بۇ چاغدا مەشىنىڭ يېنىدا 3 ــ 4 بالا بىر كۈچۈككە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئالاقزەدە بولۇشۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ماڭا سەپسېلىپ كەتتى. مەن ئوڭ قولۇمنى چىقىرىپ، «ئىسكىرىپكا ئالماقچىدىم» دەپ توۋلىدىم. ئالدىدا ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بالا خۇشياقمىغاندەك «ھەي! تۇرۇڭلار، ئېسىقلىق تۇرغان ئىسكىرىپكىنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈڭلار» دېدى، مەن «قانچە پۇل؟» دەپ سورىسام ئۇ «بىرسى 5 يۈەن 5 مو! » دېدى.

ــ نەدىمۇ ئۇنداق ئەرزان ئىسكىرىپكا بولسۇن؟ بالىلار ئويناپدىغان ئويۇنچۇق ئەمەستۇ؟

ــ سورىسام ھەممىسى بىر باھادا دېدى. ئۇ يەنە «ئوبدان ياسالغان» دەيدۇ. ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ياسىلىپتىكەن. مەن سومكامدىن بەش يۈەننى چىقىرىپ بەردىم، شۇنداقلا تەييارلاپ قويغان چوڭ سومكامغا ئىسكىرىپكىنى سېلىپ كۆتۈرۈۋالدىم. بۇ چاغدا ئۇ بالا ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ھېلىمۇ يۈزۈمنى پەلتونىڭ دوپپىسى بىلەن توسۇۋالغاچ چىرايىمنى ئېنىق كۆرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ چىقىپ

كېتىشكە ئالدىرىدىم، سومكىنى پەلتونىڭ ئىچىگە تىقىشتۇ-
رۇپ، دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋاتسام، ئۇلار «كەلگەن قەدىمىڭىز-
گە رەھمەت» دەپ توۋلاشتى.
— دۇكاندىن چىقىپ قارىسام ھېلىمۇ ياخشى كوچىدا ئادەم
يوقكەن. 100 مېتىر مېڭىشىمغا ئۈچ ئادەم ئۇچرىدى، ئۇلار شې-
ئىر ئوقۇپ مېڭىۋاتاتتى. ئاۋازى شەھەرنى بىر ئالغانىدى. كۆڭ-
لۈمدە، ئەمدى چاتاق بولدى، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن كىم-
يوسى ئەپەندىنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ، غەربكە قايرىلىپ، كۆل-
نى بويلاپ يوكىچى كوچىسىغا كېلىپ، لىڭمۇ كەنتىدىن چى-
قىپ، خېلى كۆپ يول يۈرۈپ ئاخىر ماكانىمنى تاپتىم. ئۆيگە
كەلگەندە كېچە 2 دىن 10 ئۆتۈپتۇ......
— كېچىدە ئالامەت مېڭىپ قويۇپسىز، — دېدى سىكارزې
ھېسداشلىق قىلىپ.
— ئاخىر ئاپسىز، يا ئاللاھ! ئوغرىدەك قىلىقلارنى قىلىپ
يۈرۈپسىز، بىراق سودىڭىز ئاخىر پۈتۈپتۇ.
— ئاڭلىغۇدەك گەپنى ئەمدى سۆزلەيمەن. بايا دېگەنلىرىم-
نىڭ ھەممىسى مۇقەددىمىسى، خالاس.
— يەنە بارما؟ ئادەتتىكى ئادەم سىزگە ئۇچراپ قالسا، ھەر-
گىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
— بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلارنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇراي-
لى. ئەگەر مۇشۇنداقلا ئاخىرلاشتۇرسام، خۇددى بۇتنى ياساپ قو-
يۇپ، ئۇنىڭغا روھ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىش بولمامدۇ؟
مەن يەنە بىر ئاز سۆزلەي.
— سۆزلەمسىز - سۆزلىمەمسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئىش-
قىلىپ مېنىڭ ئاڭلىغۇم بار.
— قانداق؟ كۇسايا ئەپەندىم، سىزمۇ ئاڭلاپ باقامسىز؟ كان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىزى ئىسكىرىپكىنى ئاخىر ئاپتۇ.

— ئەمدى ئىسكىرىپكىنى سىتىۋېتەمدىكەن؟ ئۇنداق بولسا ئاڭلىمايلا قوياي.

مىياۋ! غوجايىنىنىڭ بۇ سۆزى سەل قوپال بولۇپ قالدى، ئۆزىگە سەل ياراشمىدى.

— ساتىدىغان يەرگە كەلمىدى تېخى.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ئاڭلىغۇچىلىكى يوقكەن.

— ئاھ، تەڭرىم، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغاندىن سىزلا بار ئوخشايسىز، سىكارزىپ ئەپەندىم. كۆڭلۈم بىرئاز يېرىم بولدى. شۇڭا تېزرەك سۆزلەپ توگىتەي.

— نېمىگە ئالدىراپ سۆزلەيسىز؟ ئالدىرىماي سۆزلەڭ، ناھايىتى قىزىقارلىقكەن.

— ئاران ئالغان ئىسكىرىپكىنى قويىدىغان يەر تاپالماي بېشىم قاتتى. ياتىقىمغا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا ئېسىپ قويسام، ئىشتىن چاتاق چىقمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— دۇرۇس. ئۇنداقتا ئۇنى بالىخانىغا قويۇپ قويدىڭىزما؟— دېدى سىكارزىپ بىپەرۋالىق بىلەن.

— نەدىمۇ بالىخانا بولسۇن؟ ئۇ دېگەن دېھقانىنىڭ ئۆيى.

— چاتاق بوپتۇ، ئۇنى نەگە قويۇپ قويدىڭىز؟

— تېپىپ بېقىڭە، زادى نەگە قويغاندىمەن؟

— ۋوي، ئۇنى مەن بىلمىدىم. ئېھتىمال يامغۇردىن دالدا قىلىدىغان تاختىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغانسىز؟

— تاپالمىدىڭىز.

— يوتقانغا يۆگەپ تام ئىشكاپقا سېلىپ قويدىڭىزمۇ يە؟

— خاتا.

سىكارزىي بىلەن كاننىيزى «ئىسكىرىپكا زادى نەگە تىقىپ قويۇلدى؟» دىگەن مەسىلە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا غوجايىن بىلەن مىتىمۇ نىمىلەرنىدۇ دىيىشىۋاتاتتى.

— مىتى ئەپەندىم، مۇنداق ئوقۇيسىز؟ — دىدى غوجايىن.

— قايسىنى؟

— ماۋۇ ئىككى قۇرنى.

— نىمە؟ Quid aliud est mulier nisi amiticica inimica بۇ لاتىنچە يىزىققۇ؟

— لاتىنچە يىزىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، قانداق ئوقۇيدۇ دەۋاتىمەن.

مىتى ئىشتىن چاتاق چىققانلىقىنى سىزىپ، گىپىدىن يىنىۋالدى - دە:

— لاتىنچىنى بىلىمەن دەۋاتامتىڭىز؟ — دىدى.

— بىلىمەن. ئوقۇشنى ئوقۇيالايمەن، لىكىن ماۋۇ نەچچە قۇردىكى خەتلەرنى قانداق ئوقۇشنى بىلەلمەي قالدىم.

— دەپ باقمامسىز! ماڭا ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈپ بىقىڭە؟

— «ماڭا چۈشەندۈرۈپ بىقىڭ؟» بۇ گەپ بەكلا قوپال گەپ بولدى، مىنى خىزمەتچى ئەسكەر چاغلاپ قالدىڭىزمۇ نىمە؟

— خىزمەتچى ئەسكەر بولسىڭىز نىمە بوپتۇ؟ قانداق ئو-قۇيدۇ؟

— هەي، لاتىنچە دىگەنلەرنى ئۇنتۇپ كىتىپتىمەن، يەنىلا كاننىيزى ئەپەندى بىر نىمە دىسۇن! ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى، ئەمدى «بىلەمدۇ - بىلمەمدۇ؟» دىگەن مۇھىم ئۆتكەلگە كەلگەنىدى. شۇنداققۇ؟ كاننىيزى ئەپەندىم، ئاخىرى قانداق بول-دى؟ — دىدى مىتى تۇيۇقسىزلا هاياجانلىنىپ.

مىتى ئەمدى غوجايىننى بىر ياقتا يالغۇز قويۇپ، ئىسكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىپكا ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاش قوشۇنغا قېتىلىپ كەتتى. بىلىملىك كاننېزى ئەپەندى ئىسكىرىپكىنى تىققان جايدنى ئاخىر ئېيتىپ بەردى.

— چىۋىق ساندۇققا تىقىپ قويدۇم. بۇ ساندۇقنى يۇرتۇمدىكى چاغدا ئانام سوۋغا قىلغانىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ساندۇق مومام ياتلىق بولغاندىكى قىز مېلى ئىكەن.

— بۇ بىر ئاسارئەتىقە ئىكەن، ئىسكىرىپكا بىلەن قەتئىي ماس كەلمەپتۇ. شۇنداقمۇ؟ كاننېزى ئەپەندىم!

— شۇنداق، ئازراق ماسلاشماپتۇ.

— بالىخانىغا قويغان بولسام ماسلىشامتى؟— دېدى كاننېزى سىكارزېنىڭ سۆزىگە ئۇدۇللاپ.

— ماس كەلمىگىنى بىلەن ئۇنىڭدا شېئىرىي پۇراق قويۇق ئىكەن، خاتىرجەم بولۇڭ! «غېرىپ باسقان كۆز كۆنىدە، ئىسكىرىپكا ياتار چىۋىق ساندۇقتا» قانداق؟ ئىككىلىرىگە ياريدىمۇ يا؟— دېدى مېتى.

— مېتى ئەپەندىم، بۇگۈن قاپىيەنى ئوبدان كەلتۈردىڭىز، — دېدى سىكارزىپ.

— بۇگۈنلا ئەمەس! ھەر كۈنى ئىچىم شېئىرىي تۇيغۇلار بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن ماسورا تاكىشى ئەپەندىمۇ ئىلگىرى مەن كەلتۈرگەن قاپىيەگە قايىل بولغان.

— مېتى ئەپەندىم، سىز ئىلگىرى ماسورا تاكىشى ئەپەندى بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇرامتىڭىز؟— دېدى سىكارزىپ ياسالمىلىق قىلىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا.

— ھە، باردى-كەلدى قىلىپ تۇرمىساقمۇ، سىمسىز تېلېگرامما ئارقىلىق ئەھۋاللىشىپ تۇراتتۇق.

مېتى ئەپەندىنىڭ ئالجوقا گەپلىرى سىكارزېنى بىزار

قىلدى بولغاي، ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. كاننىزى كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىسكىرىپكىنى تىقىپ قويغۇدەك جايمۇ چىقتى، ئەمدى مەسىلە ئۇنى قانداق قىلىپ سىرتقا چىقىرىش بولدى. ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇرۇن ئېچىپ كۆرۈش تەس ئىشمۇ ئەمەس. ئۇنىڭغا قاراپ قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنى بىرەر پەدىگە چالماي تىقىپ قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ چالسا ياكى تاراڭشىتىپ قويسا بايقىلىپ قالىدىغان گەپ. ياندىكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىنى چىتلاق تام ئايرىپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرەپتىكى قوشنام داشقال پارتىيەنىڭ ئاقساقىلى، نېمىدېگەن خەتەرلىك!

— شۇنداقكەن، پۇلنى ئاۋارە قىلىپ ئىسكىرىپكا ئالغاننىڭ نېمە پايدىسى؟— دېدى سىكارزى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ.

— دۇرۇس، ئەينى يىللى ئاۋاز چىقىرىپ قويۇش سەۋەبلىك، تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ھېلىقى ئەمەلدارمۇ زىيان تارتقان. ئوغرىلىقچە نەرسە يېسە بىلىنمىگەن بىلەن، ئوغرىلىقچە مۇزدىكا چالسا بىلىنىپ قالىدىغان گەپ، — دېدى مېتى.

— ئاۋاز چىقمىسا ياخشى، لېكىن چىقىپلا قالسا......— دېدى كاننىزى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئالدىرىماي سۆزلەڭ، نېمىنى ئاۋاز چىقمىسا دەيسىز...... بەزىدە ئاۋاز چىقارمىغان بىلەنمۇ يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى ئىشكاۋادىكى ئىبادەتخانىسىدا ئۆزىمىز ئوت يېقىپ ئولتۇراتتۇق، سۇزۇكى دەيدىغان ھاراققا ئامراق كىشى بار ئىدى، ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنى سېتىپ ھاراق ئېلىپ ئىچىپ، ئۆزىنى ئۆزى خۇش قىلاتتى. بىر كۈنى سۇزۇكى سەيلە قىلغىلى چىقىپ كەتسە، كۇسايا ئەپەندىم ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ ئاق ھارىقىنى ئىچىۋالغان......

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غوجايىن تۆيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:
— مەن قاچان سۆزۈكىنىڭ ئاق هارىقىنى ئوغرىلىقچە ئە-
چىپتىمەن؟ ئوغرىلىقچە هاراق ئىچكەن سىز ئىدىڭىزغۇ؟
— هە، مەن تېخى سىزنى كىتاب ئوقۇۋاتقان چېغى دەپتى-
مەن. ئاڭلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. سىززە، ئازراق تې-
رىكتۈرمىگۈچە هۇشىڭىزنى تاپمايسىز - دە. ها - ها - ها! دۇ-
رۇس، دەپ كەلسەم مەنمۇ ئىچكەن. بۇنى ئىنكار قىلمايمەن. لې-
كىن هاراقنى بايقىغان ئادەم سىز. ئىككىلىرى ئاڭلاپ تۇرۇش-
سىلا! كۇسايا ئەپەندىم ئەسلىي هاراق ئىچىشنى بىلمەيتتى. لې-
كىن باشقىلارنىڭ هارىقى بولغاچ، بولۇشىغا ئىچىپ يۈزلىرى
مايمۇننىڭ قوڭىدەك قىزىرىپ كەتكەن......
— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، لاتىنچىنى ئوقۇيالمىغان هالى-
ڭىزغا، يالغان - ياۋىداق گەپ قىلىشلىرىڭىزدىن ئۆرگىلەي.
— ها - ها - ها! ئاخىر سۆزۈكى ئەپەندى قايتىپ كېلىپ،
بوتۇلكىدىكى هاراقنىڭ يېرىملاشقانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم
بىرسى ئىچتى دەپ، ئەتراپقا قاراپ مۇشۇ غوجامنىڭ بىر بۇلۇڭدا
قىزىل توپىدىن ياسالغان هەيكەلدەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ......
ئۈچەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. غوجايىنمۇ كىتاب
ئوقۇغاچ كۈلۈپ قويدى. پەقەت ياگىلا شاهمات ئويناپ هارغان
چېغى، ئۇيقۇغا كەتكەندى.
— مەن ئاۋاز چىقارمىساممۇ بايقىلىپ قالغان. شۇ چاغلاردا
زاكو ئارىشاڭغا بارغاندا بىر ياشانغان كىشى بىلەن بىللە تۇر-
غان، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ توكيودىكى رەخت دۇكىنىدىن پىن-
سىيەگە چىققان غوجايىن ئىكەن. ئۇ يېپەك مال ساتقانمۇ ياكى
رەخت توپ تارقاتقانمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم نىمە؟ لېكىن بىر
ئىش بېشىمنى قاتۇردى. مەن ئارىشاڭغا بېرىپ ئۈچ كۈندىن كې-

يىغىن تاماكام تۈگەپ كەتتى. ھەممەيلەنگە مەلۇم، زاكو ئارىشاڭى تاغدا بولغاچ، ئۇ يەردە تاماقتىن باشقا نەرسە سېتىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە تاماكىنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىر پاجىئە. ئادەتتە تاماكىغا ئۇنچىۋالا خۇمار ئەمەستىم. قېرىشقاندەك ھېلىقى قېرى سومكىسىغا بىرمۇنچە كۆك تاماكا سېلىۋاپتۇ، ئۇ ھەر قېتىم بىرنى تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ كەتسە خۇددى ماڭا «چېكەمسىز؟» دەپ سورىغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئادەتتىكىدەك چەككەن بولسىغۇ چىدىغىلى بولاتتى، لېكىن ئۇ تاماكىنى پۈۋلەپ چەمبىرەك چىقىرىپ، بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا پۈۋلەپ، ھەتتا ياستۇقتا بېشىنى قويۇپ قۇرۇق خىيال سۈرگەچ تاماكىنى پۈۋلەپ، ماڭا ھېچ ئارام بەرمىدى؛ يەنە تېخى سېرىكچىدەك بۇرنىدىن نەپەس ئېلىپ، ئاغزىدىن ئىس چىقىرىپ پەقەتلا ھارمىدى. قىسقىسى، ئاغزىنى داملىتىپ كەتتى، — دېدى مېتى.

— نېمە؟ «ئاغزىنى داملىتىپ كەتتى» دېگىنىڭىز نېمە گەپ ئۆزى؟

— كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىيىم ۋە ئائىلە جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان دۇكاننى «كۆزنى قاماشتۇرىدۇ» دەپ قويىمىز، مانا ئەمدى مۇشۇنداق تاماكىنى داملاتقانلارنى «ئاغزىنى داملاتتى» دېسەك خاتالاشمايمىز.

— ھە، ئىچىڭىز سىقىلغان بولسا، بىرنى سوراپ چەكمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇنداق قىلمىدىم، مەن دېگەن ئوغۇل بالا ئەركەك تۇرسام.

— ھە، ئوغۇل بالا ئەركەك تاماكا سورىسا بولمامدىكەن؟

— بەلكىم بولمىدىغاندۇ، لېكىن مەن سورىمىدىم.

— ئۇنداقتا قانداق قىلدىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سورىمىدىم، ئەمما ئوغرىلىدىم.

— ۋاي ئالالاھ، قاراڭ، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭىزغا!

— قارىسام، ئۇ قېرى بوينىغا لوڭگىنى ئارتىپ يۇيۇنغىلى چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شەيتىنىم «چەكسەڭ ھازىر چەك!» دەپ جىم ئولتۇرغۇزمىدى، ھېچنېمىگە قارىماي چېكىشكە باشلىدىم. ئاھ، خۇماردىن تازا چىقتىم. ھايال ئۆتمەي قەغەز ئېكران «شارت» قىلىپ ئېچىلدى، قارىسام تاماكىنىڭ ئىگىسى كىرىپ كەلدى.

— ئۇ يۇيۇنغىلى بارماپتىمۇ؟

— ئەمدى يۇيۇناي دەپ تۇرسا، تۇيۇقسىز پۇل قاپچۇقىنى ئالماي چىققىنى يادىدىن كېچىپ، ئارقىسىغا يېنىپ كەپتۇ. كىممۇ ئۆزىنىڭ پۇل قاپچۇقىغا چېقىلىدۇ دەيسىز؟ بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەسمۇ؟— دېدى مېتى.

— تاماكا ئوغرىلىغان ھۇنىرىڭىزگە قارىغاندا، سىزنى بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك.

— ھا - ھا - ھا! ئۇ قېرىنىڭ كۆزى ئىتتىككەن، پۇل قاپچۇقىنىڭ گېپىنى قىلىشماي تۇرايلى. ئۇ قەغەز ئېكراننى ئېچىپ، تاماكا چەكمىگىلى ئىككى كۈن بولغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ پۇتۇن ئۆينى ئىسلاپ ئولتۇرغىنىغا قاراپ ھەممە ئىشنى بىلدى. كونىلار «ئەسكى ئىش تېز تارقىلىدۇ» دەيدۇ ئەمەسمۇ؟! ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدىغان بولدى.

— قېرى بىر نېمە دېدىما؟

— ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ئادەمكەن! ھېچنېمە دېمىدى. ئاق قەغەزگە ئورالغان تاماكىدىن 5 — 6 تالنى ماڭا سۇنۇپ «بۇ سۇپەتسىز تاماكىنى ياراتسىڭىز چېكىپ كۆرۈڭ» دېدى - دە، مۇنچىغا ماڭدى.

— مانا بۇ ئاتالمىش «ئىدودىكى قىزىقارلىق ئىش» ما؟

— كىم بىلسۇن؟ ئىدودىكى قىزىقارلىق ئىشمۇ ياكى يېـ. پەك مال دۇكىنىدىكى قىزىقارلىق ئىشمۇ؟ ئىشقىلىپ، شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۇ قېرى بىلەن چىقىشىپ قالدىم. قىسـ. قىغىنا ئىككى ھەپتە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

— ئىككى ھەپتە سىزنى تاماكا بىلەن تەمىنلىدىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق بولدى.

— ئىسكىرىپكىنىڭ گېپى توگىدىمۇ؟— دېدى غوجايىن كىتابنى ياپقاچ.

— ياق، قىزىق يېرىگە ئەمدى كېلىمىز تېخى. ھېكايىنىڭ نوچى يېرىگە كەلدۇق، ئاڭلاپ قويۇڭ، شۇنداقلا يېنىڭىزدىكى كىشىنى ئويغىتىۋېتىڭ، — دېدى كاننېزى.

— شاھمات ھەققىدە بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىڭىزلا ئۇخـ. لاۋاتقان بۇ ئەپەندى، ئىسمى نېمىتى؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى، ياگى ئەپەندى بىردەمدىلا سەگەكلىشىپ كېتىدۇ! ياگى ئەپەندىمۇ ئاڭـ. لاپ باقسۇن! قانداق دېدىم؟ ئۇخلاۋېرىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

— ياگى ئەپەندىم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ - تۇرۇڭ! ھېكايە قىزىپ كەتتى. تۇرۇڭ! باشقىلار ئۇنداق ئۇخلىسا سالامەتلىككە زىيانلىق دەۋاتىدۇ! ئايالىڭىزمۇ ئەنسىرەپ قالىدىكەن! — دەپ توۋلىدى مېتى.

ياگى «ھە!» دېگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆچكە ساقىلىـ. دىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، «ئەجەب ئۇيـ. قۇم كەلدى، ئۆزۈمنى ئاسماندىكى بۇلۇتتەك سېزىپ ئۇخلاۋاتاتـ. تىم!» دەپ قويدى.

— ئۇخلىغىنىڭىزغا ئىشەندۇق، ئەمدى تېزرەك ئورنىڭىزـ. دىن تۇرسىڭىز قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— تۇرسامۇ تۇراي! يېڭى گەپ بارمۇ؟

— ئەمدى ئىسكىرىپكىنى...... بايا سۆزلەپ نەگە كەلگەن، كۇسايا ئەپەندىم!

— مەنمۇ باش - ئايىغىنى بىلەلمەيلا قالدىم.

— مۇزىكا چالىدىغانغا ئاز قالدى، — دېدى سىكارزىپ.

— مۇزىكا چالاي دەپ قاپتۇ. بۇياققا كېلىڭ، ئاڭلاپ بېقىڭ! — دېدى مېتى ياگىغا.

— يەنە شۇ ئىسكىرىپكىنىڭ گېپىما، ئەجەب ئىچىم سىقىلدى! — دېدى ياگى.

— سىز دېگەن «مېلودىيەسىز مۇزىكا» چالىدىغان ئادەم، ئىچىڭىزنى سىقماي ئولتۇرۇڭ. ئېھتىمال كاننېزى ئىسكىرىپكىنى يېقىمسىز پەدىگە چالسا ئىچىڭىز تېخىمۇ سىقىلىپ كېتىشى مۇمكىن، —دېدى مېتى.

— شۇنداقمۇ؟ كاننېزى ئەپەندىم مۇزىكىنى قوشنىلارغا دەخلى قىلماي چېلىشنى بىلمەمسىز؟— دېدى ياگى.

— بىلمەيدىكەنمەن، ئەگەر شۇنداق چېلىش ئۇسۇلىنى بىلسىڭىز ئۆگىنىپ قويغايسىز، — دېدى كاننېزى ئۇنىڭغا.

— ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوق! يولدا ئاق كالىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، ھەممىنى چۈشىنىسىز، —دېدى ياگى چۈشىنىكسىز گەپ قىلىپ.

كاننېزى ياگىنى ئۇيقۇدىن ئويغانماي جۆيلۈۋاتقان چېغى دەپ، ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق تۇتمىدى - دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئوبدان ئامال تاپتىڭىز...... ئەتىسى «كۆن ئۆزرىش» بايرىمى بولاتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدە بولدۇم. چىۋىق ساندۇقنى بىر دەم ئېچىپ، بىر دەم يېپىپ، پاراكەندە بولۇپ چىقتىم. ئاخىر قاراڭغۇ چۈشتى. چىۋىق ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئېچىپ،

ئىسكىرىپكا ۋە كامالەكنى ئالدىم.

— ئاخىر جامالىنى كۆرۈپسىز، — دېدى سىكارزىپ.

— كەلسە - كەلمەس چالسىڭىز بولمايدۇ، خەتەرلىك جۇمۇ، — دېدى مېتى يەنە قوشۇق سېلىپ.

— مەن ئالدى بىلەن كامالەكنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئارقىدىن ھەممە يەرلىرىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ باقتىم......

— ئۇ سۇپەتسىز پىچاق ياسايدىغان پىچاقچىنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەستۇ؟ — دېدى مېتى مەسخىرە ئارىلاش.

— مەن ئۇنى روھىم دەپ بىلگەن چاغدا، خۇددى پالۋان قاراڭغۇدا پىچاق بىلىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن، كامالەكنى تۇتقان قولۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدۇ، — دېدى كانىنېزى.

— تالانت ئىگىسى - دە، سىز! — دېدى سىكارزىپ يەنە خۇشامەت قىلىپ.

— قىپقىزىل ساراڭكەنغۇ، — دېدى مېتى.

— ئىسكىرىپكىنى تېز چېلىڭ، — دېدى غوجايىن.

ياگى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھېلىمۇ شۈكرى، كامالەك ساقكەن. ئارقىدىن ئىسكىرىپكىنى ماي چىراغنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ئىچى - تېشىنى تولۇق تەكشۈردۈم. بۇنىڭغا بەش مىنۇتتەك ۋاقىت كەتتى. ئېسىڭلاردا بولسۇن! چىۋىق ساندۇقتىكى قارا چېكەتكە توختىماي كۆرۈلداۋاتىدۇ......

— ۋاي بىلدۇق، ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قاراپ ئولتۇرىمىز، سىز خاتىرجەم ئىسكىرىپكىنى چېلىۋېرىڭ.

— ئۇ چاغدا مەن تېخى ئىسكىرىپكىنى چالمىغان. ھېلىمۇ ياخشى ئىسكىرىپكا بۇزۇلماي ساق تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپ، دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم...... —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى كاننېزى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ نەگە بارىسىز؟— دەپ سورىدى مېتى.

— گەپ قىلماي بىردەم جىم ئولتۇرۇڭلار، توختىماي قوشۇق سالساڭلار، ھېكايىنى قانداق سۆزلەيمەن، — دېدى كاننېزى.

— ھوي، ئەپەندىلەر! ھەممىڭلار ئاغزىڭلارنى يۇمۇڭلار، — دېدى مېتى ۋارقىراپ.

— گەپ ئاڭلاۋاتقاندىن سىزلا بار، — دېدى كاننېزى.

— شۇنداقمۇ؟ كەچۈرۈڭ! قۇلىقىم سىزدە، قۇلىقىم سىزدە!

— ئىسكىرىپكىنى قولتۇقۇمغا قىسىپ، چىغ كەشنى سۆرەپ، ئالدىمغا نەچچە قەدەم ماڭدىم. ئاھ، ئالدىرىماي......

— ۋوي، ئاخىر بوسۇغا ئاتلاپسىز. ئۇ يەردە توك توختىغان ئوخشىمامدۇ؟— دېدى مېتى.

— ئۆيگە قايتىپ بارسىمۇ بەربىر يەيدىغانغا ئەبنۇس قېقى، پىرەنىكمۇ يوق، — دېدى غوجايىن.

— شۇم ئېغىزلىقىڭىزدىن بەكلا ئەپسۇسلاندىم. مەن ياخشىسى يەنىلا سىكارزېغىلا سۆزلەي...... شۇنداقمۇ سىكارزي! مەن ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىپ بولۇپ، يەنە كەينىمگە ياندىم. يۇرتۇمدىن ئايرىلىدىغاندا ئۈچ مو ئىككى پۇڭ خەجلەپ ئالغان قىزىل لۆڭگە بىلەن بېشىمنى ئوراپ، كىرىسىن چىراغنى ئۆچۈردۇم. سىزگە ئېيتسام، بۇ چاغدا كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. چىغ كەشىمنىڭ نەدىلىكىنىمۇ كۆرەلمىدىم، — دېدى كاننېزى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— سىز زادى قەيەرگە باراي دېگەن؟— دېدى غوجايىن.

— ھەي، ئالدىرىماي ئاڭلايسىز! چىغ كەشنى ئاران تې-

پىپ كىيىپ، سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسام، ئاسماندا يۇل-
تۇزلار جىمىرلاپ كېتىپتۇ، بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ قارىسام،
ئەينۇس دەرىخى يوپۇرماقلىرى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. بېشىمغا قى-
زىل لۆڭگىنى يۆگەپ، قولتۇقۇمغا ئىسكىرىپكىنى قىستۇ-
رۇپ، ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى تاغقا
ياماشتىم. بۇ چاغدا تاغدىكى ئىبادەتخانىدا چېلىنغان قوڭغۇراق
ئاۋازى بېشىمدىكى قىزىل لۆڭگىنى بويلاپ، قۇلاق پەردەمدىن
ئۆتۈپ مېڭەمگە چىقتى. تېپىپ بېقىڭە، بۇ قانچە بولغان چاغ؟—
دېدى كانىبىزى.

— مەن نەدىن بىلەي؟

— توققۇز بولغان چاغ. شۇنداق قىلىپ، كېچىدە ئۆزۈم يال-
غۇز 800 مېتىردىن ئارتۇق تاغ يولىنى ماڭدىم. ئەگەر ئادەتتىكى
چاغ بولسا، قورقۇپ هوشۇمدىن كېتەتتىم. لېكىن، بۇ چاغدا
كاللام قاتتىق سەگەكلىشىپ كەتتى، ئۆزۈممۇ هەيران قالدىم. ئۇ
چاغدا قورقۇش-قورقماسلىقنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم،
پۈتۈن ئەس-خىيالىم بىرلا ئىشتا، يەنى ئىسكىرىپكا چېلىشتا
ئىدى. ئىنسانلارنىڭ روهىي كۈچىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدى-
كەن. هالا شۇ كۈنگە كەلگۈچە، تېخى كېچىدە تاغقا يامىشىپ باق-
مىغانىدىم. تاشتا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسام، هەممە
يەرنى جىمجىتچىلىق بېسىپتۇ، بۇ چاغدا مېنى راستتىنلا قور-
قۇنچ باستى. ئەگەر بۇ خىل قورقۇنچتىن قۇتۇلالىسام، ئاندىن
سېھرىي كۈچكە تولۇپ كېتەتتىم. مەن 20 مىنۇتتەك هاڭۋىقىپ
ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۆزۈمنى خىرۇستال ئوردا ئىچىدە ئولتۇرغاندەك
هېس قىلدىم. تۇيۇقسىز پۈتۈن بەدىنىم، ياق! ئىچكى دۇنيايىم ۋە
روهىم ئىنتايىن سۈزۈكلىشىپ كەتتى. ئۆزۈم خىرۇستال سارايى-
دىمۇ؟ ياكى خىرۇستال ساراي قەلبىمدىمۇ بىلەلمەي قالدىم......

— سۆزلىگەنسىرى غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى مېتى ناھايىتى سوۇرلۇك ھالدا.

ياگى ناھايىتى تەسىرلەنگەندەك قىلىپ:

— قالتىس يېرىگە ئەمدى كەلدى! — دېدى.

— ئەگەر بۇ خىل روھىي ھالەت داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئىسكىرىپكىنى تاڭ ئاتقۇچە-مۇ چالالماي، تاشنىڭ ئۈستىدە ھاڭۋۇقىپ ئولتۇرىدىغان ئوخشاي-مەن، — دېدى كاننېزى.

— ئۇ يەردە تۇلكە بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى سىكارزىي.

— ئۇ چاغدا مەن شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالنى پەرق قى-لالماي، ھەتتا ئۆلۈك - تىرىكلىكىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. دەل شۇ چاغدا ئارقىدىكى كۆلچەكتىن «ئا!» دەپ چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى......

— ئاخىر ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ - دە.

— بۇ ئاۋاز ئەكس سادا چىقىرىپ، كۆچلۈك كۈز شامىلىدا ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا مەن ئويغانغاندەك بولدۇم.

مېتى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ رۇسلانغان قىياپەتتە:

— قالتىسكەنسىز، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى.

— مانا بۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن ھاياتلىققا ئېرى-شىش دەيمىز، — دېدى ياگى.

— ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپقا قارىسام، ئارقا تەرەپتىكى تاغ تىمتاس تۇرۇپتۇ، ھەتتا يامغۇرنىڭ تامچىلىغان ئاۋازىمۇ يوق. ئىچىمدە، بايىقى نېمە ئاۋازدۇر؟ دەپ ئويلىدىم. ئادەمنىڭ ئاۋازى-مىدۇ دېسەم بەكلا چىرقىراق؛ قۇشنىڭ ئاۋازىمىكىن دېسەم بەك-لا يۇقىرى؛ مايمۇننىڭ ئاۋازىمىكىن دېسەم بۇ ئەتراپتا مايمۇن يوق. زادى نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ كاللام قايمۇقۇپ، بۇنىڭ سىرىنى

يېشىش خىيالىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن كاللامغا خىلمۇخىل خىياللار كېلىۋالدى. بۇ چاغدا خۇددى بەدىنىمدىكى تەر تۆشۈك-چىلىرى ئېچىلىپ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنىدى، ئۇنىڭدىن چىققان غەيرەت، جاسارەت، دانالىق، سالماقلىق بارار جايىنى تاپالماي، بىر-بىرلەپ قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. «بۇنداق بولسا بولمايدۇ» دېدىم-دە، لۆڭگە بىلەن بېشىمنى ئو-راپ، ئىسكىرىپكىنى قولتۇقۇمغا قىسىپ، قىيا تاشتىن سەك-رەپ چۈشۈپ، ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ، تاغدىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ بېشىمنى چۆكۈرۈپ ئۇخلىدىم، سىكارزىي ئەپەندى، ئۇ ئىشلارنى هازىر ئويلىسامۇ بەدىنىمنى تىترەك باسىدۇ.

— كېيىنچۇ؟

— مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى!

— ئىسكىرىپكا چالمىدىڭىزما؟

— چالاي دېسەممۇ چالالمىدىم شۇ! «ئا!» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپسىز ئەمەسمۇ؟ شۇڭا چالالماسلىقىڭىز ئېنىق.

— بۇ هېكايىنى ئاڭلاپ زادىلا پۇخادىن چىقمىدىم.

— قانداقلا ئويلىماڭ، هەقىقىي ئەهۋال مۇشۇنداق! نېمە بول-دى، كۆپچىلىك؟—دېدى كاننېزى هەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋېتىپ.

— ها-ها-ها! خېلى يامانكەنسىز جۇمۇ؟ هېكايىنى تو-قۇشقا خېلى كۈچەپسىز، شۇنداقمۇ؟ خوش، هېكايىنى مۇشۇ يەرگىچە ئاڭلايلى! يېقىندىن بۇيان مەكتەپكە بېرىپ ئەينەك شارچە ياساۋاتامسىز؟—دەپ سورىدى مېتى.

— ياق، مەن يېقىندا يۇرتقا بېرىپ كەلدىم. شۇڭا، ئۇنى يا-ساشنى توختىتىپ قويدۇم. ئەينەك شارچە ياساشتىنمۇ زېرىك-تىم. راستىمنى ئېيتسام، مەن بۇ ئىشتىن قول ئۈزەيمىكىن دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئەمما شارچىنى ياسىمىسىڭىز دوكتور بولالمايسىز ئەمەسمۇ؟

ــ ھەي، بولالمىسام بولماسمەن، ــ دېدى كانىيزى پەرۋا-سىزلا.

ــ دوكتور بولۇش - بولماسلىقىڭىزغا كۆپچىلىك ناھايىتى قىزىقىدىكەن، ياخشىسى يەنىلا تىرىشىپ ئەينەك شارچە ياساڭ، ــ دېدى مېتى.

ــ كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت. كەچۈرۈڭ، دوكتور بولمىساممۇ ھېچقىسى يوق.

ــ نېمىشقا؟

ــ نېمىشقا دەمسىز؟ مەن ھازىر رەسمىي ئۆيلىنىپ بولدۇم.

ــ ھە! يامانكەنسىزغۇ! قاچانلاردىن بېرى مەخپىي ئۆيلىنىۋالدىڭىز؟ بۇنداق ئىشنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ! كۇسايا ئەپەندىم، ئاڭلىغانسىز، كانىيزى خوتۇن ئالدىم دەيدۇ، ــ دېدى مېتى.

ــ تېخى بالام يوق! توي قىلغىلى بىر ئاي بولماي تۇرۇپ بالىلىق بولساق چاتاق چىقىدۇ.

ــ قاچان، قەيەردە توي قىلدىڭىز؟ ــ دېدى غوجايىن خۇددى سوتچىلاردەك.

ــ قاچان دېدىڭىزما؟ بۇ قېتىم يۇرتقا بارغاندا توي قىلدىم، ئۇ ماڭا ياتلىق بولۇشنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. بۈگۈن كۇسايا ئەپەندىگە ئەكەلگەن قۇرۇتۇلغان بېلىقنىمۇ تويدا دوستلىرىم سوۋغا قىلغان.

ــ ئۈچ تال بېلىق سوۋغا قىلدىما؟ نېمە دېگەن پىخسىق! ــ دېدى مېتى.

ــ نەدىكىنى، بىر پاتمان بېلىقنىڭ ئىچىدىن ئۈچ تالنى

ئەكەلدىم، — دېدى كانىيزى.

— ئۇنداقتا، يۇرتتىن ئەكەلگەن كېلىنچەكنىڭ تېرىسىمۇ قارىمۇ؟

— شۇنداق، قاپقارا، ماڭا بەكمۇ ماسلاشقان.

— ھېچ گەپ يوق، باشقىلارغا تەگسىمۇ ئوخشاش. يەنىلا شۇ ئەر - خوتۇن بولىدىغان گەپ، پەقەت ئىككى قارا بىر يەرگە كەپ- سىلەر شۇ! ئارتۇق گەپ قىلىپ قويدۇم، كىم بىلەن كىم بىر ياستۇققا باش قويسا مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

ياگى يەنە بۇ گەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزلا سوئال سورىدى:

— پايلاقچى ھەققىدە توختالساق، 20 - ئەسىردىكى كىشى- لەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يولنى تۇتقۇچىلاردۇر، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇ؟

— مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەچكە شۇنداقتۇ؟ — دېدى كانىيزى.

— سەنئەتتىن زوق ئېلىشنى بىلمىگەنلىكتىندۇر؟ — دې- دى سىكارزې.

— كىشىلەرنىڭ مەدەنىيلىك ئېڭىدا ئېغىش يۈز بېرىپ، كۇنجۇت كەمپۈتتەك يېپىشقاق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك، — دېدى مېتىمۇ.

گەپ غوجايىنغا كەلگەندە ئۇ مۇنداق تەھلىل قىلدى:

— باشقىلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار- نىڭ يانچۇقىنى كولىغانلار يانچۇقچى. باشقىلارنىڭ ئوي - خى- يالىنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغانلار پايلاقچى. كىشىلەرنىڭ ئۆ- يىگە كىرىپ بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلەر ئوغرى، باشقى- لارنى سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچ سىرىنى بىلىۋال- غانلار ئىشپىيون. پىچاق كۆتۈرۈپ باشقىلارنىڭ پۇلىنى بۇلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غانلار قاراقچى. كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىغانلار مۇتتەھەم. شۇڭا ئوغرى، يانچۇقچى، ئىشپىيون، قاراقچى ھەممىسى بىر گەپ، يەنى ئۇلار سىپسىق نامى ئەتراپنى بىر ئالغان كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىساق، ئۇلارنى يامان كۆندۈرۈپ قويىمىز، شۇڭا ئۇ-لارغا قەتئىي بويسۇنماسلىقىمىز كېرەك. ئىلگىرى مەن بۇ مە-سىلە ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرغان، كۆزىتىشىمچە، ھازىرقى كىشىلەردە پايلاقچىلىق ئىدىيەسى كۈچلۈك. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىـ-نى سوراش ئىدىيەسىنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان. مەن دې-مەكچى بولغان ئۆزىنى سوراش ئىدىيەسى ھەرگىزمۇ ياگى ئەپەن-دى تىلغا ئالغان «چېنىقىپ بۇدساتۋالىق مۇقامىغا يېتىش»، «كائىنات بىلەن بىر گەۋدىلىشىش» دېگەندەكلەرنى كۆرسەتمەيدۇ......

— بارغانسېرى مۇجمەللىشىپ كەتتى. كۇسايا ئەپەندىم، سىزمۇ دەبدەبىلىك نەزەرىيەلەرنى ساتقىلى تۇردىڭىز، مەنمۇ زا-مانىۋى مەدەنىيەتكە بولغان نارازىلىقىمنى ئىپادىلىدىم، ئالامەت نەزەرىيەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى مانا! — دېدى مېتى.

— تەلىم ئالاي دەيمەنغۇ شۇ! پىكرىڭىز بولسا دېۋېتىڭ، — دېدى غوجايىن.

— بار، ناھايىتى كۆپ. سىلەرگە ساقچى جىنىدەك كۆرۈنسە، ئەمدىلىكتە پايلاقچىنى ئوغرى، قاراقچىغا ئوخشاتساڭلار بۇ بەكلا زىددىيەتلىك گەپ بولمامدۇ؟ لېكىن، مەن باشتىن-ئاخىر ئۆز نۇقتىئىنەزىرىمدە چىڭ تۇرىمەن.

— ساقچى دېگەن ساقچى. پايلاقچى دېگەن پايلاقچى؛بۇرۇن دېگەن بۇرۇن، ھازىر دېگەن ھازىر. بۇرۇن بىر خىل، ھازىر يەنە بىر خىل دەپ ئولتۇرمايمەن، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئە-



www.uyghurkitap.com



گىشىپ، نۇقتىئىنەزىرىمىمۇ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىم ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. نۇقتىئىنەزىرىمنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى، تەرەققىياتنى قوللىمايمەن، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. كۆڭزى: «ئاقىللار بىلەن دۆتلەرنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. ئېھتىمال، سىز ئۇ كۆرسەتكەن «دۆتلەر»نىڭ خىلى ئوخشايسىز، — دېدى غوجايىن.

— قالتىسقۇ! پايلاقچىلارغا بۇنداق باھا بەرسە دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغاندەك ھېس قىلىدىكەن كىشى.

— مەن پايلاقچىما؟

— سىز پايلاقچى ئەمەس، شۇڭا باشقىلار سىزگە ئامراقلىق قىلىدۇ دېمەكچىمەن. گەپنى ئاز قىلايلى! قېنى ھېلىقى نەزەردىن يەرىڭىزنىڭ داۋامىنى سۆزلەڭ!

— ھازىرقى ئاتالمىش ئۆزىنى سوراش ئېڭى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش، ئۆزلىرىگە كەلتۈرىدىغان پايدا - مەنپەئەتكە زىيادە كىرىشىپ قېلىش ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزىنى سوراش ئېڭى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى سەزگۈر تېمىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاخىرقى ھېساباتا، كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىمۇ تەبىئىيلىكتىن يىراقلاشماقتا. غەرب تەلىماتچىسى ھېنرى دېگەن كىشى سىتىدۋېننى تەنقىد قىلىپ: «ئۇ ئەينەك ئېسىقلىق ئۆيدىن ئۆتكەندە، ئەينەككە بىر قارىۋالمىسا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدۇ، ئۇ مانا مۇشۇنداق بىردەممۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئادەم» دېگەن. بۇ سۆزدىن ھازىرقى دەۋر يۈزلىنىشىنى كۆرەلەيمىز. ئۇخلىغاندىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇمىسا، ئويغىنىپمۇ ئۇنتۇمىسا، بۇ يەردىكى «مەن» ئۆزىنى ئاشكارىلاپلا يۈرگەچكە جاھاندىكى ئىشلار ئادەمنىڭ كۆڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىنى غەش قىلىدۇ. بۇ خۇددى ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ بىر - بىرىگە دىققەت قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۇستىبېشىغا قارىشىغا ئوخشايدۇ. ھازىر «بىغەم ۋە ئەركىن»، «بىمالال» دېگەندەك سۆزلەر باشقىچە ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتىمۇ يوقكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى كىشىلەر پايلاقچىغا، ئوغرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان چېغى. پايلاقچىلار كىشىلەرگە كۆز - قۇلاق بولۇش ئارقىلىق، ئۆزىگە خۇشاللىق ئىزدەش بىلەن ئاۋارە، شۇڭا ئۇلار ئۆزلۈك قارىشىنى كۆچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؛ ئوغرىغا كەلسەك، ئۇلار توختىماي قولغا ئېلىنىدۇ ياكى بايقىلىپ قالىدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزلۈك قارىشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىر كىشىلەر ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ پايدا - مەنپەئەتنىلا ئويلايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ پايلاقچى، ئوغرىلارغا ئوخشاش ئۆزلۈكى ھەققىدە باش قاتۇرىدىغانغا چولىسى يوق. ئۇلار كۈنبويى «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشاپ، بىردەممۇ ئارام تاپمايدۇ. مانا بۇ ھازىرقى زامان كىشىلىرى، مانا بۇ مەدەنىيلىك ئوتتۇرىغا چىقارغان قارغىش! بۇنى دۆتلۈكتە تەڭدىشى يوق دېيىشكە بولىدۇ.

— ناھايىتى قىزىقارلىق چۈشەندۈردىڭىز، — دېدى ياگى، ئۇ بۇنداق گەپلەر بولۇنغاندا ھەرگىزمۇ ئارقىدا قالمايدۇ - دە.

— كۈسايا ئەپەندى ئۆزلۈك ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچە بەردى. قەدىمدە ئۆزلۈكنى ئۇنتۇغانلار ھۆرمەتلىنەتتى، ئەمدى بولسا كىشىلەرنى ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇماسلىققا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ئەتىگەندىن كەچكىچە «مەن» دەپلا ياشىسا، جاھاننىڭ ئىشلىرى قانداقمۇ ئادىل بولىدۇ؟ ئۇنداق ياشاش «دوزاخ» تا ياشىغان بىلەن ئوخشاش. ئەگەر «جاھاندىكى ئېسىل دورا نېمە؟» دەپ سورىسىڭىز، مەن «ئۆزىنى ئۇن-

تۇش» تىن ئارتۇق ئۇنۇملۇك دورا بولمىسا كېرەك، دەيمەن. مانا
ئەمدى باشقىلارغا قىزغىن بولۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلامۇ
چىقىۋاتىدۇ. ھەتتا ئەنگلىيەدە بەزىلەر ئۆزىنى «مۆتىۋەر» ئاتى-
ماقتا، ئۆزىنى سوراشنى كۈچەيتىش زۆرۈر.

— مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، — دېدى غوجايىن
گەپ قىستۇرۇپ، — يەنە شۇ ئەنگلىيەدە چوڭ ھەربىي لاگېر
بولغانىكەن، لاگېردىكى ئەمەلدارلار بىر قېتىملىق زىياپەتكە
قول ئاستىدىكى بىر ئوفىتسېرنى تەكلىپ قىپتۇ. زىياپەت ئا-
خىرلاشقاندا، ئۇلار ئەينەك بوتۇلكىغا قاچىلانغان قول يۇيۇش
سۇيى كەلتۇرۇلۇپتۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر بۇنداق زىياپەتكە قات-
نىشىپ باقمىغاچ، ئەينەك بوتۇلكىدىكى سۇنى پاك-پاكىز ئى-
چىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھەربىي ئەمەلدار ئۇنىڭغا سالامەتلىك تى-
لەپتۇ-دە، ئۇمۇ بوتۇلكىدىكى سۇنى ئىچىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن
بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان باشقا ئەمەلدارلارمۇ بوتۇلكىنى قولىغا
ئېلىپ ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەپ، سۇنى ئىچىۋېتىپتۇ.

— يەنە مۇنداق بىر يۇمۇرمۇ بار، — دېدى گەپكە ئامراق مې-
تى گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ئەنگلىيەلىك يازغۇچى كالىېر تازا
قائىدە بىلىپ كەتمەيدىغان ئادەم ئىكەن، ئۇ ئەنگلىيە پادىشاھى
بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە «ئىجازەتمۇ؟!» دەپ قويۇپلا ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئايال پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر
كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئادەتتىكىدەك كۇلمەپتۇ، ئۆزلىرىنى
باسالماي قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئايال پادىشاھ
كەينىدە تۇرغانلارغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىپتۇ، شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشۇپتۇ، كالىېرنىڭمۇ يۇزى چۈشمەپ-
تۇ. جاھاندا مۇنداق مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشمۇ بار ئىكەن.

— كالىېرلا بولىدىكەن، باشقىلار قوۋۇشتۇرۇپ تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمەيدۇ، — دېدى كانىنېزى.

— غەمخورلۇق قىلغۇچىلار ئۆزىنى سورايدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر، —دېدى ياگى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن ئۆزىنى سوراشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارمۇ چارچايدۇ، نېمىدېگەن بىچارە! كىشىلەر مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاقە سۇسلىشىپ ماڭىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا يۈزلىنىش. ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلەنسە، قانداقمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ؟ كىشىلەر پەرۋاسىز، خاتىرجەم كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇ خۇددى چېلىشىدىغانلار سەھنىدە بىر - بىرى بىلەن پومىلاقلىشىپ، مىدىرلىيالماي قالغاندەكلا ئىش. ئۇلار خاتىرجەم كۆرۈنسىمۇ، ئىككى تەرەپ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.

گەپ قىلىش نۆۋىتى مېتىغا كەلدى:

— سوقۇشۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىلگىرى سوقۇشىدىغانلار زورلۇق ئىشلىتىپ، قارشى تەرەپنى يىقىتاتتى، قىلچە ياسالمىلىق قىلمايتتى؛ كېيىنچە ناھايىتى ماھارەتلىك چېلىشىدىغان بولۇپ كەتتى، بۇ ئېھتىمال ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىش بولۇشى مۇمكىن. پىنگىن مۇنداق دېگەن: «تەبىئەتكە بويسۇنغاندا، تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.» ھازىرقى كۈرەش دەل پىنگىننىڭ تەلىمىگە بويسۇنغانلىقتىن نەتىجىلىك بولماقتا، بۇ سەل غەلىتە ئىشكەن، خۇددى دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننى ئۇجۇقتۇرغاندەكلا......

— يەنە تېخى سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، توك چىقارغاندەك. سۇ كۈچىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقاندەك...... — دېدى كانىنېزى. كانىنېزىنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇ-

رۇپلا ياگى سۆزلەشكە باشلىدى:
— كىشىلەر كەمبەغەل چاغدا غورىگىللىكىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، باي بولغاندا بايلىقىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، غەم - قايغۇغا مۇپتۇلا بولغاندا ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. خۇشال بولغاندا خۇشاللىقا بەنت بولۇپ كېتىدۇ. تالانت ئىگىلىرى ئۆز تالانتى تۇپەيلىدىن ئۆلىدۇ، دانالار ئۆز دانالىقىدىن مەغلۇپ بولى-دۇ. مانا كۇسايادەك ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەملەر ئۆزىنى تۇ-تۇۋالالمىسا، تېخىمۇ بەك غەزەپلىنىپ كېتىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئاسانلا دۈشمىنىنىڭ قىلتىقىغا چۈشىدۇ......

— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق! — دېدى مېتى چاۋاك بىلەن ئۇنى قوللاپ. غوجايىن:

— مەن ئاسانلا باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا قالغان چاغلى-رىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، — دېۋىدى، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈ-لۈشۈپ كەتتى.

— ئەمىسە كانىدا غوجايىندەك كىشىلەر نېمە سەۋەبلىك ئۆلەر؟ — دېدى مېتى.

— غوجايىن ئۆز گۇناھى سەۋەبلىك ئۆلەر، ئۇنىڭ غالچىلى-رى پايلاقچىلىقتىن ئۆلەر، — دېدى ياگى.

— ئۇنىڭ قىزىچۇ؟

— ئۇنىڭ قىزىنى مەن كۆرمىگەن، بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەل-مەيمەن، ئېھتىمال، كېيىمگە تويماسلىقتىن، يەپ - ئىچىشتىن ئۆلەر! ياكى مەززىسىز تۇرمۇش ئۇنى ئۆلتۈرەر، ئىشقىلىپ مۇ-ھەببەت سەۋەبلىك ئۆلمەيدۇ. يامان تەرىپىنى ئويلىساق قەلەندەر-دەك كوچىدا ئۆلەر.

— نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، — دېدى سىكارزىي ئۇنىڭ سۆزىگە نارازى بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— شۇڭا، ئۆيى بولمىسىمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولغانغا يەتمەيدۇ. ئادەم مۇشۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسا، ھەرگىزمۇ بۇنچە ئازاب چېكىپ كەتمەيدۇ، — دېدى ياگى.

— ئۇنچە كۆرەڭلىمەڭ! سىز دەكلا ئېھتىمال ئېلىكترون ئاستىدا ئىككى پۈتى ئاسمانغا بولۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن، — دېدى مېتى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

— ئومۇمەن، مەدەنىيەت مۇشۇ يۈزلىنىش بويىچە تەرەققىي قىلىدىكەن، مەن بۇ جېنىمدىن تويدۇم، — دېدى غوجايىن.

— جاندىن تويغان بولسىڭىز ئۆلۈڭ، قەتئىي تۆزۈت قىلماڭ، — دېدى مېتى.

— ئەمما مەن ئۆلۈشنى ئەمەس، ياشاشنى خالايمەن، — دېدى غوجايىن.

ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان مەسىلىلەردە تېخىمۇ جاھىللىق قىلاتتى.

بۇ چاغدا مېتى سوغۇق گەپتىن بىرنى قىلدى:

— ئىنسان تۇغۇلغاندا كۆپ ئويلانمايلا دۇنياغا كۆز ئاچىدىكەن، لېكىن ئۆلىدىغان چاغدا كۆپ ئازابلىنىدىكەن. «قەرز ئالغاندا ھەشقاللا دەپ، قەرز قايتۇرۇشتا ئەستاغپۇرۇلا» دېگەندەكلا ئىش - تە.

— قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغان ئادەم بەختلىك ئادەمدۇر، ئوخشاشلا، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغانلارمۇ بەختلىك كىشىلەردۇر، — دېدى ياگى.

— شۇنداق بولغاندا، «يۈزى قېلىنلىق يېرىم دۆلەت» دېگەن توغرىكەن - دە! — دېدى مېتى.

— شۇنداق.

— دېمەك، سىز دەل مۇشۇنداقلاردىن؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئۇنداقلار ئۆلۈمنى ئازاب دەپ بىلگۈچىلەردۇر، بۇ ئاتالمىش ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقارغان «نېرۋىسى ئاجىز» لىق كېسىلىدىن كېيىنكى ئىشلار.

— دۇرۇس، سىزگە قانداقلا قارىماي، «نېرۋىسى ئاجىز» لىق كېسىلىگە گىرىپتار بولاي دەپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتىسىز.

مېتى بىلەن كاننېزىنىڭ ئاغزى پەقەتلا بېسىقمىدى، توختىماي چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا غوجايىن كاننېزى بىلەن سىكارزېنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدە قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىۋاتاتتى.

— قانداق قىلغاندا قەرزنى قايتۇرماي ئارام تاپقىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ بىرىنچى سوئال.

— قەرز ئالغانىكەن چوقۇم قايتۇرۇش كېرەك، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

— ھوي، بۇ دېگەن مۇنازىرە، ۋارقىراش كەتمەيدۇ، ئاڭلاڭ! قەرزنى قايتۇرماي ئارام تاپقانغا ئوخشاش، قانداق قىلغاندا ئۆلمىگىلى بولىدۇ؟ بۇمۇ بىر مەسىلە، ياق، ھازىر مەسىلىگە ئايلاندى. كىمىياگەرلىك دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن، ھەرقانداق كىمىياگەرلىك مەغلۇپ بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئىنسان ئاخىرى ئۆلىدۇ. بۇ ھەممەيلەنگە مەلۇم.

— كىمىياگەرلىك پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنمۇ بۇ نۇقتا ئېنىق ئىدى.

— ھوي، مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا قوشۇق سالماي، گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭ. ئۆلمەكتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى بىر سوئال پەيدا بولىدۇ.

— ھە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھامان ئۆلىدىكەنمىز، قانداق ئۆلگەن ياخشى؟ مانا بۇ ئىككىنچى سوئال. «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش كۇلۇبى» مانا مۇشۇ ئىككىنچى سوئال بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.

— ھا ـ ھا ـ ھا! بۇ خېلى قىزىقارلىق گەپكەن.

— ئۆلۈم ئازابلىق بولىدۇ. ئەمما ئۆلمەسلىك ئۆلۈشتىنمۇ ئازابلىق. نېرۋىسى ئاجىز كىشىلەر ھايات يۈرگىنى بىلەن ئۇلار ـ نىڭ كۆڭلى ئۆلگەندىنمۇ بەتتەر، ئۇلار ھاياتىدىن ئايرىلالماي ئازاب چېكىدۇ. ئۇلار ئۆلۈمدىن ئۇنچە قورقۇپ كەتمەيدۇ، لېكىن قانداق ئۆلۈش ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. پەقەت ئادەتتىكى كىشىلەر تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشايدۇ، ئاخىر جەمئىيەت ئۇلارنى رەھىمـ سىزلەرچە يۇتۇۋېتىدۇ. ئەمما، ئازراق خاسلىقى بار كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ زەربىسىگە قاراپ تۇرماي، قانداق ئۆلۈش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، تۈرلۈك تاكتىكىلارنى ئويلاپ تاپىدۇ. شۇڭا دۇنيا ـ نىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۆلۈۋالىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى مۇقەررەر، ئۆلۈۋالغۇچىلار ئالاھىدە ئۇسۇللانى قوللىنىپ يۈرـ مەيمۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا! ئەمدى گەپ قىزىپ كېتىدىغان بولدى.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ھېنرى ئاجىن جونىس يازغان سېنارىيەدە، ئۆلۈۋېلىشنى تەرغىب قىلىدىغان بىر پەيلاسوپ بار......

— ئۇ ئۆلۈۋالامدۇ؟

— ناھايىتى ئەپسۇس، ئۇ ئۆلۈۋالمايدۇ. لېكىن، يەنە مىڭ يىلدىن كېيىن كۆپچىلىك چوقۇم ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلىنى تاللايـ دۇ. ئون مىڭ يىلدىن كېيىن ئۆلۈم ھەققىدە گەپ بولسا، كىشىـ لەر ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا ئۆلۈش يولىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

— ياۋاش بولايلى! شۇنداقمۇ قىلامدىغان! ئىشقىلىپ، مەن ئۆلۈۋالمايمەن.

— چوقۇم شۇنداق ئويلايدۇ. ھەممە ئادەم شۇنداق ئويلايدۇ! شۇنداق بولغاندا، بىز ئۆلۈۋېلىش ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىمىز، ئۆلۈۋېلىشمۇ بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

— قالتىس! ۋاقتى كەلگەندە «بۇلۇت سارىيى» دىكى نەزەرىيەچى ئوقۇتقۇچىلار «كۆپچىلىك، جامائەت ئەخلاقى دەيدىغان ياۋايى ئىستىلغا رىئايە قىلماڭلار. سىلەر دۇنيا ياشلىرى! شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆلۈۋېلىشنى بۇرچ دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىڭلار. ئۆلۈۋېلىشنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىڭلار، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشمۇ يامان ئىش ئەمەس. كۆز ئالدىمىزدىكى كەمبەغەل كۇسايا ئەپەندىنىڭمۇ جاپادا ياشاۋاتقىنىنى كۆپچىلىك كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى پاتراق ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇڭلار، مانا بۇ سىلەرنىڭ بۇرچۇڭلار. بۇرۇنقىدىن پەرقلىق بولغىنى، ھازىر تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن دەۋردە ياشاۋاتىمىز، شۇڭا ھەرگىزمۇ ئاي پالتىنى پۇلاڭشىتىپ چېپىش ياكى ئوقيا ئېتىشتەك قەبىھ ئۇسۇللارنى قوللانماي، بەلكى يۇقىرى تېخنىكىلىق قىيناش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرۈڭلار، شۇنداق بولغاندا ئۆلگۈچىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، كۆپچىلىكمۇ شەرەپكە مۇيەسسەر بولىسىلەر» دەپ دەرس سۆزلىشى مۇمكىن......

— بەك تەسىرلىك سۆزلىدىڭىز، — دېدى كاننېزى ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ.

— تېخىمۇ تەسىرلىكلىرى بار تېخى. ھازىرقى زامانىنىڭ ساقچىلىرى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن كەلگۈسىدە چارلاش ساقچىلىرى توقماقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ......

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن؟ ھازىرقى كىشىلەر ھاياتىنى قەدىرلەيدۇ، شۇڭا ساقچىلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قوغدايدۇ، لېكىن ئۇ چاغقا بارغاندا يۇقىرىلار ئازابلىق ياشىغاچقا، ساقچىلار ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى خۇشاللىق بىلىپ، ئاشۇنداق ئۆلتۈرۈشنى تاللايدۇ. ئەلۋەتتە ھەرىكىتى چاققانلار ئۆزلىرى ئۆلۈۋېلىشقا ئۈلگۈرىدۇ، لېكىن ساقچىلار قول سېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلار ئاساسلىقى ئەزمە، ئۆلۈمدىن قورقىدىغان، ئۆلۈۋېلىش ئىقتىدارى تۆۋەن ئاق نانچى ئەخلەتلەردۇر. قىزغىنلىق بىلەن ئۆلۈۋېلىشنى تاللىغانلار ئىشىكلىرىگە قەغەز چاپلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا «مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئۆلۈۋالدىم» دەپ يېزىلىدۇ، ساقچىلار چارلاش جەريانىدا بۇ خەتلەرگە كۆزى چۈشسە، دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. جەسەتنىمۇ چارلاش ئاپتوموبىلىغا سېلىپ يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىشقىلىپ، شۇ چاغدا غەلىتە ئىشلار ئاۋۇپ كېتىدۇ......

— ئەپەندىم، قىزىق گەپنى خېلى قىلدىڭىز، گېپىڭىز ھېچ تۈگىيدىغاندەك ئەمەسقۇ! — دېدى سىكارزىي ھاياجان بىلەن.

ياگى ئۈچكە ساقىلىنى سىلاپ، قىلغان گەپلىرىنى ئالدىرىماي تەھلىل قىلدى:

— گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلگىڭىز كەلگەن بولسا كۈلۈۋېرىڭ. بۇنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئېيتىلغان سۆز دەپ قارىسىڭىزمۇ مەيلى. ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىمەن دەيدىكەنمىز، كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋالنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلماي بولمايدۇ، كۆپۈكتەك خىياللارنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغانلارمۇ

بار؛ سەل ياخشى سۆزلەيدىغانلارنى دەرھال كۆلكە ئوبيېكتى قى-
لىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.
— «ئادەتتىكى كىشىلەر قەھرىمانلارنىڭ ئۆيىنى بىلمەيدۇ» دېمەكچىمۇ سىز؟ — دېدى كانىنېزى تۇيۇقسىز ھۆرمەت بىلەن.
— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق. ئىلگىرى ئىسپانىيەدە كىرىل دوبا دەيدىغان بىر يەر بار ئىكەن...... — دېدى ياگى بېشىنى لىڭشىتىپ.
— ئۇ جاي ھازىرمۇ بارمۇ؟
— ئېھتىمال باردۇ. ئۇ جايدا مۇنداق بىر ئادەت بار ئىكەن، ئىبادەتخانىدا كېچىدە قوڭغۇراق چېلىنغان ھامان، ئائىلىلار ئۆي-ئۆيلەردىن چىقىپ، كۆلچەككە چۈشۈپ يۇيىنىدىكەن......
— قىشتىمۇ يۇيۇنامدىكەن؟
— ئۇنى تازا ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن. ئىشقىلىپ، قېرى-ياش دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، ھەممىسى كۆلچەكتە يۇيۇنىدىكەن. لېكىن ئەرلەرنىڭ كۆلچەككە چۈشۈشى چەكلەنگەنىكەن. ئۇلار پەقەت يىراقتىن قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار يىراقتا تۇرۇپ، تېرىسى ئاپئاق ئايالالارنىڭ سۇدا ئۈزۈپ يۈرگىنىنى غۇۋا كۆرەلەيدى-كەن......
يالىڭاچ بەدەن توغرىسىدا گەپ چىقىۋىدى، سىكارزى ئول-تۇرالماي قالدى-دە، گەپ چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ:
— نېمىدېگەن شېئىرىي تۇسكە ئىگە. بۇ مەزمۇنلاردىن پاي-دىلىنىپ، شېئىر يازسا بولىدىكەن! ئۇ زادى قانداق جاي؟ — دەپ سورىدى.
— كىرىل دوبا! ئۇ يەردىكى يىگىتلەر ئايالالار بىلەن بىللە سۇغا چۈشەلمەيدىكەن، يىگىتلەر ئايالالارنىڭ بەدىنىنى ئېنىق كۆرەلمەي، ھەسرەت چېكىپ، ئاخىر قالايمىقانچىلىق پەيدا بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قالايمىقانچىلىق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مېتى خۇش بولۇپ كەتتى.

ــ قانداق قالايمىقانچىلىق بوپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ ئىبادەتخانا قوڭغۇراق چېلىش ۋاقتىنى بىر سائەت ئالدىغا سۈرۈپتۇ. ئاياللار قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، قىرغاقتا يىغىلىپ، قىسقا مايكا بىلەن كالتە ئىشتاننى كىيىۋېلىپ، سۇغا ئۈزلىرىنى ئېتىپتۇ، ئەمما بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغىنى تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەنىكەن.

ــ ئايالالر كۆۋرۈكتە تۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، خىجىل بولۇپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

ــ بۇ؟

ــ بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىنسان بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ.

ــ ھا - ھا - ھا! بۇ ئوبدان تەلىم بولدى، ناھايىتى ئورۇنلۇق. «بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرگە قىزىقىپ قېلىش» ھەققىدىكى ھېكايىدىن سىزمۇ بىرەرنى سۆزلەپ باقامسىز؟ يېقىندا مەلۇم بىر ژۇرنالدا بىر ماقالە كۆردۈم، تېمىسى «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى» ئىكەن، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ئالدامچىنى يېزىپتۇ. مەسىلەن، مەن مۇشۇ يەردە بىر ھۆسنخەت، ئاسارئەتىقە ساتىدىغان دۇكان ئاچتىم، دەپ تۇراي. دۇكاندا داڭلىقلارنىڭ ھۆسنخەتلىرى، بەزى يادىكارلىقلار تىزىلغان. ئەلۋەتتە ساختا نەرسە يوق، ھەممىسى ھەقىقىي مال. ھەقىقىي مال بولغانىكەن ئەلۋەتتە يۇقىرى باھادا سېتىلىدۇ - دە. بىر خېرىدار قىزىقىپ «كورامىنىڭ بۇ رەسىمى قانچە پۇل؟» دەپ سورىدى. مەن «باھا -

سى 600 يۈەن!» دېدىم. خېرىدار «ئېلىشنىڭىز ئالسام بولاتتى، لېكىن يېنىمغا ئۇنچە كۆپ پۇل سالماپتىمەن، بەكمۇ ئەپسۇس- لىنارلىق ئىش بولدى، ئەڭ ياخشىسى كېتىپ قالاي» دېدى. غو- جايىن:

—ئۇ راستتىنلا شۇنداق دېدىمۇ؟— دەپ سوراپ قويدى.

مېتى بىلمەسكە سېلىۋالدى.

— شۇنداق! بۇ دېگەن ھېكايە، مەن نېمە دېسەم شۇنى ئاڭ- لاڭ. شۇ چاغدا «پۇل دېگەن نېمىتى؟ ياقتۇرغان بولسىڭىز ئې- لىپ كېتىڭ!» دېدىم. ئەمما خېرىدار «ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «ئۇنداقتا پۇلنى ئايغا بۆلۈپ بېرىڭ! بۇندىن كېيىن سىز مېنىڭ دائىم- لىق خېرىدارىم بولۇپ قالىسىز، ھەرگىز تۇزۇت قىلماڭ. ئايدا 10 يۈەندىن بەرسىڭىز قانداق؟ ئەگەر مۇۋاپىق كۆرمىسىڭىز 5 يۈەندىن بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدىم. خېرىدار بىلەن ئىككى- ئۈچ سائەت مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نەتىجىسى شۇ بولدى- كى 600 يۈەنلىك ھېلىقى رەسىمنى ئۇنىڭغا سېتىپ بەردىم، ئۇ ئايدا 10 يۈەندىن بېرىدىغان بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ مۇنداق ياخشى ئىشمۇ باركەن- ھە!

— شۇنداقمۇ؟ پايدا ئالدىم دەپ قالدىڭىزمۇ؟ ھېچقانچە قىي- نالمايلا قەدىمكى رەسىمدىن بىرگە ئېرىشىپسىز، ئايدا 10 يۈەنلا تاپشۇرىدىكەنسىز، سىزگە ھېچقانچە ئېغىر توختىماپتۇ! ئەمە- لىيەتتە، ئۇستىلىق بىلەن ئالداپسىز. 600 يۈەننى ئايدا 10 يۈەن- دىن قايتۇرغاندا ھېسابلاپ كۆرىڭە؟ قانچە يىلدا تۆلەپ بولالايدۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭە كاننېزى!— دېدى مېتى.

— ئەللىۋەتتە بەش يىل كېتىدۇ- دە.

— ئەللىۋەتتە بەش يىل. لېكىن سىزنىڭچە بەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىل ئۇزاقمۇ ـ قىسقىمۇ؟

— ئۇزاق دېسىڭىز ئۇزاق، قىسقا دېسىڭىز قىسقا.

— چۈشەنمەي تۇرۇپ دەۋېرىدىكەنسىز! يەنىلا مەن چۈشەندۈرەي، بەش يىل جەريانىدا ھەر ئايدا 10 يۈەن تاپشۇرسىڭىز جەمئىي 60 ئاي تاپشۇرغان بولىسىز. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە قورقۇنچلۇقى بىر ئادەت مەسىلىسى. ئوخشاش بىر ئىشنى ھەر ئايدا قىلىۋەرسە 60 قېتىم تاپشۇرۇپ بولۇپ، ئېھتىمال 61 ـ قېتىم يەنە ئاۋۋالقىدەكلا تاپشۇرۇۋېرىشىڭىز مۇمكىن، 62 ـ قېتىممۇ يەنە تاپشۇرۇشنى ئويلايسىز، ئادەم ئەقىللىك كۆرۈنگىنى بىلەن ئاجىز تەرەپلىرىمۇ كۆپ، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىشنى ئۇنتۇماق قىيىن.

— ھا ـ ھا ـ ھا! شۇنداقمۇ! ئادەم ئۇنچىۋالا ئۇنتۇغاقمۇ ئەمەستۇ؟

كاننېزى كۈلۈپ قويدى، غوجايىن ناھايىتى سۇرلۇك قىياپەتتە:

— ھەي، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەن ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشقا يولۇققان. ئالىي مەكتەپتىكى قەرزىمنى ئايغا بۆلۈپ ئەۋەتىۋېرىپتىمەن، كېيىن قارشى تەرەپ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ قايتۇرۇپ بولغانلىقىمنى ھېس قىلغان، — دېدى.

— قارىمامسىلەر، كۆز ئالدىمىزدىلا مۇشۇنداق ھادىۋاقتى ئادەم بار ئىكەن. دېمەك، بۇ سۆز توغرا ئوخشايدۇ! بابا مەن ئېيتقان «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى»دىكى مەزمۇنلارنى چاقچاق دەپ بىلىپ، كۈلگەنلەرمۇ بولدى، 60 قېتىمغا بۆلۈپ تاپشۇرىمەن دېگۈچىلەر زىيان تارتتىغۇ مانا. بولۇپمۇ كاننېزى سىز دىققەت قىلىڭ. سىكارزې سىزدىمۇ تەجرىبە كەمچىل،

شۇڭا بۇ سۆزنى يادىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ. ئالدىنىپ يۈرمەڭ.
— يادىمدا ساقلىۋالدىم. ئايغا بۆلۈپ تاپشۇرغاندا 60 قېتىمدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەككەن، — دېدى كاننېزى.
— ۋوي، كاننېزى ئەپەندى، بۇ گېپىڭىز ماڭا چاقچاقتەكلا بىلىندى، لېكىن كىشىنى يەنىلا ئويغا سالىدىكەن!
— كاننېزى ئەپەندىم، سىز بىزگە دېمەيلا توي قىلىۋاپسىز، شۇڭا تېزدىن گۇناھىڭىزنى يۇيۇڭ! — دېدى مېتى كاننىزىغا قاراپ.
— نېمە دەيدىغانسىز؟ سىلەرگە دېمەي توي قىلغىنىم ئۆچۈن گۇناھىمنى يۇيامدىم؟ — دېدى كاننېزى.
— ئەگەر ساقچى سىزنى گۇناھىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورا دېسە قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دېدى ياگى.
— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېمەيمەن، — دېدى كاننېزى.
— ئەگەر ۋەزىر ياكى ئاقسۆڭەكلەر بۇيرۇق قىلسا قانداق قىلىسىز؟
— چۈشەنمىدىم، مېنىڭ توي قىلىشىم بىلەن ۋەزىرنىڭ نېمە ئىشى؟
— قاراڭلار، بۇرۇنقى ئادەملەر بىلەن ھازىرقىلارنىڭ پەرقى نېمىدېگەن چوڭ! ئىلگىرى ياموُلنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇنداق ئىشقا يولۇقسا خالىغان سەنەمگە دەسسەيتتى، مانا ئەمدى ھەتتا پادىشاھمۇ خالىغىنىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە مەيلى سىز پادىشاھ ياكى گېنېرال بولۇڭ، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكەلمەيسىز. تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەندۇرسەم، ھازىر ئەزگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقى قانچە چوڭ بولغانسېرى، ئېزىلگۈچىلەر شۇنچە ئازابلىنىپ، گېزى كەلسە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇرۇنقى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ! مېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەپەندى تىلغا ئالغان «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى» نى كۆلكىلىك ھېس قىلغان بولسىڭىز، ئېھتىمال شۇنداقتۇ؟ لېكىن ئۇنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلماي بولمايدۇ! — دېدى ياگى ئۇھ تارتىپ.

— مۇشۇنداق سىرداش دوست بار يەردە «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى» دېگەن ماقالىنى سۆزلىمەي بولماس. لېكىن «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى» دە، بايا تىلغا ئالغاندەك كىچىك ئىشلار سۆزلىنىپلا قالماي، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارمۇ سۆزلەنگەن، — دېدى مېتى.

— قانداق چوڭ ئىشلاركەن ئۇ؟ — دېدى كانىنېزى قىزىقىپ.

— ئالدى بىلەن كەلگۈسىنىڭ تەرەققىيات يۆلىنىشىنى پەرەز قىلىپ باقاي، جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، كەلگۈسىدە توي قىلىش دېگەن ئۇقۇم يوقىلىدۇ. كۆپچىلىك ئالاقزەدە بولماڭلار! دېمەكچى بولغىنىم، توي قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، ھازىر خاسلىق تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئائىلە باشلىقى ئائىلىدىكىلەرگە، ۋىلايەت باشلىقى ۋىلايەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ چاغدا كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتى يوق دېيەرلىك ئىدى، لېكىن ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ھەممەيلەن خاسلىققا ئىنتىلىدۇ، ئىككى ئادەم يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، بىر - بىرىگە قايىل بولماي تىللىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خاسلىق تەرەققىي قىلىپ، مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى.

— لېكىن «خاسلىققا ئىنتىلىش كۈچەيدى» دېگەنبىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كەيپىياتتىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش بار. باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشقا قەتئىي يول قويماس-

لىق، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا خاسلىقنى ساقلىسا كۈچلىنىدى-غاندەك بىلىنىدىكەن، لېكىن ئۆزىمۇ باشقىلارغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندە خاسلىق كۈچىدىن قالغاندەك تەسىر بېرىدى-كەن. بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ بىر تال مويۇمغا چېقىلىشىغا يول قويمايمەن دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ يېرىم مويىغا بولسىمۇ چېقىلسام، دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. كىشى-لەر ھەقىقەتەن بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق بول-غاندا كىشىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇق يوقاپ، ياشاش قىيىنلى-شىپ كېتىدۇ. ئاخىر ھەددىدىن ئاشقانلار ۋەيران بولۇپ، ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تېپىپ چىققان بىرىنچى ئامالى چوڭ-لار بىلەن ياشلار ئايرىم ياشاش تۈزۈمى بولدى. ياۋروپا ياپونىيەگە قارىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار بولغاچ، بۇ تۈزۈمنى دەسلەپ يولغا قويغان. بالىسى دادىسىدىن پۇل ئارىيەت ئالسىمۇ، ئۆسۈ-منى قوشۇپ بېرىدىكەن، يات ئادەمدەك ئۆيگە ئىجارە تۆلەيدىكەن. بۇ دادىنىڭ بالىسىنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلغىنى، مۇشۇن-داق ياخشى ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان يەردە، ياپونىيەلىكلەر-مۇ ھامان بىر كۈنى بۇ خىل ياشاش ئۇسۇلىنى تاللايدۇ.

— ھالبۇكى ئاتا - بالا، قېرىنداشلار ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئەر - خوتۇنغا كېلىدۇ، ئەگەر ئۆتمۈش بولغان بولسا بۇ گەپلەرنى دېيىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا خاسلىق دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەن-دە، بۇ كونا گەپ ئەمدى ئاقمايدۇ. چۈنكى ئەر دېگەن ئەر، ئايال دې-گەن ئايال. خوتۇن بولغۇچى چاچنى غەربچە تاراپ، بوسۇغا ئاتلاپ كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ، لېكىن ئۇ ئەرگە يۈزدەيۈز بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئېرىگە يۈزدەيۈز بويسۇنغان ئايال ياخشى ئايال سانالمايدۇ. ئەقىللىك ئايالنىڭ خاسلىقى گەۋدىلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىرى بىلەن ئاسان چىقىشالمايدۇ. چىقىشالمىغانىكەن، سۇر-
كىلىش بولىدۇ. شۇڭا، ئەقىللىك ئاياللار ئەتىگەندىن كەچكىچە
ئىرى بىلەن تەگىشىپ يۈرىدۇ. ئەقىللىك ئاياللارنى ئەيىبكە
بۇيرۇشقا بولمايدۇ؛ لېكىن ئەقىللىك ئايال ئالسا ئۆيدە جېدەل
قۇرۇماسلىقى ئېنىق. ئەر-خوتۇن دېگەن ئوت بىلەن سۇ، بىر-
بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكىلى بولماي-
دىغان تاغ بار.

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ئەر-خوتۇنلار ئاخىرقى ھې-
سابتا ئايرىلىپ كېتەمدۇ نېمە؟ ئادەمنى ئەنسىرەتمىگە! — دېدى
كاننېزى.

— ئايرىلىپ كېتىش كېرەك، چوقۇم شۇنداق قىلىش كې-
رەك. بۇرۇن بىر ياشتۇققا باش قويسا ئەر-خوتۇن ھېسابلىناتت-
تى؛ بۈندىن كېيىن بىر ياشتۇققا باش قويغانلارنىڭ ئەر-خوتۇن
بولۇش سالاھىتى يوق، — دېدى مېتى پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قارىغاندا، مەن سالاھىتى يوقلار قاتارىدىكەنمەن-دە، —
دېدى كاننېزىمۇ.

— مىجى يىللىرىدا ياشىغانلار بەختلىك كىشىلەركەن!
ماڭا ئوخشاش «كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت خاتىرىسى» دەپ كى-
تاب يېزىپ، كاللىسى دەۋرنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغانلار ئۆيلەنمەي
ياشىساقمۇ بولغۇدەك. بەزىلەر ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا «ئاي-
رىلىش ئازابى» دەپ يۈرىدىكەن، بۇ يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلار تاپ-
قان گەپ، نېمىدېگەن بىچارە! بۇ گەپنى قويۇپ «كەلگۈسىدىكى
مەدەنىيەت خاتىرىسى» ھەققىدە سۆزلەشنى داۋام قىلاي! — دېدى
مېتى.

— ئۇ چاغقا بارغاندا بىر پەيلاسوپتىن بىرى چىقىپ، ئۆزى
بايقىغان بىرىنچى ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. ئۇ چوقۇم، ئادەم دېگەن

خاسلىقتا ئىگە هايۋان. خاسلىقنى يوقىتىش دېگەنلىك ئىنسا-
نىيەتنى يوقاتقان بىلەن ئوخشاش. ئىنسان هاياتلىقىنىڭ ھەقى-
قىي مەنىگە ئىگە قىلىمەن دەيدىكەن، قانداق بەدەل تۆلەشتىن
قەتئىينەزەر چوقۇم خاسلىقىنى ساقلاش كېرەك. ئۇنداق ئىككى
تەرەپ رازى بولماي قىلغان توي ھەقىقەتەن تەبىئەتنىڭ قانۇنى-
يىتىگە زىت، ياۋايى ئادەت، دەپ جار سالىدۇ. مەدەنىيەت گۈللى-
رى پورەكلەپ ئېچىلغان بوگۈنكى كۈندە، ئوخشىمايدىغان ئىك-
كى خىل خاراكتېرلىك ئادەمنىڭ سەۋەبسىزلا بىر-بىرى بىلەن
يېقىن بولۇپ كېتىشى نورمالسىز ئەھۋال. سەۋەبى شۇنداق ئې-
نىق تۇرسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم تەربىيە كۆرمىگەن قىز-
يىگىتلەر بىر-بىرى بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۆز ئالدىغىلا توي
قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئەخلاققا خىلاپ. شۇڭا ئىنسانىي-
لىق ئۈچۈن، مەدەنىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ ياشلارنىڭ خاسلىقىنى
قوغداپ، بۇ خىل ياۋايى ئادەتنىڭ ئالدىنى ئالغىنىمىز تۈزۈك.
— ھە، مېنى دەۋاتامسىز؟— دېدى كانىيېزى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— مېتى ئەپەندىم، سىزنىڭ بۇ تەلىماتىڭىزغا مەن قەتئىي
قارشى! — دېدى سىكارزىي تىزىغا بىرنى قويۇپ، — دۇنيادا نېمە
ئەڭ قەدىرلىك؟ دۇنيا ئەلۋەتتە مۇھەببەت بىلەن گۈزەللىك. مۇ-
شۇ ئىككىسى مەۋجۇت بولغاچ، تۇرمۇشىمىز بەخت ئىچىدە خۇ-
شال ئۆتمەكتە. شۇڭا مەيلى قايسى دەۋردە، قايسى يەردە تۇغۇلاي-
لى، مۇھەببەت بىلەن گۈزەللىكنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.
ئىككىسى بۇ دۇنيادا پەيدا بولغاندىن باشلاپ، مۇھەببەت ئەر-خو-
تۇنلۇق مۇناسىۋەتكە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى، گۈزەللىك شېئىر ۋە
مۇزىكىلاردا نامايان بولدى. مەن ئويلايمەن، ئەگەر ئىنسانلار يەر
شارىدا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، مۇھەببەت ۋە سەنئەت يوقالمايدۇ.
— يوقىمىسا ئەلۋەتتە ياخشى. لېكىن پەيلاسوپلار ھەممى-

ـسى گۇمران بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ئۇمىد-
سىزلىنىشتىن باشقا چارە يوق. سەنئەت دېگەن نېمە؟ سەنئەت-
نىڭ تەقدىرىمۇ ئەر - خوتۇننىڭكى بىلەن ئوخشاش. خاسلىقنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك، خاسلىقنى ئەركىن قويۇپ بې-
رىش دېگەنلىكمۇ؟ سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتى
بارمۇ - يوق؟ تەرەققىي قىلغان سەنئەت، سەنئەتكار بىلەن سەن-
ئەتتىن ھۇزۇر ئالغۇچىلار ئورتاق بىر قاراشقا كەلگەنلىكىنىڭ
نەتىجىسىمۇ؟ سىز ھەرقانچە داڭلىق شائىر بولۇپ كەتسىڭىز-
مۇ، ئىجادىيەتتە كۆچىسىڭىز، سىزنىڭ شېئىرىڭىزنى بىرمۇ
ئادەم ياقتۇرمىسا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالماس! مۇھەب-
بەتكە ئائىت شېئىرلارنى يېزىپ كەتسىڭىزمۇ بەربىر، ئەگەر
مىجى يىللىرىدا تۇغۇلۇپ قالغان بولسىڭىز ھەممەيلەن شېئى-
رىڭىزنى ياقتۇرارمىتى؟ لېكىن......

— نەدىكىنى، ئۇنىڭغا يىراق تېخى.

— تېخى ئۇ سەۋىيەگە يېتەلمىگەن بولسىڭىز، كەلگۈسىدە
بىرەر پەيلاسوپ ئوتتۇرىغا چىقىپ «توي قىلماسلىق» نى تەشەب-
بۇس قىلسا، بۇنى ھېچكىمدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەممە ئا-
دەمنىڭ خاسلىقى شەكىللىنىپ بولغاچ، باشقىلارنىڭ ئىجادى-
يىتىگە قىزىقمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھازىر ئەنگلىيەدە مەۋجۇت.
سىز مېردىسنىڭ، جامۇسنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭ! ئۇ-
لار ئەسەرلىرىدە خاسلىقنى تەكىتلىگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ
ئوقۇرمەنلىرى كۆپ ئەمەس، ئۇنداق ئەسەرلەرنى بەلگىلىك خاس-
لىققا ئىگە ئادەم ئوقۇپ چۈشەنمىسە، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا
قىزىقمايدۇ. سەنئەتمۇ پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. مەن يازغاننى سىز
چۈشەنمىسىڭىز، سىز يازغاننى مەن چۈشەنمىسەم، ئەگەر شۇ
كۈنلەر كېلىپ قالسا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەنئەتتىن

ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟
— دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق. لېكىن مەن ئۇنى توغرا دەپ قارىمايمەن، — دېدى سىكاررزي.
— سىز ھېسسىياتىڭىزغا بېرىلىپ شۇنداق دەۋاتىسىز، ئەمما مەن ھېسسىياتقا بېرىلمىگەچكە شۇنداق دەپ قارايمەن، — دېدى مېتى.
— ھا - ھا - ھا! مېتى ئەپەندىم، سىز ئېھتىمال «ئەگ-ـرى ھېسسىيات» قا بېرىلىۋاتقانسىز، — دېدى ياگى ئېغىز ئې-ـچىپ، — ئومۇمەن، خاسلىقنى ئەركىن قوغداۋاتقان قويۇۋەتكەندە، كىشىلەر ئۆتتۈرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتى-ـدۇ، بۇ سۆز تامامەن توغرا. نىسپىي پەۋقۇلئاددە ئادەم پەلسەپەسىنى يارىتقاندا، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل جىددىيلىشىش تۈيغۇسىغا كەلگەن-ـلىكىنى ئىنكار قىلالماق بولمايدۇ. ئاڭلاشقا بۇ نىسپىيلىكنىڭ ئار-ـزۇسىدەك بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ھۆزۈرلاندىم دېگەندىن كۆرە، «بىچارە بولۇپ قالدىم» دېگەن توغرۇك. ئۇ ئالغا ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىدى-ـغان جەڭگىۋار سادا بولماستىن، بەلكى ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئاۋاز. شۇڭا، ئوخشاش بىر پەۋقۇلئاددە ئادەم ئوبرازىنىڭ كى-ـشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش ئەمەس. نىسپىي زامانىغا كەلگەندە، بۇنداق قىلالمىغان. بىرمۇ قەھرىمان ئۆتمىگەن، بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ئىشەنمىگەن.
— بىز ئەركىنلىككە تەلپۈندۇق ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشتۇق؛ ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە ئۆزىمىزنى ئەركىن ھېس قىلمى-ـدۇق. غەرب مەدەنىيىتى ئىپادىلەش جەھەتتە ئىلغار بولغىنى بى-ـلەن، ئىشەنچلىك ئەمەس. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، شەرقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئەزەلدىن روھىي جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشكە ئەھ-
مىيەت بېرىپ كەلگەن. يەنىلا مۇشۇنى توغرا دەپ قارايمەن.
خاسلىق تەرەققىي قىلىۋىدى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نېرۋىسى
ئاجىزلاپ كەتتى. بۇ خىل ھالەتنى تۈزەشمۇ قىيىنلاشتى. بۇ
چاغدا «تۈزىمەي بولماس» دەيدىغان گەپ چىقتى، ئەمما ھەممى-
سى كېچىكتى. خۇددى ھاراقتىكى زەھەرنى كۆرگىلى بولمى-
غاندەك. ئاھ! ھاراق ئىچمىسە نېمىدېگەن ياخشى.

— كۆپچىلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم، كۆپلىرىڭلار پەل-
سەپە بىلەن كېلىشەلمەيدىكەنسىلەر. لېكىن مەنمۇ غەلىتىرەك
ئادەمكەنمەن، ئەتىگەندىن بېرى نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدىم، لې-
كىن مەندە بىرئازمۇ تەسىر قوزغىمىدى، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟—
دېدى كانىنېزى.

— سىز ئۆيلەندىڭىز ئەمەسمۇ؟— دېدى مېتى ئۇنىڭغا چۈ-
شەندۈرۈپ.

— ئۆيلەنگەندىن كېيىن خوتۇننى ياخشى دېسەك خاتالاش-
قان بولىمىز. مەندە بىر كىتاب بار، ئۇنىڭدا مۇنداق جۈملىلەر
بار، ئاڭلاپ بېقىڭلار - ھە! — دېدى غوجايىن تۇيۇقسىزلا، ئۇ
شۇنداق دېدى - دە، كىتابخانىدىن ئېلىپ چىققان كونا كىتابنى
ۋاراقلاپ:

— بۇ بىر قەدىمكى كىتاب، لېكىن شۇ چاغلاردىن باشلاپلا
كىشىلەر ئاياللارنىڭ يامانلىقىنى تونۇپ يېتىپتىكەن.

— ئادەمنى ھەيران قالدۇردىڭىزغۇ! نېمە كىتابكەن ئۇ؟—
دېدى كانىنېزى.

— 16 - ئەسىردىكى داڭلىق يازغۇچى توماس ناسىنىڭ
كىتابىكەن.

— تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىلى تۇردىڭىزغۇ! شۇ چاغلاردى-

مۇ ئايالىنى تىللايدىغانلار بارمىكەن؟
— خىلمۇخىل مىجەزلىك ئايالالارنى ھاقارەتلەپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئايالىڭىزمۇ بار. شۇڭا داۋامىغا قۇلاق سېلىڭ.
— قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتىمەن!
— كىتابنىڭ بېشىدا قەدىمدىن تارتىپ دانىشمەنلەرنىڭ ئايالالار ھەققىدىكى بايانلىرى سۆزلىنىپتۇ. دىققەت، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟
— ئاڭلىمامدىغان؟ مەن بويتاق تۇرۇپمۇ ئاڭلاۋاتىمەن!
غوجايىن كىتابنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:
— ئارىستوتېل مۇنداق دېگەن: «قىزلار ئېسىل سوپەتلىك دەپ تەرىپلەنگەنىكەن، يېشى چوڭ قىزلارنى ئالغاندىن كۆرە، يېشى كىچىك قىزلارنى ئالغان تۈزۈك! چۈنكى، كىچىك ئاپەتنىڭ زەخمىسى چوڭ ئاپەتكە باققاندا ئازراق بولىدۇ.»
— كانىيىزى ئەپەندىم، سىز ئۆيلەنگەن قىزنىڭ يېشى چوڭمۇ ياكى كىچىكمۇ؟— دەپ سورىدى مېتى.
— چوڭ ئاپەت تىپىدىن!
— ھا - ھا - ھا! بۇ كىتاب قىزىقارلىقكەن - ھە، داۋامىنى ئوقۇڭ! — دېدى مېتى كۈلۈپ تۇرۇپ.
— بىرى دانىشمەندىن ئەڭ چوڭ مۆجىزە نېمە؟ دەپ سورىسا، دانىشمەن «ئىپپەتلىك ئايال» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— ئاتالمىش ئىپپەتلىك ئايال كىمنى كۆرسىتىدىكەن؟
— ئۇنى يازماپتۇ.
— ئېھتىمال ئايال كىشى ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋەتكەن دانىشمەن ئوخشايدۇ.
— ئۇنىڭ كەينىدىن ھاياسىزلار ئېقىمىدىن دىئوگېنىس

www.uyghurkitap.com

ئۆتتۈرىغا چىقىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن «قايسى ياشتا ئۆيلەنگەن ياخشى؟» دەپ سورىسا ئۇ «ياشلىقتا بالدۇر، قېرىغاندا كېچىككەن بولىسىز» دەپتۇ.

— پىتاگوروس مۇنداق دېگەن: «جاھاندا ئۈچ نەرسە قورقۇنچ-لۇق: بىرى ئوت، بىرى سۇ، يەنە بىرى ئايال.»

— گىرېتسىيەلىك پەيلاسوپلار ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدى-غان سۆزلەرنى قىپتۇ، مېنىڭچە جاھاندا ھېچ نەرسە قورقۇنچ-لۇق ئەمەس، ئوتقا كىرسە ئۆلمەي، سۇغا كىرسە چۆكمەي......

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ياگى بىردەم توختىۋالدى-دە، ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە گەپ تاپالماي قالدى.

— جەزبىدار ئاياللارنى كۆرگەندە ئازماي، — دەپ ياگىنىڭ گېپىنى تولۇقلىدى مېتى.

غوجايىن داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— سوقرات: «دۇنيادا ئايال كىشىنى باشقۇرۇشتەك مۇشكۇل ئىش يوق» دېگەن. دېموسىسى: «دۇشمەنگە يولۇققاندا ئۇنىڭغا ئايال كىشى ھەدىيە قىلىشتىن ئارتۇق دانالىق يوق، ئۇ خوتۇنغا دوم چۈشۈپ، ئۆيدىكى جېدەلنى ئايرىپ بولالماي ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ، سەن بىلەن قارشىلاشقۇدەك ماجالى قالمايدۇ» دېگەن. سېنىسا: «ئايال كىشى بىلەن نادانلىق دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئا-پەت» دېگەن. ماكاس: «ئايال كىشىنى باشقۇرۇش پاراخوت باشقۇ-رۇشتەك قىيىن» دېگەن. بېلوتا: «ئاياللار يىپەك كىيىملەرنى كىيىشكە ئامراق، ئۇلار چىرايلىق كىيىملەر ئارقىلىق سەتلى-كىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ» دېگەن. بارىللايس دوستىغا يازغان خېتىدە: «دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارنى مەخپىي قىلغىلى بولىدۇ، ئەييۇھەنناس، لېكىن ئايال كىشىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قې-لىشتىن تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!» دېگەن. ئۇ يەنە: «ئايال

كىشىنى نېمە دېسەم بولار؟ دوست تۇرۇپ دۈشمەنلىك قىلسا؟ ئا-زابلاردىن ساقلانغىلى بولمىسا؟ بۇ ئاپەت بولماي نېمە؟ بۇ ئازدۇ-رۇش بولماي نېمە؟ تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر بولماي نېمە؟ ئايال-لاردىن ۋاز كەچسە ئەخلاقتا بېرىپ تاقالسا، ئاياللاردىن ۋاز كەچ-مىسە باشقا بالا بولسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك!» دەپ يازغان.

— بولدى بەس! ئايالىمغا ھاقارەت قىلىدىغان گەپلەرنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، — دېدى كانىنېزى.

— يەنە 4 — 5 بەت قالدى، ئاڭلاپ باقامسىز يا؟— دېدى غوجايىن.

— ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئوقۇپ قويسىڭىز بولار، خانىمى-ڭىزنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى مېتى چاق-چاق قىلىپ.

بۇ چاغدا ئايال غوجايىننىڭ ئايال خىزمەتكارنى «كىيۇسى! كىيۇسى!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— چاتاق بولدى، خانىم ئۆيدە باركەن ئەمەسمۇ! — دېدى مېتى.

— ھا - ھا - ھا! ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ ئىشى؟— دېدى غوجايىن ھىجاراپ.

—يەڭگە! يەڭگە! قاچان قايتىپ كەلدىڭىز؟

مېھمانخانا ئۆي جىمجىت تۇراتتى. بۇ سوئال جاۋابسىز قالدى.

— خانىم، سىز توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالىنى ئاڭلىدى-ڭىزمۇ؟

بۇ سوئال يەنىلا جاۋابسىز قالدى.

— بايا ئوقۇلغان مەزمۇنلار يولدىشىڭىزنىڭ كۆز قاراش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرى ئەمەس، ئۇ بۇرۇنقىلار ئېيتقان سۆزلەركەن، سىز خاتىر-جەم بولۇڭ.

— مېنىڭ نېمە كارىم! — دېدى ئايال غوجايىن يىراقتا تۇرۇپلا جاۋاب بېرىپ.

مېتى ئۆزىنى توختىتىۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۆي ئىچى قالايمىقان تاشلانغان تاماكا قالدۇقلىرىغا توشۇپ كەتكەن بولۇپ، سەندەلدىكى چوغمۇ ئۆچۈپ قالغانىدى. ئۇلار تاغدىن - باغدىن گەپ قىلىشىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمدى زېرىكىشكە باشلىغانىدى. ياگى ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ:

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، مەن قايتاي، — دېدى.

باشقىلارمۇ بىر - بىرلەپ «مەنمۇ قايتاي» دەپ، تەڭلا ئىشىكتىن چىقتى. ئۇلار كېتىپ، ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا سوغۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

غوجايىن كەچلىك غىزادىن كېيىن كىتابخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خانىم ئۆچۈپ كەتكەن كېيىمنى ياماپ ئولتۇراتتى. باللار ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئايال خىزمەتكار يۇيۇنغىلى كىرىپ كەتتى.

كىشىلەر شەيئىلەرگە پەرۋاسىز قارايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قۇلاق سالسىڭىز، قەلبىدىن مىسكىن، قايغۇلۇق بىر سادا ئاڭلىنىدۇ. «ھەممىنى بىلىمەن» دېگەن ياگىمۇ يولدا نېمىلەرنىدۇر تەپەككۇر قىلىپ كېتىۋاتاتتى؛ مېتى كۆرەڭلىكىنى بىلەن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى گۈزەل مەنزىرە رەسىملەردەك ئەمەس ئىدى؛ كاننېزى ئەمدى ئەينەك شارچە ياسىماس بولدى، ئۇ يۇرتتىن ئۆيلەندى. ئۇ نورمال تۇرمۇشقا ئېرىشتى. لېكىن بۇ خىل نورمال تۇرمۇش ئۇزاق داۋام قىلسا، ئۇ-

مۇ زېرىكىشى مۇمكىن؛ سىكارزىي تاغدىن-باغدىن جۆيلۈپ يازغان يېڭى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلىرىنى يەنە 10 يىلدىن كېيىن، ئۆزى ئوقۇپ پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن.

مەن مۇشۇك بولۇپ تۆرەلگەن بولساممۇ، ئىنسانلار بىلەن ياشاۋاتقىنىمغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. دانالىقتا ماڭا يېتىدىغانلار يوق دەپ ئويلايمەن. ئىلگىرى ئۆتكەن كات مور دېگەن قېرىندىشىممۇ مەندەك دانا ئىكەن. بۇ ئىشقا بەكلا ھەيران قالدىم. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ 100 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئەمما ئۇ بىر دەملىك قىزىقىش سەۋەبلىك ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن، ئۇ مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن باقىي دۇنيادىن بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەنە بېلىقتىن بىرنى چىشلەپ، ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، يېرىم يولدا قورسىقى ئېچىپ سەۋر قىلالماي بېلىقنى يېۋېتىپتۇ. ئۇ ۋاپاسىز مۇشۇك ئىكەن! لېكىن، ئۇ ئىقتىدار جەھەتتە ئادەمدىن قېلىشمايدىكەن، ھەتتا شېئىرمۇ يازالايدىكەن. بىر ئەسىرنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق بىر قالتىس مۇشۇك ياشىغانىكەن. ئەسلىدە مەندەك كارغا كەلمەس مۇشۇك كىشىلىك دۇنيانى تاشلاپ، خىلۋەت بىر جايغا كېتىپ ياشىغان بولسام توغرا بولاركەن.

غوجايىن ئاشقازان كېسىلى سەۋەبلىك ھامان بىر كۈنى كۆز يۇمىدۇ. كۈز كىرىپ دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاساسەن چۈشۈپ بولدى. بارلىق جانلىقلار ھامان ئۆلىدۇ. بايىقى ئەپەندىلەر ئېيتقاندەك ئادەملەرنىڭ تەقدىرى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش» بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلسا مۇشۇكلەرمۇ ئەركىنلىك بولمىغان بۇ ئىنسانلار دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! كۆڭلۈمنىڭ پەقەتلا ئارامى يوق! مىياۋ...... يەنىلا ئاشخانىغا كىرىپ يەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـدىغان ـ ئىچىدىغان نەرسە ئىزدەپ باقاي......

ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم، كۆز شامىلى ئاشخانىنىڭ ئىشىـ ـكىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاشخانىغا كىـ ـرىۋالدىم. كىرسىن چىراغ قاچانلاردۇ ئۆچۈپ قالغانىدى. ھېلىـ ـمۇ ياخشى ئاي نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇراتتى. پەتنۇستا ئۈچ ئەينەك ئىستاكان قاتار تۇراتتى، ئىككى ئىستاكاندا يېرىم سېـ ـرىق سۇيۇقلۇق تۇراتتى، ئېھتىمال بۇ كىشىلەر ئىچىدىغان پىۋا بولسا كېرەك! ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغان گەپكەن، شۇـ ـڭا ھەرقانداق ئىشنى سىناپ كۆرگۈلۈك، بولمىسا ئۆلگەندىن كېيىن قەۋرىدە يېتىپ پۇشايمان قىلىدىغان گەپ. مەن ئىچىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم! غەيرەتكە كېلىپ تىلىمنى تەگكۈزۈپ بىرنەچچە قېتىم تېتىپ باقتىم. تىلىم يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ، قولۇشۇپ كەتتى. ئىنسانلار قانداق بولۇپ بۇنداق سېـ ـسىق نەرسىنى تەلۋىلەرچە ئىچىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. بۇنداق سېسىق نەرسە مۇشۇكنىڭ گېلىدىن ئۆتمىگۈدەك. بىراق يەنە ئويلاپ قالدىم، ئىنسانلار ھەمىشە «ئېسىل دورا ئاچچىق كېـ ـلىدۇ» دېيىشىدۇ. ھەر قېتىم سوغۇق تېگىپ قالغاندا ئۇلار قوـ ـشۇمىلىرىنى تۈرۈپ غەلىتە سۇيۇقلۇقلارنى ئىچىشىدۇ. مەنمۇ ئۇنى دورا دەپ ئىچەي! ئاخىر قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ يېرىم ئىستاكان پىۋىنى ئىچىۋەتتىم.

بۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى، باشتا تىلىم ئوتـ ـتا كۆيگەندەك بولۇپ كەتتى، ئاغزىم شۇنداق ئاغرىپ كەتتى. لېـ ـكىن ئىچكەنسېرى شۇنداق راھەت ھېس قىلدىم. بىرىنچى ئىسـ ـتاكاننى ئىچىپ بولۇپ، ئانچە بىئاراملىق ھېس قىلمىدىم. ھېچقىسى يوق! شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى ئىستاكانىنىمۇ ئىچىۋەتتىم.

ئۆزۈمنىڭ پىۋا ئىچكەندىن كېيىنكى ھالىتىمنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە جايىمدا مىدىر قىلماي ئولتۇردۇم. بىردىنلا قىزىشقا باشلىدىم، كۆزۈم، قۇلىقىم قىزىرىپ كەتتى. شۇنداق ناخشا ئېيتقۇم، ئۇسسۇل ئوينىغۇم كەلدى. خىيالىمدا، غوجايىن، مېتى، ياگىلارنى تىللاپ پوسكايىتىۋەتكۇم كەلدى. تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم، لېكىن دەلدەڭشىپ دۇرۇس ماڭالماي قالدىم، بۇ تازا قىزىق ئىش بولدى - دە! سىرتقا چىقىپ ئاينى تاماشا قىلاي!

مەستلىك دېگەن ئەسلىي مۇشۇنداق بولىدىكەن - دە! دەپ ئويلىدىم. بوشاپ كەتكەن پۇتلىرىمنى سۆرەشتۈرۈپ، نىشانسىز مېڭىشقا باشلىدىم. كۆرۈمنى ئاچاي دەپمۇ ئاچالمىدىم، كۆزۈم خۇددى قۇيرۇقۇمدەك ئېغىر بىلىنىپ كەتتى، ئۇخلاۋاتامدىم ياكى مېڭىۋاتامدىم ئاڭقىرالماي قالدىم. ئالدىمدا پىچاق بىسىدەك تاغ ياكى ئوت دېڭىزى بولسىمۇ پەرۋايىم پەلەك! بوشاپ كەتكەن پۇتلىرىمنى سۆرەپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. تۇيۇقسىز «پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى......

ئېسىمگە كەلسەم، سۇدا تۇرىمەن. تىرناقلىرىم بىلەن تاتىلاپ باقساممۇ، قولۇمغا سۇلا ئۇرۇلدى. بىر ئايلىنىپ يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتتىم. ئامالسىز ئارقا پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ، ئالدى پۇتلىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ ئۈزدۈم. ئاران بېشىمنى چىقىرىپ، ئەتراپقا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. مەن ئىدىشتىكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. سۇ ئىدىش گىرۋىكىدىن تۆت سۇڭ تۆۋەندە ئىدى، پۇتۇمنى ھەرقانچە ئۇزاتساممۇ ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە يەتمىدى. يۇقىرىغا ھەرقانچە سەكرىسەممۇ چىقالمىدىم. ھەرىكەت قىلمىسام سۇغا چۆكۈپ كېتىشىم ئېنىق، شۇڭا تىرىشىپ باقاي، ھەرقانچە پىلتىڭلىساممۇ، پۇتلىرىم ئىدىشقا تېگىپ ئاۋاز چىقاتتى - يۇ، لېكىن ھېچ ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى. پۇتۇم ئىدىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

گىرۋىكىگە تەگسە مەندە سۇدىن چىقالايدىغاندەك سىزىم پەيدا بولدى. ئەمما يەنىلا سىيرىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم، سۇدا دېمىم سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىدىشنىڭ گىرۋىكىگە ئېسىلىپ تاتىلاشقا باشلىدىم. بۇ چاغدا ھېرىپ زادىلا ھالىم قالمىدى. ئىچىم تىتىلداپ كەتتى، پۇتلىرىمدا پەقەتلا جان قالمىدى. سۇغا شۇڭغۇش ئۈچۈن ئىدىش يۈزىنى تاتىلاۋاتىمەنمۇ ياكى ئىدىش يۈزىنى تاتىلاش ئۈچۈن سۇغا شۇڭغۇۋاتىمەنمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.

بۇ چاغدا قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدىم، «ئىدىشتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئازاب تارتىۋاتىمەن، گەرچە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە تەشنا بولساممۇ، بۇ قىسقا پۇتلىرىم بىلەن يامىشىپ چىقالماسلىقىم ئېنىق. ئىدىش گىرۋىكىگە پۇتۇم يەتمەيۋاتسا، ھەرقانچە كۆچىگەنىنىڭ، تىت-تىت بولغانىنىڭ نېمە پايدىسى. 100 يىل جاننى تىكىپ تىركەشكەن بىلەنمۇ چىققىلى بولمىغۇدەك. چىقالماسلىقنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئورۇنسىز تىركىشىش بەكلا بىمەنىلىك، ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىش، ئۆزىنى ئۆزى ئازابلاش، ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

بولدىلا! نېمە قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق، ئەمدى ئىدىشقا يامىشىشنى توختىتاي! ئالدى پۇتلىرىم، ئارقا پۇتلىرىم، بېشىم، قۇيرۇقۇمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتىم، قايتا تىركەشمىدىم.

بەدىنىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، سۇدا لەيلەپ تۇرسا خۇددى بېلىقتا ئوخشاپ قالىدىكەن، بارا-بارا راھەت ھېس قىلدىم. بۇ ئازابمۇ ياكى خۇشاللىقمۇ ئاڭقىرالماي قالدىم، ئۆزۈمنىڭ سۇدا ياكى يەردە ئىكەنلىكىمنىمۇ پەرق ئېتەلمىدىم، نەدە بولسام بولمامدىم؟ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۆزۈمنى شۇنچى-

لىنىڭ راھەت ھېس قىلدىم، ياق، ھازىر بۇنىمۇ سېزەلمىدىم. مەن ئاجايىپ بىر تىنچ دۇنياغا كىردىم. مەن ئۆلۈپ كەتتىم، ئۆلۈپ خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم، خاتىرجەملىككە ئۆلمەي تۇرۇپ ئېرىشكىلى بولمايدىكەن.

تەڭرىگە رەھمەت! تەڭرىگە رەھمەت!



www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

我是猫：青少版：维吾尔文 / (日) 夏目漱石原著;雪堂改写；迪丽努尔•艾力译. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2016.1
(世界文学名著宝库)
ISBN 978-7-5373-3857-8

Ⅰ. ①我… Ⅱ. ①夏… ②雪… ③迪… Ⅲ. ①长篇小说—日本—近代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I313.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第020086号

编　　辑：**阿不都日衣木·肉斯台木**
责任编辑：**帕孜里江·木沙**
责任校对：**坎拜古丽·吾斯曼**

世界文学名著宝库

**我是猫** (青少年版)

| | |
|---|---|
| 原　著 | 【日】夏日漱石 |
| 改　写 | 雪堂 |
| 译　者 | 迪丽努尔·艾力 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998_2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 喀什维吾尔文出版社彩印厂 |
| 开　本 | 880 × 1230 毫米 1/32 |
| 印　张 | 11.375 |
| 版　次 | 2017年5月第1版 |
| 印　次 | 2017年5月第1次印刷 |
| 定　价 | 29.00元 |